# ئۇيغۇر تىلى گىراماتىكىسى

# ئېچىل داستىخان

تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەر ئۈچۈن تەكرار يېتەكچىسى

ئۇيغۇر تىلى ئۇنىۋېرسال بىلىملىرىنى ئەڭ تېز، ئەڭ ئۈنۈملۈك
ئۇسۇلدا ئۆگىنىشتىكى ئىلغار تەجرىبىلەرنىڭ نامايەندىسى!



شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى

شىنجاڭ خەلق باشنەشرىياتى

شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى



ISBN 978-7-5372-6230-9

9 787537 262309 >

定价：35.00元

# ئۇيغۇرتىلى گىراماتىكىسى

# ئېچىل داستىخان

تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەر ئۈچۈن تەكرار يېتەكچىسى

ئۇيغۇرتىلى ئۇنىۋېرسال بىلىملىرىنى ئەڭ تېز، ئەڭ ئۈنۈملۈك ئۇسۇلدا ئۆگىنىشتىكى ئىلغار تەجرىبىلەرنىڭ نامايەندىسى!



شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى

**图书在版编目（CIP）数据**

普通高中复习材料“维吾尔语语法”：维吾尔文 / 艾合买提托合提·买买提编写．—乌鲁木齐：新疆人民卫生出版社，2015.9

ISBN 978-7-5372-6230-9

Ⅰ．①普… Ⅱ．①艾… Ⅲ．①维吾尔语（中国少数民族语言）—语法—高中—教学参考资料 Ⅳ．①G634.390.3

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2015)第 228302 号

# 维吾尔语语法

艾合买提托合提·买买提编

策　　划：帕思安书业
责任编辑：哈斯亚提·依不拉音
责任校对：乔尔帕·吐尔逊
出　　版：新疆人民出版总社
　　　　　新疆人民卫生出版社
地　　址：乌鲁木齐市龙泉街 196 号
邮　　编：830001
网　　址：http://www.xjpsp.com
印　　刷：新疆宏图印务有限责任公司
发　　行：新疆新华书店
版　　次：2015 年 9 月第 1 版
印　　次：2015 年 9 月第 1 次印刷
开　　本：880 X 1230 毫米　32/1 开
印　　张：12.5
书　　号：ISBN 978-7-5372-6230-9
印　　数：1 - 5000
定　　价：35.00 元

发行科联系电话：（0991）2823055

# كىرىش سۆز

ئۇيغۇر تىلى ئۇۋاق تىل، ئۇيغۇر تىلى ئۇماق تىل.
سەككىز مىليون بۇلبۇلنىڭ ئاشۇ تىلدا ناۋاسى.
ئۇيغۇر تىلى كىچىك تىل، ئەمما تاتلىق، چۈچۈك تىل،
مەن شۇ تىلنىڭ شەيداسى، مىراسخورى، ھەقداسى.

— روزى سايىت

ھۆرمەتلىك ئىلىمخۇمار دوست، سىزگە ئۇيغۇر تىلى بىلگۈسىدىن «ئىپچىل داستىخان» ھازىرلاندى. بۇ داستىخاندىكى ھەر خىل نازۇنېمەتلەردىن قانغۇچە ھوزۇرلىنىشىڭىزغا تىلەكداشمەن.

يېڭى دەرسلىك قوللىنىلىۋاتقان بىر قانچە يىلدىن بېرى ئۆگەنگۈچىلەرنىڭ ئېھتىياجىغا ماس كېلىدىغان تىل قۇرۇلمىمىزغا ئائىت ماتېرىيالنىڭ كەمچىل بولۇشىدىن كۆرە، بىلىمنى تاكامۇللاشتۇرۇش، مۇھىمى ئىمتىھان نەتىجىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئېھتىياجىدا بولۇۋاتقانلارغا بەزى قولايسىزلىقلارنى كەلتۈردى. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ھەر خىل ئىمتىھانلارنى چىقىش قىلغان ھالدا سىزگە ئازراق بولسىمۇ پايدىسى بولار دېگەن مەقسەتتە بۇ «ئىپچىل داستىخان»نى ھوزۇرىڭىزغا سۇندۇم. بۇ «ئىپچىل داستىخان» سىزنىڭ قىسمەن

ئېھتىياجىڭىزنى قاندۇرالىشىغا ئىشىنىمەن.

بۇ «ئېچىل داستىخان» تىل-يېزىقىمىز تەرەققىياتى، ئۇيغۇر تىلى بىلگۈسىدىن ئاساسىي ساۋات (بۇ بۆلەكتىكى مەزمۇنلار تولۇق ئوتتۇرا تىل-ئەدەبىيات زۆرۈر دەرسلىكتىكى گىراماتىكىلىق مەزمۇنلار تەرتىپى بويىچە ئورۇنلاشتۇرۇلدى)، ھەر تەرەپلىمە ئىقتىدار يېتىلدۈرۈش مەشقى، جانغا ئەسقاتىملاردىن ئىبارەت تۆت بۆلەكتىن تەشكىل تاپتى.

بۇ «ئېچىل داستىخان»غا يەنە 100 پارچىدىن ئارتۇق ئەڭ كۆپ قوللىنىشچان ماقال-تەمسىل: سىزنى ئويلاندۇرۇپ، تەپەككۇرىڭىزنى قاناتلاندۇرىدىغان 100 پارچىدىن ئارتۇق ھېكمەتلىك سۆز: سىزنى ھاياجانغا سالىدىغان 100 پارچىدىن ئارتۇق ئەڭ نادىر شېئىر-قوشاق، ئەدەبىي پارچە؛ زۆرۈر دەرسلىكتىكى تاللانغان، تاۋلانغان، ئەڭ ئوبرازلىق جۈملىلەردىن 100 پارچە تاللاش سوئالىنىڭ ماتېرىيالى قىلىندى. بۇ ئۆزگىچىلىك سىزنى ئۆگىنىش، ئويلىنىش، ھوزۇرلىنىش، تىل تۇيغۇڭىزنى تاۋلاش پۇرسىتى بىلەن تەمىنلەيدۇ.

«ئېچىل داستىخان»نىڭ ئەڭ مۇھىم ئەھمىيىتى شۇ يەردىكى، ئۇ، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزۈپ يۇقىرى ئۆرلەپ ئوقۇيدىغان ئوقۇغۇچىلار، ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەرگە ئىمتىھان بەرگۈچىلەر، ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىغا تەييارلىق قىلىۋاتقان جاپاكەش ئوقۇتقۇچى، تىرىشچان ئوقۇغۇچىلار، ئوقۇتقۇچىلىق كەسپىي ئىمتىھان بەرگۈچىلەر، ھەمدە ئۆزلۈكىدىن ئۆگەنگۈچىلەر ئۈچۈن زۆرۈر پايدىلىنىش ماتېرىيالى بولۇپ قالغۇسى.

ئەلھال، خەلقىمىزدە: «يالغۇز ئاتنىڭ چىڭى چىقماس، چىڭى

چىقسىمۇ، دېگىنى چىقماس» دېيىلىدۇ. مەن بۇ «ئېچىل داستىخان» نى راسلاش جەريانىدا نۇرغۇن كىتابلاردىن، قوللانمىلاردىن، لۇغەتلەردىن پايدىلاندىم، كەسىپداشلىرىمدىن خوتەن ۋىلايەتلىك تەجرىبە ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ بىرىنچى دەرىجىلىك تىل-ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى پاتىگۈل مەتتوختى تۈزۈشكە ياردەملەشتى. خوتەن ۋىلايەتلىك 1-ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ بىرىنچى دەرىجىلىك تىل-ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى ئابدۇللا روزى، خوتەن ۋىلايەتلىك مائارىپ ئىدارىسى ئوقۇتۇش تەتقىقات ئىشخانىسىنىڭ تەتقىقاتچىسى ئابلىكىم يۇسۇپ قاتارلىق كەسىپداشلىرىم زور ئىلھام، ياردەم، رىغبەتلەرنى بەردى. مەن بۇ يەردە قىممەتلىك تەكلىپ-پىكىرلەرنى بەرگەن، ياردەمدە بولغان، ماتېرىيال بىلەن تەمىنلىگەن مۇناسىۋەتلىك ئاپتورلارغا، كەسىپداشلارغا ئالاھىدە رەھمەت ئېيتىمەن.

مەن بۇ «ئېچىل داستىخان»نى سىلىش جەريانىدا چويلىدا توختىمايدىغان باھانە-سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن بەلكىم، بەزىبىر سەۋەنلىكلەردىن خالىي بولالمىغان بولۇشۇم مۇمكىن، كەسىپداشلارنىڭ، ئۆگەنگۈچىلەرنىڭ قىممەتلىك تەكلىپ-پىكىرلەرنى بېرىشىنى سەممىي ئۈمىد قىلىمەن.

خوتەن ۋىلايەتلىك 1-ئوتتۇرا مەكتەپتىن

ئەخمەتتوختى مۇھەممەت

# مۇندەرىجە

## بىرىنچى بۆلۈم
## تىل - يېزىق ئۇنىۋېرسال بىلىملىرى

§1. تىل ۋە يېزىق ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە.......... 1
§2. ئۇيغۇر تىلى ۋە ئۇيغۇر يېزىقى.................... 2
§3. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى.............. 8
§4. ئۇيغۇر تىلىنىڭ دىيالېكتلىرى...................... 9
§5. تىلىنىڭ تەركىبىي قىسىملىرى...................... 11

## ئىككىنچى بۆلۈم
## ئۇيغۇر تىلى بىلگۈسىدىن ئاساسىي ساۋاتلار

**بىرىنچى باب فونېتىكا ھەققىدە ئومۇمىي چۈشەنچە........ 14**
§1. سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىشى...................... 23
§2. ئارا سوزۇق تاۋۇشلار ........................... 25
§3. ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىشى..................... 27
§4. بەزى سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئاجىزلىشىشى............. 28
§5. تاۋۇشلارنىڭ چۈشۈپ قېلىشى ۋە قوشۇلۇپ قېلىشى.. 30

§6. ئۇزۇك تاۋۇشلارنىڭ ئىملاسى.................... 32
**ئىككىنچى باب لېكسىكا ھەققىدە ئومۇمىي چۈشەنچە.... 35**
§1. لۇغەت تەركىبى.......................... 35
§2. چۈشەنچە ۋە سۆز........................... 38
§3. سۆز شەكلى ۋە سۆز مەنىسى.................... 40
§4. سۆزنىڭ ئەسلىي مەنىسى ۋە كۆچمە مەنىسى.......... 41
§5. بىر مەنىلىك سۆزلەر ۋە كۆپ مەنىلىك سۆزلەر........ 42
§6. مەنىداش سۆزلەر........................... 43
§7. شەكىلداش سۆزلەر.......................... 44
§8. قارىمۇ قارشى مەنىلىك سۆزلەر.................. 45
§9. تىلىمىزدىكى تۇراقلىق تەركىبلەر................ 46
**ئۈچىنچى باب گىراماتىكا ھەققىدە ئومۇمىي چۈشەنچە.............................. 51**
§1. گىراماتىكىنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتى............. 51
§2. مورفولوگىيە ھەققىدە ئومۇمىي چۈشەنچە.......... 52
§3. مورفېما (سۆزنىڭ مەنىلىك بۆلەكلىرى)............ 53
§4. سۆزنىڭ تۈزۈلۈشىگە قاراپ بۆلۈنۈشى............... 55
§5. ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆزلەرنىڭ تۈركۈملەرگە بۆلۈنۈشى... 59
**تۆتىنچى باب ئىسىم ھەققىدە ئومۇمىي چۈشەنچە........ 61**
§1. ئىسىمنىڭ مەنىسى.......................... 61
§2. خاس ئىسىم ۋە تۈردەش ئىسىم................... 61
§3. ئىسىملارنىڭ سان بىلەن تۈرلىنىشى............... 62
§4. ئىسىملارنىڭ تەۋەلىك قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلىنىشى.............................. 66
§5. ئىسىملارنىڭ كېلىش قوشۇمچىلىرى بىلەن

تۈرلىنىشى........................................ 69
§6. ئىسىملارنىڭ گىراماتىكىلىق خۇسۇسىيەتلىرى.... 74
**بەشىنچى باب سۈپەت ھەققىدە ئومۇمىي چۈشەنچە**......... 77
§1. سۈپەتنىڭ مەنىسى........................... 77
§2. سۈپەتنىڭ دەرىجىلىرى....................... 78
§3. سۈپەتنىڭ گىراماتىكىلىق خۇسۇسىيەتلىرى......... 81
**ئالتىنچى باب سان ھەققىدە ئومۇمىي چۈشەنچە**.......... 83
§1. ساننىڭ مەنىسى.............................. 83
§2. ئاددىي سان ۋە مۇرەككەپ سان ................. 83
§3. ساننىڭ تۈرلىرى .............................. 84
§4. ساننىڭ گىراماتىكىلىق خۇسۇسىيەتلىرى .......... 89
**يەتتىنچى باب مىقدار ھەققىدە ئومۇمىي چۈشەنچە** ........ 92
§1. مىقدارنىڭ مەنىسى ........................... 92
§2. مىقدارنىڭ تۈرلىرى ........................... 92
§3. مىقدارنىڭ گىراماتىكىلىق خۇسۇسىيەتلىرى ........ 94
**سەككىزىنچى باب ئالماش ھەققىدە ئومۇمىي چۈشەنچە** ... 97
§1. ئالماشنىڭ مەنىسى ........................... 97
§2. ئالماشنىڭ تۈرلىرى ........................... 97
§3. ئالماشنىڭ گىراماتىكىلىق خۇسۇسىيەتلىرى ..... 102
**توققۇزىنچى رەۋىش ھەققىدە ئومۇمىي چۈشەنچە** ......... 105
§1. رەۋىشنىڭ مەنىسى ........................... 105
§2. رەۋىشنىڭ تۈرلىرى ........................... 105
§3. رەۋىشنىڭ گىراماتىكىلىق خۇسۇسىيەتلىرى ...... 108
**ئونىنچى باب پېئىل ھەققىدە ئومۇمىي چۈشەنچە** ....... 109
§1. پېئىلنىڭ مەنىسى ........................... 109

§2. شەخسلىك پېئىللار ۋە شەخسسىز پېئىللار ........ 109
§3. پېئىلنىڭ بولۇشلۇق ۋە بولۇشسىز شەكىللىرى ... 110
§4. پېئىلنىڭ زامان شەكىللىرى ................ 111
§5. پېئىلنىڭ راي شەكىللىرى ................ 112
§6. پېئىلنىڭ دەرىجە شەكىللىرى ............... 114
§7. مۇستەقىل پېئىللار ۋە ياردەمچى پېئىللار ........ 118
§8. پېئىلنىڭ شەخسسىز شەكىللىرى ..............120
§9. پېئىلنىڭ گراماتىكىلىق خۇسۇسىيەتلىرى ....... 124
**ئون بىرىنچى باب تەقلىد سۆزلەر ھەققىدە ئومۇمىي چۈشەنچە** ........................... 127
§1. تەقلىد سۆزنىڭ مەنىسى .................... 127
§2. تەقلىد سۆزلەرنىڭ تۈرلىرى ................. 127
§3. تەقلىد سۆزلەرنىڭ گراماتىكىلىق خۇسۇسىيەتلىرى........................... 129
**ئون ئىككىنچى باب ئىملىق سۆزلەر ھەققىدە ئومۇمىي چۈشەنچە** ........................... 131
§1. ئىملىق سۆزلەرنىڭ مەنىسى ................ 131
§2. ئىملىق سۆزلەرنىڭ تۈرلىرى ................ 131
§3. ئىملىق سۆزلەرنىڭ گراماتىكىلىق خۇسۇسىيەتلىرى........................... 133
**ئون ئۈچىنچى باب ياردەمچى سۆزلەر ھەققىدە ئومۇمىي چۈشەنچە** ........................... 134
§1. ياردەمچى سۆزلەرنىڭ مەنىسى ............... 134
§2. ياردەمچى سۆزلەرنىڭ تۈرلىرى ............... 134
§3. ياردەمچى سۆزلەرنىڭ گراماتىكىلىق

خۇسۇسىيەتلىرى.............................. 139
ئون تۆتىنچى باب سىنتاكسىس ھەققىدە ئومۇمىي چۈشەنچە.............................. 142
§1. سىنتاكسىس توغرىسىدا.................. 142
§2. جۈملە .................................. 142
§3. جۈملىنىڭ مەنىسىگە ئاساسەن تۈرلەرگە بۆلۈنۈشى... 143
§4. جۈملىنىڭ تۈزۈلۈشىگە قاراپ بۆلۈنۈشى ......... 149
§5. جۈملىدىكى سۆزلەرنىڭ باغلىنىشى ............ 149
§6. بېقىندى باغلىنىشتىكى سۆزلەرنىڭ مۇناسىۋەتلىرى.............................. 152
§7. تۇراقسىز سۆز بىرىكمىلىرى .................. 156
ئون بەشىنچى باب جۈملە بۆلەكلىرى توغرىسىدا ئومۇمىي چۈشەنچە .............................. 159
§1. جۈملىنىڭ باش بۆلەكلىرى .................. 159
§2. جۈملىنىڭ ئەگەشمە بۆلەكلىرى ............... 165
§3. جۈملىنىڭ تەڭداش بۆلەكلىرى ................ 175
§4. جۈملىنىڭ كېڭەيگەن بۆلەكلىرى ............... 177
§5. جۈملە بىلەن گرامماتىكىلىق باغلىنىشى يوق سۆز ۋە بىرىكمىلەر .............................. 178
ئون ئالتىنچى باب ئاددىي جۈملىنىڭ تۈزۈلۈشىگە قاراپ بۆلۈنۈشى .............................. 184
§1. يىغىق ئاددىي جۈملە ...................... 184
§2. يېيىق ئاددىي جۈملە ...................... 185
§3. ئىگىلىك ئاددىي جۈملە .................... 186
§4. ئىگىسىز ئاددىي جۈملە ..................... 187

§5. تولۇق ئاددىي جۈملە ........................ 188
§6. تولۇقسىز ئاددىي جۈملە ........................ 188
**ئون يەتتىنچى باب مۇرەككەپ جۈملە ھەققىدە ئومۇمىي چۈشەنچە** ........................ 190
§1. تەڭداش مۇرەككەپ جۈملە ........................ 192
§2. بېقىندىلىق مۇرەككەپ جۈملە ........................ 194
§3. ئارىلاش مۇرەككەپ جۈملە ........................ 198
§4. كۆچۈرمە جۈملە ........................ 199
§5. ئۆزلەشتۈرمە جۈملە ........................ 201
§6. ئۇيغۇر يېزىقىمىزدا قوللىنىلىدىغان تىنىش بەلگىلەر........................ 202

## ئۈچىنچى بۆلۈم
## جانغا ئەسقاتىدىغانلار

§1. تىلىمىزدىكى بىر قىسىم تاۋۇش قوشۇلۇپ قالىدىغان سۆزلەر ........................ 214
§2. تىلىمىزدىكى بىر قىسىم تاۋۇش چۈشۈپ قالىدىغان سۆزلەر........................ 214
§3. تىلىمىزدىكى تۆت تاۋۇشتىن تۈزۈلگەن بىر بوغۇملۇق سۆزلەر ........................ 215
§4. تىلىمىزدىكى سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلار ........ 216
§5. تىلىمىزدىكى سۆز تۈرلىگۈچى قوشۇمچىلار........ 220
§6. تارىخىمىزدىكى ھەر قايسى خانلىقلارنىڭ دەۋرى .... 226
§7. ھىجرىيە بىلەن مىلادىيەنى بىر-بىرىگە

ئايلاندۇرۇش.......................... 227
§8. ئۇيغۇر 12 مۇقامى.......................... 227
§9. 12 مۆچەل يىلنامىسى.......................... 228
§10. 12 ئاينىڭ ئۇيغۇرچە ئاتىلىشى.......................... 229
§11. جانغا ئەسقاتىدىغان ئىدىيوملار ۋە ئۇلارنىڭ مەنىسى.......................... 230
§12. جانغا ئەسقاتىدىغان ماقال ـ تەمسىللەر.......................... 237

## تۆتىنچى بۆلۈم
## ھەممىباب مەشق سوئاللىرى

**§1. تاللاش سوئالى** .......................... 254
فونېتىكا قىسمى.......................... 254
لېكسىكا قىسمى.......................... 275
مورفولوگىيە قىسمى.......................... 283
سىنتاكسىس قىسمى.......................... 304
ئالىي مەكتەپ ئىمتىھان سوئالىنىڭ تەقلىدلىرى.......................... 327
**§2. بوش ئورۇننى تولدۇرۇش سوئالى**.......................... 339
**§3. ھۆكۈم قىلىش سوئالى**.......................... 345
**§4. مەشىق، كۆنۈكمە ئىشلەش سوئالى**.......................... 356
تاللاش سوئاللىرىنىڭ پايدىلىنىش جاۋابلىرى .......................... 380
ھۆكۈم قىلىش سوئاللىرىنىڭ پايدىلىنىش جاۋابلىرى.......................... 381
**پايدىلانغان مەنبەلەر** .......................... 382



# بىرىنچى بۆلۈم
# جانغا ئەسقاتىدىغان تىل-يېزىق ساۋاتلىرى

## §1. تىل ۋە يېزىق ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە

**تىل** — مەلۇم بىر جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ تىل-ئالاقە ئەمەلىيىتى داۋامىدا شەكىللەنگەن تاۋۇش ياكى ئاھاڭ بىلەن مەزمۇنىنىڭ بىرىكىشىدىن تەركىب تاپقان، شۇ جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ تىل-ئالاقە ئىشلىرى ئۈچۈن ئورتاق خىزمەت قىلىدىغان بىر پۈتۈن ئىلمىي سىستېما.

**تىل** — ئىنسانلارنىڭ ئەڭ مۇھىم ئالاقە قورالى ۋە پىكىر قىلىش قورالى. ئىنسانلارنىڭ بارلىق پائالىيەتلىرى تىل ئارقىلىق بولىدۇ. تىل جەمئىيەت بىلەن ئىنتايىن زىچ مۇناسىۋەتلىك. تىل جەمئىيەتنىڭ پەيدا بولۇشىغا ئەگىشىپ پەيدا بولغان. جەمئىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ تەرەققىي قىلىدۇ. تىل بولمىسا جەمئىيەتمۇ بولمايدۇ. جەمئىيەت بولمىسا تىلمۇ مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدۇ.

**يېزىق** — مەلۇم بىر جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ تىل ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن ئىجاد قىلىنغان، مەنە بىلەن

شەكىلنىڭ بىرىكىشىدىن تەركىب تاپقان، شۇ جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ تىل-ئالاقە ئىشلىرىدا تىلنى خاتىرىلەش ئۈچۈن ئورتاق خىزمەت قىلىدىغان بەلگىلەر سىستېمىسى.

يېزىق — تىلنى خاتىرىلەيدىغان بەلگىلەر سىستېمىسىدىن ئىبارەت. يېزىق تىل پەيدا بولۇپ ناھايىتى ئۇزاق زامانلاردىن كېيىن پەيدا بولغان. يېزىق تىلنىڭ ئىپادىلەش كۈچىنى زور دەرىجىدە ئاشۇرۇپ، تىلنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن غايەت زور تۈرتكىلىك رول ئوينىدى. يېزىق پەيدا بولغاندىن كېيىن تىلنىڭ زامان، ماكان جەھەتتىكى ئاجىزلىقى تۈگىتىلىپ، تىل يوقالماس ھاياتىي كۈچكە، زاماندىن زامانغا، ماكاندىن ماكانغا ھالقىپ ئۆتۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدى. يېزىق پەيدا بولغاندىن كېيىن تىلنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن نۇرلۇق يېشىل چىراغ يېقىلىپ، تىلنىڭ تەرەققىياتى ئىنتايىن تېز بولدى.

## §2. ئۇيغۇرتىلى ۋە يېزىقى

ھازىرقى زامان ئۇيغۇرتىل-يېزىقى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئاساسلىق مىللەت ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ تىل-يېزىقى شۇنداقلا ھەر دەرىجىلىك پارتىيە-ھۆكۈمەت ئورگانلىرى، ئاممىۋى تەشكىلاتلار، كارخانا، كەسپىي ئورۇنلاردىكى ئىشچى-خىزمەتچىلەر ۋەزىپە ئىجرا قىلغاندا قوللىنىدىغان تىل-يېزىقنىڭ بىرى. ئۇيغۇرتىل-يېزىقى ئۇيغۇر تىلىدا دەرس ئۆتۈلىدىغان ھەر دەرىجىلىك مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇ-ئوقۇتۇش تىل-يېزىقى. ئۇيغۇرتىلىدا ئاڭلىتىش بېرىدىغان رادىيو

ئىستانسىلىرىنىڭ ۋە ئۇيغۇرتىل - يېزىقىدا پىروگراما كۆرسىتىدىغان تېلېۋىزىيە ئىستانسىلىرىنىڭ تىل - يېزىقى. شۇنداقلا ئۇيغۇرتىلىدا نەشىر قىلىنىدىغان تۈرلۈك گېزىت - ژورناللار ۋە نەشىر بۇيۇملىرىدا قوللىنىلىدىغان تىل - يېزىق.

### 1. ئۇيغۇرتىلى

ئۇيغۇرتىلى ئالتاي تىللىرى سىستېمىسىنىڭ تۈركىي تىللار تۈركۈمى شەرقىي تۈركىي تىل تارمىقى ئۇيغۇر قارلۇق تىل گۇرۇپپىسىغا تەۋە بولۇپ، ئۇزاق تارىخقا ئىگە. ئۇيغۇرتىلى ئۇيغۇرلار تارىخىدا پارلاق مەدەنىيەتنىڭ نامايەندىسى سۈپىتىدە تەدرىجىي تەرەققىي قىلىپ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بەن - مەدەنىيەت، ئىقتىساد ۋە باشقا ساھەلىرىدە ئۆزىنىڭ ئالاقە ۋاستىسى بولۇش رولىنى جارى قىلدۇرۇپ كەلمەكتە.

ئۇيغۇرتىلى تۈركىي تىللار ئىچىدە ئەڭ قەدىمكى تىل بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۆز تەرەققىياتى جەريانىدا تۆۋەندىكى باسقۇچلارنى بېشىدىن كەچۈرگەن.

1) ئالتاي تىللىرى دەۋرى: بۇدەۋرنىڭ تارىخي چەك - چېگراسى ئىلىم - پەن تەرىپىدىن ھازىرغىچە ئېنىقلانمىدى.

2) ھون دەۋرى: بۇ دەۋر تۈركىي تىللار بىلەن موڭغۇل تىللىرى بىر - بىرىدىن ئايرىلىپ مۇستەقىل تىل بولۇپ شەكىللەنگەن دەۋر. (مىلادىيە 5 - ئەسىرلەرگىچە)

3) قەدىمكي تۈركىي تىل دەۋرى: (مىلادىيە 5 - ئەسىردىن 10 - ئەسىرلەرگىچە) بۇ دەۋردىكى تۈركىي تىللار تېخى بىر - بىرىدىن بۆلۈنمىگەن.

4) قەدىمكى ئۇيغۇرتىلى دەۋرى: بۇ دەۋردە تۈركىي تىللار بىر - بىرىدىن بۆلۈنۈشكە باشلىغان. (مىلادىيە 10 - ئەسىردىن

14 ـ ئەسىرلەرگىچە)

5) چاغاتــاي ئۇيغــۇرتىلى دەۋرى: بــۇ دەۋردە ئۇيغــۇرتىلى قەدىمكى ئۇيغۇرتىلى ئاساسىدا تەدرىجىي تەرەققىي قىلىپ، لۇغەت بايلىقىغا نۇرغۇنلىغان ئەرەب، پارس تىلى سۆزلىرىنى قوبۇل قىلغان. بۇنىڭ بىلەن يېڭى بىر يېزىق تىلى مەيدانغا كەلگەن. (مىلادىيە 14 ـ ئەسىردىن 19 ـ ئەسىرلەرگىچە)

6) هــازىرقى زامــان ئۇيغــۇرتىلى دەۋرى: بــۇ دەۋر 19 ـ ئەســىرنىڭ ئــاخىرى ۋە 20 ـ ئەســىرنىڭ باشــلىرىدىن تارتىــپ هازىرغىچە بولغان مەزگىل.

## 2. ئۇيغۇر يېزىقى

ئۇيغۇرلار ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشىغۇچى قەدىمىي، مەدەنىي مىللەتلەرنىڭ بىرى بولۇپ، تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئىچىدە ئەڭ بۇرۇن شەھەرلەشكەن، ئەڭ بــۇرۇن يېزىق قوللىنىــپ ئــۆز تىلىنــى خــاتىرىلەپ پــارلاق مەدەنىــي مىراســلارنى قالــدۇرغان خەلق. ئۇيغۇرتىلى ۋە ئۇيغۇر يېزىقى ئــۆز دەۋرىــدە ئەتراپىــدىكى قېرىنداش تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئۇچۇنمۇ ئورتاق ئەدەبىي تىــل ۋە ئورتــاق يېزىــق بولــۇپ خىــزمەت قىلىــپ، ئۇلارنىــڭ قەدىمكى زامــان مەدەنىيىتىنــى بەرپا قىلىشــىدا ئىنتــايىن زور رول ئوينىغان.

ئۇيغۇرلار قەدىمدىن تارتىپ هازىرغىچە ئورخــۇن ـ يېنىســەي يېزىقــى، ســوغدى يېزىقــى، مــانى يېزىقى، بىراخمــى يېزىقــى، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى، ئەرەب ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى ئۇيغۇر يېزىقى، چاغاتاي ئۇيغۇر يېزىقــى، لاتىــن يېزىقــى ئاساســىدىكى ئۇيغۇر يېڭى يېزىقى ۋە هازىرقى زامان ئۇيغۇر يېزىقى قاتــارلىق يېزىقلارنــى قوللىنىــپ كەلــدى. بــۇ يېــزىقلاردىن مــۇھىمراق

بولغانلىرى بىلەن قىسقىچە تونۇشۇپ ئۆتىمىز.

1) **ئورخۇن-يېنىسەي يېزىقى** (قەدىمكى تۈرك يېزىقى)

بۇ يېزىق بىلەن يېزىلغان مەڭگۈ تاش يادىكارلىقلىرى(قەبرە تاشلىرى) موڭغۇلىيەدىكى ئورخۇن دەرياسى ۋە سىبىرىيەدىكى يېنىسەي دەرياسى بويلىرىدىن تېپىلغان بولغاچقا، بۇ يېزىق شۇ نام بىلەن ئاتالغان. بۇ يېزىق يەنە شىمالىي ياۋروپادىكى قەدىمكى گېرمانلار ئىشلەتكەن رونىك يېزىقىغا ئوخشاپ قالغانلىقى ئۈچۈن تۈرك-رونىك يېزىقى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ يېزىقتا 38دىن 40 قىچە ھەرپ بەلگىسى بار، ئوڭدىن سولغا قاراپ يېزىلىدۇ. سولدىن ئوڭغا ھەم بىر قۇر ئوڭدىن سولغا، بىر قۇر سولدىن ئوڭغا يېزىلغانلىرىمۇ بار. بۇ يېزىقنىڭ مەنبەسى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ يېزىقنى قايسى دەۋرلەردىن باشلاپ قوللانغانلىقى قاتارلىق مەسىلىلەردە ئالىملار ھەر خىل پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئەمما بەزىبىر تارىخىي ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، بۇ يېزىق 5-ئەسىردىن 8-ئەسىرگىچە ئۇيغۇرلار ۋە باشقا تۈركىي تىللىق خەلقلەر تەرىپىدىن قوللىنىلغان دەپ پەرەز قىلىنماقتا.

2) **قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى**

قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى قەدىمكى ئارامى يېزىقى ئاساسىدىكى سوغدى يېزىقىدىن ئۆزلەشتۈرۈلگەن ئېلىپبەلىك يېزىق بولۇپ، ئىدىقۇت خانلىقى ۋە قاراخانىلار دەۋرىدە كەڭ قوللىنىلغان. قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىشتىن خېلى ئىلگىرى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنمۇ ئۇيغۇرلار ئارىسىدا كەڭ قوللىنىلغان.

يەنى، جەنۇبىي شىنجاڭدا 8 ـ ئەسىردىن 10 ـ 11 ـ ئەسىرلەرگىچە، تۇرپان، قومۇللاردا 14 ـ 15 ـ ئەسىرلەرگىچە، خۇراسان ۋە ئالتۇن ئوردىدا 16 ـ ئەسىرلەرگىچە، گەنسۇدا ياشىغۇچى سېرىق ئۇيغۇرلار ئارىسىدا 19 ـ ئەسىرلەرگىچە قوللىنىلغان. قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى يەنە تارىختا باشقا مىللەتلەر مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتىغا ناھايىتى زور تۆھپە قوشقان. 13 ـ ئەسىردە موڭغۇللار ۋە 17 ـ ئەسىردە موڭغۇللار ئارقىلىق مانجۇلار ئاز ـ تولا ئىسلاھ قىلىپ تاكى بۈگۈنكىچە قوللانماقتا. بۇ يېزىقتا 23 ھەرپ بولۇپ، يۇقىرىدىن تۆۋەنگە، سولدىن ئوڭغا يېزىلىدۇ.

### 3) ئەرەب ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى ئۇيغۇر يېزىقى

ئەرەب ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى ئۇيغۇر يېزىقى ئىسلام دىنىنىڭ ئۇيغۇرلار ئارىسىغا كەڭ تارقىلىشىغا ئەگىشىپ، پەيدىنپەي قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ ئورنىنى ئىگىلىدى. 10 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە پۈتكۈل قاراخانىلار زېمىنىدا ئومۇميۈزلۈك قوللىنىلدى.

### 4) چاغاتاي ئۇيغۇر يېزىقى

ئەرەب يېزىقى ئۇيغۇرتىلىنىڭ فونېتىكىلىق خۇسۇسىيەتلىرىنى تولۇق ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلمىگەچكە، بۇ يېزىق 14 ـ ئەسىرنىڭ دەسلىپىدىن باشلاپ شۇ دەۋرنىڭ تىلشۇناسلىرى، ئەدىبلىرى تەرىپىدىن ئىسلاھ قىلىنىپ، ئۇيغۇرتىلىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنى بىرقەدەر توغرا ئىپادىلەپ بېرەلەيدىغان، يېزىشقىمۇ ئەپلىك بولغان ھالەتكە كەلتۈرۈلگەن. بىرقاتار ئىسلاھاتلاردىن كېيىن، ئەرەب ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى چاغاتاي ئۇيغۇر يېزىقى

ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرقەدەر يېقىنلاشقان. بۇ يېزىق بىلەن چاغاتاي ئۇيغۇر يېزىقى ۋە ئەدەبىياتىدا يېڭى بىر گۈللىنىش دەۋرى يارىتىلىپ، مەدەنىيەت تارىخىمىزدىكى يۈكسەك بىر نامايەندە بولۇپ قالغان. بۇ يېزىق تاكى 20- ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە قوللىنىلغان. بۇ يېزىق چاغاتاي خانلىقى دەۋرىدە ئىشلىتىلگەن يېزىق بولغاچقا، بۇ يېزىقنى تەتقىق قىلغۇچى ئالىملار ئۇنى « چاغاتاي ئۇيغۇر يېزىقى» دەپ ئاتىغان.

**5) لاتىن ھەرپلىرى ئاساسىدىكى ئۇيغۇر يېڭى يېزىقى**

بۇ يېزىق خەنزۇ تىلىنىڭ پىنيىن لايىھەسى ئاساسىدىكى يېزىققا ئاساسەن قىسمەن تولۇقلاش ئارقىلىق قوبۇل قىلىنغان بولۇپ، 1959 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىن 1960 - يىلىغىچە تۆت يىل سىناق تەرىقىسىدە قوللىنىلغان. 1965 - يىلى 1 - ئايدىن 1982 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە 17 يىل رەسمىي قوللىنىلدى. بۇ يېزىقتا 37 ھەرپ بولۇپ، ھەرپلەر چوڭ، كىچىك، يازما، باسما شەكىل قاتارلىق تۆت خىل شەكىلگە ئىگە. سۆز، جۈملىلەر سولدىن ئوڭغا يېزىلىدۇ. بۇ يېزىق پەۋقۇلئاددە بىر تارىخىي دەۋرنىڭ ئېھتىياجى بىلەن بارلىققا كېلىپ، شۇ تارىخىي دەۋرنىڭ ئۆتۈپ كېتىشى بىلەن تارىخ سەھنىسىدىن چۈشۈپ قالغان.

**6) ھازىرقى زامان ئۇيغۇر يېزىقى**

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر يېزىقى چاغاتاي يېزىقىنىڭ بىۋاسىتە راۋاجى، يېڭى دەۋردىكى شەكلى ھېسابلىنىدۇ. 1937 - يىلى بۇ يېزىقنىڭ يېڭى ئېلىپبە ۋە ئىملا قائىدىسى تۈزۈپ چىقىلغان. 1983 - يىلى 9 - ئاينىڭ 23 - كۈنى ئاپتونوم

رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقلىشى ۋە 1984 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن باشلاپ يولغا قويۇش توغرىسىدىكى ئومۇمىي ئۇقتۇرۇشىغا ئاساسەن، لاتىن يېزىقى ئاساسىدىكى يېڭى يېزىق قوللىنىشتىن توختاپ قايتىدىن ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن. ھازىرغا قەدەر ئىزچىل قوللىنىلىۋاتىدۇ.

## §3. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى

پىششىقلانغان، قېلىپلاشتۇرۇلغان، ئۇيغۇر مىللىتى ئۈچۈن ئورتاق ئالاقە قورالى بولۇپ خىزمەت قىلىۋاتقان تىل ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى دەپ ئاتىلىدۇ.

ئەدەبىي تىل قوللىنىش شەكلىگە ئاساسەن ئەدەبىي جانلىق تىل ۋە ئەدەبىي يېزىق تىل دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ.

ئەدەبىي جانلىق تىل ـ تەلەپپۇز قائىدىسىنىڭ بەلگىلىمىلىرى ئاساسىدا ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش ئىشلىرىدا، رادىيو ـ تېلېۋىزىيە ئاڭلىتىشلىرىدا، كىنو ـ تىياتىرلاردا ۋە ھەرخىل ئاممىۋى سورۇنلاردىكى نۇتۇق، سۆھبەتلەردە قوللىنىلىدۇ.

ئەدەبىي يېزىق تىل ئىملا قائىدىسىنىڭ بەلگىلىمىلىرى ئاساسىدا سىياسىي ۋە پەننىي ئەسەرلەردە، دەرسلىك، گېزىت ـ ژۇرنال، ھۆججەت ۋە خەت ـ ئالاقىلەردە قوللىنىلىدۇ.

ئەدەبىي تىل مىللەتنىڭ ئومۇمىي ئىشلىرىدا، جۈملىدىن مىللىي مائارىپىمىزنىڭ تەرەققىياتىدا ناھايىتى مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەدەبىي تىلىمىزنىڭ قېلىپلىشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن چوقۇم ئەدەبىي تىل بويىچە سۆزلىشى ۋە يېزىشى قاتتىق تەلەپ

قىلىنىدۇ.

## §4. ئۇيغۇر تىلىنىڭ دىيالېكتلىرى

بىر مىللىي ئورتاق تىلىنىڭ ئوخشاش بولمىغان رايونلاردا قوللىنىلىدىغان، مەلۇم جەھەتتىن ئۆزگىچە پەرقلىنىپ تۇرىدىغان رايون خاراكتېرلىك تارمىقى دىيالېكت دەپ ئاتىلىدۇ.

دىيالېكت مەلۇم رايوندىكى خەلقلەرنىڭ ئۆزگىچە ئالاقىلىشىش قورالى بولۇپ، ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە. ئۇيغۇرتىلىنى دىيالېكتلارغا بۆلۈشتە، ئۇيغۇرتىلىنىڭ تەركىبىي قىسىملىرى ـ فونېتىكا، لېكسىكا ۋە گىراماتىكا قاتارلىقلاردا ئومۇمىي، سىستېمىلىق بولغان پەرقلەندۈرگۈچ ئالاھىدىلىكلەر ئۆلچەم قىلىنغان.

ھازىرقى زامان ئۇيغۇرتىلى مانا شۇ ئۆلچەمگە ئاساسەن مەركىزىي دىيالېكت، خوتەن دىيالېكتى، لوپنۇر دىيالېكتى دەپ ئۈچ دىيالېكتقا بۆلۈنگەن.

### 1. مەركىزىي دىيالېكت

سىياسىي، ئىقتىساد، مەدەنىيەت، مائارىپ جەھەتلەردە باشقا رايونلارغا ئۈلگىلىك تەسىر كۆرسىتەلەيدىغان ۋە يېتەكلەش رولىغا ئىگە بولغان، كۆلەم جەھەتتە ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئۇيغۇرلار ياشايدىغان رايوننىڭ تەخمىنەن 3/4 قىسمىنى تەشكىل قىلىدىغان، نوپۇس جەھەتتە باشقا دىيالېكتتا سۆزلىشىدىغان ئۇيغۇرلارنىڭ سانىدىن تەخمىنەن بەش ھەسسە ئارتۇق بولغان (80% ) . باشقا دىيالېكتلارغا

نىسبەتەن ئەدەبىي تىلىمىزغا يېقىن بولغان، شەرقتە قومۇلدىن تارتىپ، غەربىي جەنۇبتا يەكەنگىچە بولغان قومۇل، ئىلى، تۇرپان، بايىنغولىن، ئاقسۇ، كۇچا، قەشقەر قاتارلىق ۋىلايەت، ئوبلاست ۋە ئۈرۈمچى،قاراماي قاتارلىق شەھەرلەردە ياشايدىغان ئۇيغۇرلارنىڭ تىلىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەدەبىي تىلنىڭ مەركىزىي دىيالېكتى يېتەكچى دىيالېكتنىڭ شەكىللىنىشىگە ئاساس بولغان.

مەركىزىي دىيالېكت تەركىبىگە ئۈرۈمچى شېۋىسى، ئىلى شېۋىسى، تۇرپان شېۋىسى، قومۇل شېۋىسى، قەشقەر شېۋىسى، تارىم شېۋىسى قاتارلىقلار كىرىدۇ.

### 2. خوتەن دىيالېكتى

بۇ دىيالېكت بىلەن سۆزلەشكۈچىلەر يەر كۆلىمى ۋە نوپۇس جەھەتتە مەركىزىي دىيالېكتتىن قالسىلا ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. خوتەن دىيالېكتى تەۋەسىدىكى ھەرقايسى ناھىيەلەر ئارا ئوخشاشمىغان دەرىجىدە بەزى شېۋە پەرقلىرى بار.شۇڭا، خوتەن دىيالېكتى يەنە گۇما شېۋىسى، قاراقاش شېۋىسى، ئىلچى شېۋىسى، لوپ شېۋىسى. كېرىيە شېۋىسى قاتارلىق شېۋىلەرگە بۆلۈنىدۇ.

### 3. لوپنۇر دىيالېكتى

بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىغا قاراشلىق لوپنۇر ناھىيەسى دائىرىسىدە سۆزلىشىدىغان ئادەم سانى يۇقىرىقى ئىككى دىيالېكت بىلەن سۆزلەشكۈچىلەردىن خېلىلا ئاز بولسىمۇ، لېكىن فونېتىكا، لېكسىكا، گىراماتىكا جەھەتتە ئۆزگىچىلىككە ئىگە دىيالېكت ھېسابلىنىدۇ.

شېۋە

بىر دىيالېكت ئىچىدىكى رايونلارنىڭ بىر-بىرىدىن مەلۇم جەھەتتىن پەرقلىنىدىغان يەرلىك تىلى شېۋە دەپ ئاتىلىدۇ.

شېۋە دىيالېكتنىڭ تارمىقى ياكى يەرلىك ۋارىيانتى، دىيالېكت مىللىي ئەدەبىي تىلنىڭ تارمىقى. مىللىي تىلنىڭ يەرلىك ۋارىيانتى بولسا، شېۋە بىر دىيالېكتنىڭ ئىچىدىكى مەلۇم جاينىڭ مەلۇم جەھەتلەردىن ئۆز ئالدىغا پەرقلىق ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولغان يەرلىك تارمىقى ھېسابلىنىدۇ.

شېۋىلەر دىيالېكتتىن كىچىك بولۇپ، كۆپ ھاللاردا رايون نامى بىلەن ئاتىلىدۇ. شېۋىلەرنى بۆلۈشتە ئەڭ مۇھىمى، شۇ رايوننىڭ تىلىدا شېۋە بولۇشقا تېگىشلىك ئورتاق خۇسۇسىيەتنىڭ بار-يوقلۇقىغا قارىلىدۇ. يەرلىك شېۋە بىر مىللەت تىلىدىكى تۆۋەن باسقۇچ، ئەدەبىي تىل ئۇنىڭ يۇقىرى باسقۇچى، شۇڭا ئۇلار بىر-بىرى بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان. ئەدەبىي تىل دىيالېكت ۋە يەرلىك شېۋىلەردىن ئوزۇق ئېلىپ ئۆزىنى تولۇقلايدۇ. قېلىپلاشتۇرۇش نۇقتىسىدىن ئەدەبىي تىل يەرلىك شېۋىلەرنى ئۆزىگە بويسۇندۇرىدۇ، ئۇلارنى چەكلەيدۇ، ئىلمىي ئاساستا بىرلىككە كەلتۈرىدۇ ۋە بىر مىللەتنىڭ ئومۇمىي دائىرىدىكى ئالاقە قورالىغا ئايلاندۇرىدۇ.

## §5. تىلنىڭ تەركىبىي قىسىملىرى

ھەرقانداق بىر تىل فونېتىكا، لېكسىكا ۋە گىرامماتىكىدىن ئىبارەت ئۈچ تەركىبىي قىسىمدىن تەشكىل تاپىدۇ. بۇ ئۈچ تەركىبىي قىسىم بىر-بىرى بىلەن مۇستەھكەم باغلىنىپ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ ھەمدە بىر تىلنى بارلىققا

كەلتۈرىدۇ.

**فونېتىكا** — تىل تاۋۇشلىرىنى تەتقىق قىلىدىغان پەن.
ئۇ تىل تاۋۇشلىرىنىڭ تۈزۈلۈشى، تۈرلەرگە بۆلۈنۈشى،تاۋۇش چىقىرىش ئەزالىرى،تىلدىكى فونېما (مەنە پەرقلەندۈرەلەيدىغان تاۋۇشلار)، ئۇلارنىڭ شەكىللىرى، تاۋۇشلارنىڭ بىرىكىش، ئۆزگىرىش جەريانلىرى، تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىش قانۇنىيەتلىرى، بوغۇم، ئۇرغۇ قاتارلىقلارنى، شۇنىڭدەك توغرا تەلەپپۇز قىلىش قائىدىلىرىنى ئۆگىتىدۇ.

**لېكسىكا** — سۆزلۈك دېمەكتۇر. بىر تىلدىكى بارلىق سۆزلەرنىڭ يىغىندىسى لېكسىكا دەپ ئاتىلىدۇ.
ئۇ تىلىمىزدىكى سۆزلەرنىڭ قۇرۇلۇشى، تەرەققىياتى، سۆز مەنىسى ۋە تۈرلىرى، سۆز مەنىلىرىنىڭ ئىپادىلىنىش يوللىرى قاتارلىقلارنى ئۆگىتىدۇ. شۇنداقلا تىلىمىزدىكى تۇراقلىق تەركىبلەرمۇ لېكسىكا دائىرىسىگە كىرىدۇ.

**گىراماتىكا** — سۆزلەرنىڭ ياسىلىش، تۈرلىنىش قائىدىسىنىڭ ۋە سۆزلەردىن جۈملە تۈزۈش قائىدىسىنىڭ يىغىندىسى.
گىراماتىكا ئۆزىنىڭ مەنىسىگە ئاساسەن مورفولوگىيە ۋە سىنتاكسىس دېگەن ئىككى قىسىمغا بۆلۈنىدۇ.

**مورفولوگىيە** — سۆزلەرنىڭ ياسىلىشى، تۈزۈلۈشى، تۈركۈملەرگە بۆلۈنۈشى ھەققىدىكى قائىدە-قانۇنىيەتلەرنىڭ

يىغىندىسى.

**سىنتاكسىس** – تىل ئىلمىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى. سىنتاكسىس جۈملىلەرنىڭ تۈزۈلۈشى، جۈملىدىكى سۆزلەرنىڭ باغلىنىشى، جۈملە بۆلەكلىرى، جۈملىلەرنىڭ تۈرلىرى، جۈملىلەردىكى تىنىش بەلگىلەر توغرىسىدىكى قائىدە-قانۇنىيەتلەرنى تەتقىق قىلىدۇ.

# ئىككىنچى بۆلۈم
# ئۇيغۇر تىلى بىلگۈسىدىن ئاساسىي ساۋاتلار

## بىرىنچى باب فونېتىكا ھەققىدە
## ئومۇمىي چۈشەنچە

فونېتىكا ــ گىرېكچە « Phone » (تاۋۇش، ئۈن) دېگەن سۆزدىن كەلگەن. ئۇ تىلشۇناسلىق ئاتالغۇسى سۈپىتىدە رۇس تىلى ئارقىلىق تىلىمىزغا كىرىپ ئۆزلەشكەن. ھازىر بۇ ئاتالغۇ «تىل تاۋۇشلىرى» ۋە «تىل تاۋۇشلىرىنى تەتقىق قىلىدىغان پەن» دېگەن مەنىلەردە قوللىنىلىدۇ.

**ئەسكەرتىش:** تۆۋەندىكى تىل تاۋۇشلىرى، فونېما ۋە ۋارىيانت، ھەرپ ۋە ئېلىپبە، تىلىمىزدىكى تاۋۇشلار ۋە ئۇلارنىڭ تۈرلىرى، تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىش قانۇنىيىتى قاتارلىق مەزمۇنلار تىل ـ ئەدەبىيات زۆرۈر دەرسلىكىگە كىرگۈزۈلمىگەن. ئەمما كېيىنكى مەزمۇنلار بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكى ۋە زۆرۈرلۈكى كۆزدە تۇتۇلۇپ، مەزكۇر ماتېرىيالغا تاللاپ كىرگۈزۈلدى.

## 1. تىل تاۋۇشلىرى

سۆزلەرنى شەكىللەندۈرگۈچى تاۋۇشلار تىل تاۋۇشلىرى دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇيغۇرتىلىدا 32 تىل تاۋۇشى بار.

ئىنسانلارنىڭ سۆزلەش دائىرىسى ئىنتايىن كەڭ ۋە چەكسىز، ئەمما سۆزلەرنى ئىپادىلەيدىغان تىل تاۋۇشلىرى ئىنتايىن چەكلىك. شۇنىڭ ئۈچۈن تىل تاۋۇشلىرى تىلنى ئىپادە قىلغۇچى ئەڭ كىچىك بىرلىك، يەنى تىلنىڭ ماددىي پوستى ھېسابلىنىدۇ.

## 2. فونېما ۋە ۋارىيانت

سۆزنىڭ فونېتىكىلىق شەكلىنى ۋە مەنىسىنى پەرقلەندۈرۈش رولىغا ئىگە بولغان ئەڭ كىچىك فونېتىكىلىق بىرلىك فونېما دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇيغۇر تىلىدا 30 فونېما بار. مەسىلەن: «تاق» بىلەن «ياق» دېگەن سۆزلەرنىڭ سوزۇق تاۋۇش تەركىبلىرى ئوخشاش، ئەمما ئۈزۈك تاۋۇش تەركىبلىرى ئوخشاش ئەمەس. بۇ سۆزلەرنىڭ تەركىبىدىكى بىر ئۈزۈك تاۋۇش ئۆزگىرىشى بىلەن ئۇلارنىڭ فونېتىكىلىق شەكلى ۋە ئاڭلاتقان مەنىلىرى ئوخشاش بولمىغان ئىككى خىل سۆزگە ئۆزگىرىپ كەتكەن: «باش» بىلەن «بەش» دېگەن ئىككى سۆزنى ئالساق، ئۇلارنىڭ ئۈزۈك تاۋۇش ھەرپلىرى ئوخشاش، ئەمما سوزۇق تاۋۇش ھەرپى ئوخشىماسلىقى تۈپەيلىدىن ئۇلارنىڭ فونېتىكىلىق شەكلى ۋە مەنىلىرى ئۆزگىرىپ، ئوخشاش بولمىغان مەنىدىكى ئىككى خىل سۆزگە ئايلانغان.

**ۋارىيانت** — سۆزلەرنىڭ شەكلى ۋە مەنىسىنى پەرقلەندۈرۈشتە ئاساس بولالمايدىغان تىل تاۋۇشى ۋارىيانت

دەپ ئاتىلىدۇ.
ئۇيغۇرتىلىدا «ف» ۋە «ژ»دىن ئىبارەت ئىككى ۋارىيانت بار.
**«ف» تاۋۇشى «پ» تاۋۇشىنىڭ ۋارىيانتى بولۇپ،** ئەسلى «ف» تاۋۇشى بىلەن يېزىلىدىغان نۇرغۇن سۆزلەر ھازىرقى زامان ئۇيغۇرتىلىدا «پ» تاۋۇشى بىلەن يېزىلىسىمۇ مەنىسى ئۆزگەرمەيدىغان بولدى.
**مەسىلەن:**

| ئەسلىسى | ھازىرقى يېزىلىشى |
|---|---|
| دەفتەر، فەرق | دەپتەر، پەرق |
| فەسىل، فەرمان | پەسىل، پەرمان |
| فەردە، فەرھاد | پەردە، پەرھاد |
| فانى،فالەچ | پانى، پالەچ |

«ژ» تاۋۇشى «ي» بىلەن «ج» تاۋۇشىنىڭ ۋارىيانتى

بەزى شېۋىلەردە «ئى، ئۇ، ئۇ» تاۋۇشلىرىنىڭ ئالدىدا كەلگەن «ي» تاۋۇشى «ژ» تەلەپپۇز قىلىنسىمۇ، لېكىن سۆز مەنىسىدە ئۆزگىرىش بولمايدۇ.
**مەسىلەن:** يىل ـ ژىل، يىلان ـ ژىلان، يىڭنە ـ ژىڭنە، يۇلغۇن
ژۇلغۇن، يۇلۇن ـ ژۇلۇن، يۈرەك ـ ژۈرەك، يۇمران ـ ژۇمران.
يەنە بەزى شېۋىلەردە «ژ» تاۋۇشى بوغۇم ئاخىرىدا كېلىدىغان «ج» تاۋۇشىنىڭ ۋارىيانتى بولۇپ كېلىدۇ.
**مەسىلەن:** باجگىر ـ باژگىر، ئىجتىمائىي ـ ئىژتىمائىي.

مەجلىس ـ مەزلىس، ئۆجمە ـ ئۆزمە، ۋىجدان ـ ۋىژدان . . .

گەرچە «ف»، «ژ» تاۋۇشلىرى مۇستەقىل فونېما بولمىسىمۇ، تىلىمىزدىكى تەقلىد سۆزلەرنى ھەم باشقا تىللاردىن قوبۇل قىلىنغان سۆز ـ ئاتالغۇلارنى، كىشى ئىسىملىرى، يەر ـ جاي ناملىرىنى توغرا يېزىش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ.

**مەسىلەن:** پاژ ـ پۇژ، گاژ ـ گۇژ، پىژ ـ پىژ، گىژىلداش، مىژىلداش، ژۇرنال، پۇرژىنا، بۇرژۇئازىيە، تۇف، سۇف، فابرىكا، فىرانسىيە، فاڭجېن، فۇجيەن، ژاندارما . . .

### 3. ھەرپ ۋە ئېلىپبە

تىل تاۋۇشلىرىنى ئېغىزىمىزدا تەلەپپۇز قىلىمىز، قۇلىقىمىزدا ئاڭلايمىز، ئەمما كۆزىمىز بىلەن كۆرەلمەيمىز. تىل تاۋۇشلىرىنى يېزىقتا ھەرپلەر ئارقىلىق خاتىرىلەيمىز.

تىل تاۋۇشلىرىنى يېزىقتا ئىپادىلەيدىغان ئەڭ كىچىك بەلگە ھەرپ دەپ ئاتىلىدۇ.

ئېلىپبە ـ ھەرپلەرنىڭ شەكلى، نامى ۋە تەرتىپىنى كۆرسىتىدىغان جەدۋەل ئېلىپبە دەپ ئاتىلىدۇ.

ھازىرقى زامان ئېلىپبەسى 32 ھەرپتىن تەشكىل تاپقان بولۇپ، بۇ ھەرپلەرنىڭ شەكلى، نامى ۋە تەرتىپى تۆۋەندىكىچە:

# ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئېلىپبەسى

| تەرتىپى | ئايرىم شەكلى | بېشىدىن ئۇلىنىدىغان شەكلى | باش ۋە ئايىغىدىن ئۇلىنىدىغان شەكلى | ئايىغىدىن ئۇلىنىدىغان شەكلى | نامى |
|---|---|---|---|---|---|
| 1 | ئا // ا | | | ـا // ـئا | ئا |
| 2 | ئە// ە | | | ـە // ـئە | ئە |
| 3 | ب | بـ | ـبـ | ـب | بې |
| 4 | پ | پـ | ـپـ | ـپ | پې |
| 5 | ت | تـ | ـتـ | ـت | تې |
| 6 | ج | جـ | ـجـ | ـج | جې |
| 7 | چ | چـ | ـچـ | ـچ | چې |
| 8 | خ | خـ | ـخـ | ـخ | خې |
| 9 | د | | | ـد | دې |
| 10 | ر | | | ـر | رې |
| 11 | ز | | | ـز | زې |
| 12 | ژ | | | ـژ | ژې |
| 13 | س | سـ | ـسـ | ـس | سې |
| 14 | ش | شـ | ـشـ | ـش | شې |
| 15 | غ | غـ | ـغـ | ـغ | غې |
| 16 | ف | فـ | ـفـ | ـف | فې |
| 17 | ق | قـ | ـقـ | ـق | قې |
| 18 | ك | كـ | ـكـ | ـك | كې |

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| 19 | گ | گـ | ـگـ | ـگ | گې |
| 20 | ڭ | ڭـ | ـڭـ | ـڭ | ڭې |
| 21 | ل | لـ | ـلـ | ـل | لې |
| 22 | م | مـ | ـمـ | ـم | مې |
| 23 | ن | نـ | ـنـ | ـن | نې |
| 24 | ھ | ھـ | ـھـ | | ھې |
| 25 | ئو// و | | | ـو // ئو | ئو |
| 26 | ئۇ// ۇ | | | ـۇ // ئۇ | ئۇ |
| 27 | ئۆ// ۆ | | | ـۆ // ئۆ | ئۆ |
| 28 | ئۈ// ۈ | | | ـۈ // ئۈ | ئۈ |
| 29 | ۋ | | | ـۋ | ۋې |
| 30 | ئې//ې | ئېـ // ېـ | ـېـ // ئېـ | ـې // ئې | ئې |
| 31 | ئى//ى | ئىـ // ىـ | ـىـ// ئىـ | ـى // ئى | ئى |
| 32 | ي | يـ | ـيـ | ـي | يې |

**4. ئۇيغۇر تىلىدىكى تاۋۇشلار ۋە ئۇلارنىڭ تۈرلىرى**

ئۇيغۇر تىلىدا جەمئىي 32 تاۋۇش، 32 ھەرپ بار. ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

ئا ئە ب پ ت ج چ خ د ر ز ژ س ش غ ف ق ك گ ڭ ل م ن ھ ئو ئۇ ئۆ ئۈ ۋ ئې ئى ي

تىلىمىزدىكى بۇ 32 تاۋۇش ئۆپكىدىن چىققان ھاۋا ئېقىمىنىڭ تاۋۇش چىقىرىش ئەزالىرىنىڭ توسالغۇسىغا ئۇچراش ياكى ئۇچرىماسلىقىغا قاراپ، سوزۇق تاۋۇشلار ۋە ئۈزۈك تاۋۇشلار دەپ ئىككى چوڭ تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

1) **سوزۇق تاۋۇشلار:** ئۆپكىدىن چىققان ھاۋا ئېقىمى تاۋۇش چىقىرىش ئەزالىرىنىڭ توسالغۇسىغا ئۇچرىماي سوزۇلۇپ ئېيتىلىدىغان تاۋۇشلار سوزۇق تاۋۇشلار دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدا سەككىز سوزۇق تاۋۇش بولۇپ،

ئۇلار: **ئا، ئە، ئې، ئى، ئو، ئۇ ئۆ، ئۈ**

يۇقىرىقى سەككىز سوزۇق تاۋۇش تەلەپپۇز قىلىنغان چاغدىكى تىل ئورنىغا ۋە بەزى تاۋۇشلارنىڭ تىلىمىزدىكى رولىغا قاراپ تۆۋەندىكى ئۈچ تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

**(1) تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشلار: ئە ئۆ ئۈ**

**(2) تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇشلار: ئا ئو ئۇ**

**(3) تىل ئارا سوزۇق تاۋۇشلار: ئې ئى**

سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ تىل ئورنى جەھەتتىكى تۈرىنى تۆۋەندىكى جۈملە ئارقىلىق تېخىمۇ ئاسان بىلىۋالغىلى بولىدۇ. يەنى:

ماشىنا بىر سائەتتە <u>**ئۆيۈڭگە**</u> <u>**بېرىپ**</u> <u>**بولامدۇ؟**</u>

ئۆ ئۈ ئە ئې ئى  ئو ئا ئۇ

(تىل ئالدى)  (تىل ئارا) (تىل ئارقا)

يەنە بۇ سوزۇق تاۋۇشلار تەلەپپۇز قىلىنغاندا، لەۋلەرنىڭ يۇملاق ھالەتكە كېلىش- كەلمەسلىكىگە قاراپ، لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشلار ۋە لەۋلەشمىگەن سوزۇق تاۋۇشلار دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ.

**(1) لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشلار: ئو ئۇ ئۆ ئۈ**

**(2) لەۋلەشمىگەن سوزۇق تاۋۇشلار: ئا ئە ئې ئى**

2) **ئۈزۈك تاۋۇشلار:** ئۆپكىدىن چىققان ھاۋا ئېقىمى تاۋۇش چىقىرىش ئەزالىرىنىڭ توسالغۇسىغا ئۇچراش ئارقىلىق ئۈزۈپ ئېيتىلىدىغان تاۋۇشلار ئۈزۈك تاۋۇشلار دەپ ئاتىلىدۇ. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدا جەمئىي 24 ئۈزۈك تاۋۇش بار. ئۇلار:

**ب پ ت ج چ خ د ر ز ژ س ش غ ف ق ك گ ڭ ل م ن ھ ۋ ي**

ئۈزۈك تاۋۇشلار تاۋۇش چىقىرىش ئورنى، تاۋۇش چىقىرىش ئۇسۇلى ۋە تاۋۇش پەردىسىنىڭ تىترەش-تىترىمەسلىكى جەھەتتىن تۆۋەندىكىدەك بىر قانچە تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

**تاۋۇش چىقىرىش ئورنى جەھەتتىن بۆلۈنۈشى:**

(1) قوش كالپۇك تاۋۇشلىرى: ب پ م

(2) چىش كالپۇك تاۋۇشلىرى: ف ۋ

(3) تىل ئۇچى ئالدى چىش تۈۋى تاۋۇشلىرى: ت د ن ر ل

(4) تىل ئۇچى ئالدى چىش تاۋۇشلىرى: س ز

(5) تىل ئۈستى ئالدى قاتتىق تاڭلاي تاۋۇشلىرى: ج چ ش ژ

(6) تىل ئۈستى ئارقا قاتتىق تاڭلاي تاۋۇشلىرى: گ ك ي

(7) تىل تۈۋى يۇمشاق تاڭلاي تاۋۇشلىرى: ق ڭ خ غ

(8) بوغۇز تاۋۇشى: ھ

**تاۋۇش چىقىرىش ئۇسۇلى جەھەتتىن بۆلۈنۈشى:**

(1) پارتلىغۇچى تاۋۇشلار: ب پ د ت گ ك ق
(2) پارتلىغۇچى ـ سىيرىلاڭغۇ تاۋۇشلار: ج چ
(3) سىيرىلاڭغۇ تاۋۇشلار: ف ۋ س ز ژ ي غ خ ش ھ
(4) دىماق تاۋۇشلىرى: م ن ڭ
(5) قوۋۇز تاۋۇشى: ل
(6) تىترىگۈچى تاۋۇش: ر

**تاۋۇش پەردىسىنىڭ تىترەش ـ تىترىمەسلىكى جەھەتتىن بۆلۈنۈشى:**
(1) جاراڭلىق ئۈزۈك تاۋۇشلار:
**ب ج د ر ز ژ غ گ ڭ ل م ن ۋ ي ھ**
(2) جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇش:
**پ ت چ خ س ش ف ق ك**

ئۈزۈك تاۋۇشنىڭ جاراڭلىق، جاراڭسىز تۈرىنى تۆۋەندىكى سۆزلەر ئارقىلىق تېخىمۇ ئاسان بىلىۋالغىلى بولىدۇ. يەنى:

**تەخسىكەش چاپاق فاتىخ شەپكە ساقچى**

يۇقىرىقى سۆزلەر تەركىبىدىكى ئۈزۈك تاۋۇشلار پەقەت جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇشلاردۇر. مۇشۇ تاۋۇشلارنىلا بىلىۋالساق، باشقا ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ ھەممىسى جاراڭلىق ئۈزۈك تاۋۇشقا تەۋە.

تاۋۇشلارنىڭ يۇقىرىقى تۈرىنى بىلىۋېلىش ئىملانى توغرىلاش، بولۇپمۇ تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىش قانۇنىيىتىنى بىلىۋېلىشنىڭ ئالدىنقى شەرتى.

### 5. تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىش قانۇنىيىتى

تىلىمىزدا سۆزلەر تەركىبىدىكى سوزۇق تاۋۇشلار تاۋۇش چىقىرىش ئورنى ۋە تاۋۇش چىقىرىش ئۇسۇلى جەھەتتىن، سۆزلەرنىڭ ئاخىرىدىكى سوزۇق ۋە ئۈزۈك تاۋۇشلار بىلەن قوشۇمچىلار تەركىبىدىكى سوزۇق ۋە ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ تاۋۇش چىقىرىش ئورنى، ھالىتى، ئۇسۇلى ھەمدە جاراڭلىق ۋە جاراڭسىز جەھەتتىن ئۆزئارا ماسلىشىپ كېلىشى تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىشى دېيىلىدۇ. ئۇيغۇر تىلىدىكى تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىشى سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىشى ۋە ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىشى دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ.

## §1. سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىشى

ئۇيغۇر تىلىدا كۆپ بوغۇملۇق سۆزلەر تەركىبىدىكى سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ تىلدا پەيدا بولۇش ئورنى ۋە شۇ تاۋۇشنىڭ تەلەپپۇز قىلىنىش ۋاقتىدىكى لەۋنىڭ ھالىتى جەھەتتىن ئۆزئارا ماسلىشىپ كېلىشى سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىشى دېيىلىدۇ.

سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىشى تىل ئورنى جەھەتتىن ماسلىشىش ۋە لەۋ ھالىتى جەھەتتىن ماسلىشىشتىن ئىبارەت ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ.

### 1. تىل ئورنى جەھەتتىن ماسلىشىشى

تۈپ سۆزلەردىكى، شۇنىڭدەك تۈپ سۆزلەر بىلەن تۈپ سۆزلەرگە ئۇلىنىدىغان قوشۇمچىلار تەركىبىدىكى سوزۇق

تاۋۇشلىرىنىڭ تىل ئورنى جەھەتتىن ئۆزئارا ماسلىشىپ كېلىشى سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ تىل ئورنى جەھەتتىن ماسلىشىشى دەپ ئاتىلىدۇ.

**مەسىلەن:** ئانار، ئارغامچا، بايراق، تاختاي باھاسى، ھاياجانلاندۇرۇش، ئۆيگە، مەكتەپكە. . .

## 2. لەۋ ھالىتى جەھەتتىن ماسلىشىشى

سوزۇق تاۋۇشلار تىل ئورنى جەھەتتىن ماسلىشىش ئاساسىدا يەنە لەۋ ھالىتى جەھەتتىنمۇ ئۆزئارا ماسلىشىپ كېلىدۇ. لەۋ ھالىتى جەھەتتىن ماسلىشىش پەقەت لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشلار بىلەنلا مۇناسىۋەتلىك.

تىل ئالدى لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشلار بىلەن تۈزۈلگەن سۆزلەرگە، ياكى ئاخىرقى بوغۇمى تىل ئالدى لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشلار بىلەن تۈزۈلگەن كۆپ بوغۇملۇق سۆزلەرگە تىل ئالدى لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشلۇق قوشۇمچىلار ئۇلىنىدۇ.

**مەسىلەن:** كۆز- كۆزۈم، كۆزۈڭ، كۆزلۈك

ئۆرۈك- ئۆرۈكۈم، ئۆرۈكۈڭ، ئۆرۈكلۈك

ئۈزۈك- ئۈزۈكۈم، ئۈزۈكۈڭ، ئۈزۈكلۈك

تىل ئارقا لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇش بىلەن تۈزۈلگەن سۆزلەرگە، شۇنداقلا ئاخىرقى بوغۇمى تىل ئارقا لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇش بىلەن تۈزۈلگەن كۆپ بوغۇملۇق سۆزلەرگە تىل ئارقا لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشلۇق قوشۇمچىلار ئۇلىنىدۇ.

**مەسىلەن:** بوي- بويۇم، بويۇڭ؛ ئوغۇل- ئوغلۇم، ئوغۇللۇق؛

ئويۇنچۇق ـ ئويۇنچۇقۇم، ئويۇنچۇقۇڭ

1 ـ كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى مىسرالارنى ئوقۇپ، سۆزلەر تەركىبىدىكى تاۋۇشلارنىڭ قايسى جەھەتتىن ماسلىشىپ كەلگەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىڭ.

بىلىم بەرگەن ئۇستازىڭنى ئاتاڭدىنمۇ ئارتۇق بىل،
ئۇنىڭغا دىلىڭدىن ئىززەت، ئىكرام قىل.

## §2. ئارا سوزۇق تاۋۇشلار

**« ئې، ئى »**

ئارا سوزۇق تاۋۇش «ئى،ئې» لارنىڭ باشقا سوزۇق تاۋۇشلار بىلەن ماسلىشىش خۇسۇسىيىتىدە ئىككى خىللىق بولغانلىقى ئۈچۈن بۇ سوزۇق تاۋۇشلار بىلەن تۈزۈلگەن سۆزلەرگە قوشۇمچىلار تۆۋەندىكى قائىدىلەر بويىچە ئۇلىنىدۇ:

ئارا سوزۇق تاۋۇش «ئى، ئې» لار بىلەنلا تۈزۈلگەن بىر ياكى كۆپ بوغۇملۇق سۆزلەرنىڭ تەركىبىدە «ك،گ» تاۋۇشلىرى بولسا تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشلۇق قوشۇمچىلار ئۇلىنىدۇ؛ «ك،گ» تاۋۇشلىرى بولمىسا، تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇشلۇق قوشۇمچىلار ئۇلىنىدۇ.

**مەسىلەن:** ئېگىز + دە = ئېگىزدە، تېرەك + تە = تېرەكتە، ئېرىق + تا = ئېرىقتا، ئېغىز + دا = ئېغىزدا لېكىن. تەقلىد سۆزلەر بۇ قائىدىگە بويسۇنمايدۇ.

**مەسىلەن:** چىك + ىلدا = چىكىلدا، گىژ + ىلدا = گىژىلدا

ئاخىرقى بوغۇمى «چە» بولغان سۆزلەر ياكى «چە» قوشۇمچىسى ئۇلىنىپ كەلگەن سۆزلەرگە قوشۇمچە ئۇلاشتا «چە» بوغۇمىنىڭ ئالدىدىكى بوغۇمدا تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇش بولسا، تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشلۇق قوشۇمچىلار، تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇش بولسا، تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇشلۇق قوشۇمچىلار ئۇلىنىدۇ.

مەسىلەن: باغچە ـ باغچىلار، باغچىغا، باغچىدا

قەلەمچە ـ قەلەمچىلەر، قەلەمچىگە، ئۆنچە ـ ئۆنچىلەر، ئۆنچىگە

لېكىن، «چە» بىلەن ئاياغلاشقان بارلىق ئالماشلارغا يەنىلا تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشلۇق قوشۇمچىلار ئۇلىنىدۇ.

مەسىلەن: بۇنچە ـ بۇنچىلىك، ئۇنچىگە، سەنچە ـ سەنچىلىك، سەندەك، شۇنچە ـ شۇنچىلىك، شۇنچىگە

«ئا، ئە» تاۋۇشلىرى بىلەن تۈزۈلگەن بىر بوغۇملۇق، ياكى كۆپ بوغۇملۇق سۆزلەرگە «ئى» تاۋۇشى بىلەن تۈزۈلگەن قوشۇمچىلار ئۇلىنىپ، شۇ سۆزلەرنىڭ تەركىبىدىكى «ئا، ئە» سوزۇق تاۋۇشلىرى «ئې» ياكى «ئى» غا ئۆزگەرگەندىن كېيىن يەنە قوشۇمچە ئۇلاشقا توغرا كەلسە، شۇ سۆزلەرنىڭ ئەسلىي ھالىتى بويىچە ئۇلىنىدۇ.

مەسىلەن: بار ـ بېرىش، بېرىشقا، بېرىشتا، بېرىشقان

بەر ـ بېرىش، بېرىشكە، بېرىشتە، بېرىشكەن.

2 ـ كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى سۆزلەرگە قوشۇمچىلارنىڭ

ئۆلىنىشى توغرىمۇ؟ توغرا بولغانلىرىغا «√» بەلگىسىنى، خاتا بولغانلىرىغا «x» بەلگىسىنى قويۇڭ.

ئائىلىلەرگە ( )، ئائىلىمىزدە ( )، ساپاگە ( )، يوقسۇللارغا ( )، سەنئەتكە ( )، ئۈمىدلىق ( )، ئارزۇلەرگە ( )، دۆلەتلارغا ( ).

## §3. ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىشى

سۆزلەرنىڭ ئاخىرىدىكى ئۈزۈك تاۋۇشنىڭ جاراڭلىق ياكى جاراڭسىز بولۇشىغا قاراپ، قوشۇمچىلارنىڭ شۇنىڭغا ماس شەكلىنىڭ ئۇلىنىپ كېلىشى ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىشى دېيىلىدۇ.

مەسىلەن: قول ـ قولغا، قولدىن. ئاش ـ ئاشقا،ئاشتىن.

بازار ـ بازارغا، بازاردىن. ياتاق ـ ياتاققا، ياتاقتىن.

سۆزلەرگە قوشۇمچىلار تۆۋەندىكى قائىدە بويىچە ئۇلىنىدۇ: «د، ب» تاۋۇشلىرىدىن باشقا جاراڭلىق ئۈزۈك تاۋۇشلار بىلەن ئاياغلاشقان سۆزلەرگە قوشۇمچىلارنىڭ جاراڭلىق ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن باشلانغان شەكلى ئۇلىنىدۇ.

**مەسىلەن:** باغ ـ باغدىن، باغدا. نان ـ ناندىن، نانغا، نان‌دا. قورال ـ قورالدىن، قورالغا، قورالدا. كەپتەر ـ كەپتەردىن، كەپتەرگە.

«د، ب» بىلەن ئاياغلاشقان سۆزلەرگە جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن باشلانغان قوشۇمچىلار ئۇلىنىدۇ.

**مەسىلەن:** كىتاب ـ كىتابقا، كىتابتا، كىتابتىن، ئەۋلاد ـ ئەۋلادقا، ئەۋلادتا، ئەۋلادتىن.

ئاخىرى «غ، گ» ئۇزۇك تاۋۇشلىرى بىلەن ئاياغلاشقان سۆزلەرگە يەنە «غ، گ» بىلەن باشلانغان قوشۇمچىلارنى ئۇلاپ تەلەپپۇز قىلىش قىيىن بولغانلىقى ئۈچۈن، «ق، ك» بىلەن باشلانغان قوشۇمچىلار ئۇلىنىدۇ.

**مەسىلەن:** تاغ + قا = تاغقا (تاغغا ئەمەس)

تۇغ + قان = تۇغقان (تۇغغان ئەمەس). ئەگ + كەن = (ئەگگەن ئەمەس)، چىگ + كەن = چىگكەن (چىگگەن ئەمەس). تۇگ + كەن = (تۇگگەن ئەمەس)

**3 ـ كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى سۆزلەرگە قوشۇمچىلارنىڭ ئۇلىنىشى قائىدىگە ئۇيغۇنمۇ؟ ئۇيغۇن بولمىسا توغرىلاپ كۆچۈرۈڭ.

ئۆگىنىشكە، ئۆگۈتۈش، پۈتلۈرۈم، كۆرسۈتمەن، سائەت بەشدە، ئەۋلاددىن، كىتابغا، ئەگگەن، تۇزۇتۇڭ، قۇلۇقۇم، ئونلەر، مىڭلەر، سانسىزلىگەن، تاپشۇرمەيمەن، قوزغۇلۇش.

## §4. بەزى سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئاجىزلىشىشى

بىر قىسىم سۆزلەرگە قوشۇمچىلار ئۇلانغاندا، ئۇلارنىڭ تەركىبىدىكى بەزى سوزۇق تاۋۇشلار ئاجىزلىشىدۇ ۋە ئاجىزلاشقىنى بويىچە يېزىلىدۇ.

**مەسىلەن:** باش + ىم = بېشىم

ياتاق + ىم = ياتىقىم

خەت + ى = خېتى

ئال + ىپ = ئېلىپ

كەل + ىلىك = كېلىلىك

«ئا، ئە» تاۋۇشلىرى بىلەن تۈزۈلگەن بىر بوغۇملۇق سۆزلەرگە قوشۇمچىلار ئۇلانغاندا «ئا، ئە» تاۋۇشلىرى «ئېي» تاۋۇشىغا ئاجىزلىشىدۇ ھەم شۇنداق يېزىلىدۇ.

**مەسىلەن:** ئات + ى = ئېتى مال + ىلىك = مېلىلىك

قان + ىم = قېنىم كەل + ىەر = كېلەر

«ئا، ئە» تاۋۇشلىرى بىلەن ئاخىرلاشقان كۆپ بوغۇملۇق سۆزلەرگە قوشۇمچىلار ئۇلانغاندا «ئا، ئە» تاۋۇشلىرى «ئى» تاۋۇشىغا ئاجىزلىشىدۇ ھەم شۇنداق يېزىلىدۇ.

**مەسىلەن:** ياسا + غان = ياسىغان بالا + لار = بالىلار

ئاسان + ئى = ئاسىنى ئاتاق + ئى = ئاتىقى

سۆزلە + مەك = سۆزلىمەك ئىشلە + دە = ئىشلىدە

دەپتەر + ىم = دەپتىرىم قەلەم + ىلىك = قەلىمىلىك

بەزى سۆزلەر تۇراقلىق ئۇرغۇغا ئىگە بولغاچقا، قوشۇمچىلار ئۇلانغاندا «ئا، ئە» تاۋۇشلىرى ئاجىزلاشمايدۇ ھەم ئاجىزلاشتۇرۇلماي يېزىلىدۇ.

**مەسىلەن:** سان ـ سانى، تەم ـ تەمى، ئەخلاق ـ ئەخلاقى، گۇناھ ـ گۇناھى

**4ـ كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى سۆزلەرنى ئوقۇپ، «ئا، ئە» تاۋۇشلىرى ئاجىزلاشقان تاۋۇشلارنىڭ ئاستىغا سىزىڭ.

ئىشلىمىزنىڭ، مەملىكىتىمىزگە، ساۋاقداشلىرىڭ،

بېشــىمغا، كېلىۋاتــىدۇ، ئىشــلىمىدى، ئېتمىــز، كــۆڭلىكى، قائىدىسى، كــۆزلىرىم، يېزىــۋاتىمەن، كېتەمســىز، كــۆز يېشــى، ئۆگىنىش، سېلىنمىدى، يوقىلىپتۇ.

## §5. تاۋۇشلارنىڭ چۈشۈپ قېلىشى ۋە قوشۇلۇپ قېلىشى

تۆۋەندىكى سۆزلەرگە قوشۇمچىلار ئۇلانغاندا، قانداق تاۋۇش ئۆزگىرىشى بولىدىغانلىقىغا دىققەت قىلىڭ.

سىڭىل + ىم = سىڭلىم، (سىڭلىسى)؛ ئىملا + ىم = ئىملايىم، (ئىملايىڭ)؛ ۋاقىت + ىڭلار = ۋاقتىڭلار، (ۋاقتى، ۋاقتىمىز)؛ ئوغۇل + ۇڭ = ئوغلۇڭ، (ئوغلى، ئوغلىمىز)؛

نەسىل + ى = نەسلى، (نەسلىڭلار، نەسلىمىز)؛ قىسىم + ى = قىسمى؛ ھۆكۈم + ى = ھۆكمى

يېپىق بوغۇم بىلەن ئاياغلاشقان ئىككى بوغۇملۇق بەزى سۆزلەرنىڭ ئاخىرقى بوغۇمىدىكى «ئى،ئۇ،ئۈ» تاۋۇشلىرى شۇ سۆزلەرگە شەخس قوشۇمچىلىرى ئۇلانغاندا چۈشۈپ قالىدۇ.

مەسىلەن: كۆڭۈل + ى = كۆڭلى؛ ئورۇن + ۇم = ئورنۇم؛ جىسىم + ى = جىسمى؛ ئۆمۈر + ى = ئۆمرى؛ ئىلىم + ى = ئىلمى؛ زېھىن + ى = زېھنى

ئوچۇق بوغۇم بىلەن ئاياغلاشقان بەزى سۆزلەرگە بىرىنچى، ئىككىنچى شەخس قوشۇمچىلىرى ئۇلانغاندا، قوشۇمچىنىڭ ئالدىغا بىر «ي» تاۋۇشى قوشۇلۇپ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ ۋە

شۇنداق يېزىلىدۇ. ئۈچىنچى شەخس قوشۇمچىسى ئۈچۈن ئوخشاشلا «سى» قوشۇلىدۇ.

**مەسىلەن:** ئىملا + ىم = ئىملايىم، ئىملايىڭ، ئىملاسى ؛ پولۇ + ۇم = پولۇيۇم، پولۇيۇڭ، پولۇسى ؛ توخۇ + ۇم = توخۇيۇم، توخۇيۇڭ، توخۇسى ؛ بىنا + ىم = بىنايىم، بىنايىمىز، بىنايىڭ، بىنايىڭلار، بىنا + سى = بىناسى
سۇ + ۇم = سۇيۇم، سۇيۇڭ

پەقەت «سۇ» سۆزىگىلا ئۈچىنچى شەخستە «سى» قوشۇلماي «ى» قوشۇلىدۇ. **مەسىلەن:** سۇ + ى = سۇيى

بەزى ئۈچۈق بىر بوغۇملۇق سۆزلەرگە قوشۇمچىلار ئۇلانغاندا، قوشۇمچىلار ئالدىغا «ي» تاۋۇشى قوشۇلۇپ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ ۋە شۇنداق يېزىلىدۇ.

**مەسىلەن:** دە + ىش = دېيىش؛ يە + ىش = يېيىش؛
يە + ىلدى = يېيىلدى؛ يۇ + ۇش = يۇيۇش؛
سۇ + ى = سۇيى؛ يۇ + ۇلدى = يۇيۇلدى؛

5 ـ كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى سۆزلەرگە بېرىلگەن قوشۇمچىلارنى ئۇلاپ يېزىڭلار، ئۇلاردا قانداق تاۋۇش ئۆزگىرىشى بولغانلىقىنى ئېيتىپ بېرىڭلار.

| | |
|---|---|
| ئوغۇل + ۇم = ئوغلۇم | ئەزا + ىم = ئەزايىم |
| ئورۇن + ۇڭ = ئورنۇڭ | سۇ + ۇم = سۇيۇم |
| سۇ + ى = سۇيى | يە + ىش = يېيىش |
| بىنا + ىڭ = بىنايىڭ | كۆڭۈل + ۈڭلار = كۆڭلۈڭلار |

يو + ۋك = يويۇك            ۋاقىت + ىمىز = ۋاقتىمىز

## §6. ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ ئىملاسى

ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن ئاياغلاشقان سۆزلەرگە قوشۇمچىلار ئۇلانغاندا، سۆزنىڭ ئاخىرىدىكى ئۈزۈك تاۋۇشتا پەيدا بولىدىغان تەلەپپۇزدىكى فونېتىكىلىق ئۆزگىرىش يېزىقتا ئىپادىلەنمەيدۇ.

**مەسىلەن:** ئاتاق + لىق = ئاتاقلىق (ئاتاغلىق ئەمەس)

كېرەك + لىك = كېرەكلىك (كېرەگلىك ئەمەس)

چىرايلىق + راق = چىرايلىقراق (چىرايلىغراق ئەمەس)

ساق + لا = ساقلا (ساخلا ئەمەس)

ئاچ + قان = ئاچقان (ئاشقان ئەمەس)

ئاخىرى «ق، ك، پ» تاۋۇشلىرى بىلەن ئاياغلاشقان كۆپ بوغۇملۇق سۆزلەرگە شەخس قوشۇمچىلىرى ئۇلانغاندا، سۆز ئاخىرىدىكى «ق، ك، پ» تاۋۇشلىرى ئېغىزدا «غ، گ، ۋ» تەلەپپۇز قىلىنىسىمۇ، ئەمما يېزىقتا «غ، گ، ۋ» تاۋۇشلىرىغا ئۆزگەرتىلمەي «ق، ك، پ» بويىچە يېزىلىدۇ.

**مەسىلەن:** قوشاق ـ قوشىقى (قوشىغى ئەمەس)

تىلەك ـ تىلىكى (تىلىگى ئەمەس)

تەكلىپ ـ تەكلىپى (تەكلىۋى ئەمەس)

ئېرىق ـ ئېرىقى (ئېرىغى ئەمەس)

يۇقىرىدا ئېيتىلغاندەك ئاخىرى«غ» ۋە «گ» تاۋۇشلىرى بىلەن ئاياغلاشقان سۆزلەرگە يەنە «غ» ۋە «گ» تاۋۇشلىرى

بىلەن باشلىنىدىغان قوشۇمچىلارنى قوشۇپ تەلەپپۇز قىلىش ئەپسىز بولغاچقا، «ق» ۋە «ك» بىلەن باشلىنىدىغان قوشۇمچىلار ئۇلىنىدۇ، بۇچاغدا سۆز ئاخىرىدىكى «غ، گ» تاۋۇشلىرى «ق، ك» تەلەپپۇز قىلىنىسىمۇ، ئەمما يېزىقتا يەنىلا «غ، گ» بويىچە ئۆزگەرتىلمەي يېزىلىدۇ.

**مەسىلەن:** باغ ـ باغقا (باققا ئەمەس)؛ چوغ ـ چوغقا (چوققا ئەمەس)

ئەگ ـ ئەگكەن (ئەككەن ئەمەس)؛ تۆگ ـ تۆگكەن (تۆككەن ئەمەس)

بوغ ـ بوغقان (بوققان ئەمەس)؛ چىگ ـ چىگكەن (چىككەن ئەمەس)

بىر قىسىم سۆزلەرنىڭ ئاخىرىدىكى «د، ب» تاۋۇشلىرى تەلەپپۇزدا «ت، پ» ئېيتىلسىمۇ، ئەمما شەخس قوشۇمچىلىرى ئۇلانغاندا، يەنىلا «د، ب» بولۇپ ئېيتىلسا، يېزىقتا «د، ب» قىلىپ يېزىلىدۇ، بۇ قوشۇمچىلارنىڭ تەسىرى بىلەن سۆز ئاخىرىدىكى «د، ب» تاۋۇشلىرى «ت، ۋ» بولۇپ ئېيتىلسىمۇ، يېزىقتا يەنىلا «د، ب» بويىچە يېزىلىدۇ.

**مەسىلەن:** مۇراد ـ مۇرادقا، مۇرادتا؛ ئىقتىساد ـ ئىقتىسادقا؛ ھېساب ـ ھېسابقا، ھېسابتا، ھېسابى

بەزى سۆزلەرنىڭ ئاخىرىدىكى «ت» تاۋۇشى قوشۇمچىلار ئۇلانغاندا پەيدا بولسا، چۈشۈرۈلمەي يېزىلىدۇ. پەيدا بولمىسا، چۈشۈرۈپ يېزىلىدۇ.

**مەسىلەن:** دوست ـ دوستى (دوس ئەمەس)؛ راست ـ

راستىڭنى (راس ئەمەس): گۆش-گۆشى (گۆشت ئەمەس)

**6-كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى جۈملىلەرنىڭ ئۈزۈك تاۋۇشلىرىدا كۆرۈلگەن ئىملا خاتالىقىنى تۈزىتىڭ.

1) بالام، باققا كىرىپ، مېۋە ئۈزۈپ چىقىڭە. 2) بۈگۈن كەشتىكى پائالىيەت سائەت بەشتە باشلىنىدۇ. 3) سېنىڭ قۇلۇقۇڭ نېمانداق قاتتىق؟ 4) بىلىگىڭ كارغا كەلمىسە، كېرىگىم بار دېمىگىن. 5) بۇ يەردە كېيىنكى ئەۋلاتلارنىڭمۇ ھەققى بار. 6) بىز ئىككىمىز بىر تۇققان. 7) دوسلار، بىز بۇ رەختە كىيىم تىككۈزەيلىمۇ؟

## ئىككىنچى باب لېكسىكا ھەققىدە
## ئومۇمىي چۈشەنچە

لېكسىكا تېخىمۇ توغرىسى لېكسىكولوگىيە دېگەن بۇ ئاتالغۇ گىرېك تىلىدىكى « lexikos» (سۆز) ۋە « logos » (تەلىمات، ئىلىم ـ پەن) دېگەن ئىككى سۆزدىن تەركىب تاپقان تىلشۇناسلىق ئاتالغۇسى بولۇپ، «سۆز ھەققىدىكى تەلىمات»، «لۇغەت تەركىبى ھەققىدىكى پەن» دېگەن مەنىلەردە قوللىنىلىدۇ. دېمەك، لېكسىكا تىلنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى بولغان سۆز ۋە لۇغەت تەركىبىي سىستېمىسىنى تەتقىق قىلىدىغان پەن.

### §1. لۇغەت تەركىبى

بىرەر تىلغا مەنسۇپ بولغان بارلىق سۆزلەرنىڭ يىغىندىسى لۇغەت تەركىبى دەپ ئاتىلىدۇ.

لۇغەت تەركىبى بىر مىللەتنىڭ تىل بايلىقى ھېسابلىنىدۇ. ھەرقانداق تىلدىكى لۇغەت تەركىبىنىڭ دائىرىسى ناھايىتى كەڭ بولىدۇ. جۈملىدىن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى ئۇزۇن يىللىق تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا شەكىللەنگەن. ئۇيغۇر تىلىنىڭ لۇغەت تەركىبىدىكى سۆزلەر

قـوللـىنىش دائىرىسـىگە قـاراپ ئاساسـىي لـۇغەت تەركىبـى ۋە ئادەتتىكى لۇغەت تەركىبى دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

## 1. ئاساسىي لۇغەت تەركىبى

لۇغەت تەركىبى ئىچىدىكى ئەڭ تۇراقلىق، ئىشلىتىلىش دائىرىسى كەڭ بولغـان ۋە يېڭـى سـۆزلەرنى ياساشـتا ئاسـاس بولىدىغان سۆزلەر ئاساسىي لۇغەت تەركىبى دېيىلىدۇ.

ئاساسىي لۇغەت تەركىبىگە كىرىدىغان سـۆزلەر تۆۋەنـدىكى ئۈچ خىل ئالاھىدىلىككە ئىگە:

1) ئاساسـىي لـۇغەت تەركىـبىگە كىرىـدىغان سـۆزلەر شـۇ تىلدا سۆزلىشىدىغان بارلىق كىشىلەر ئۈچۈن چۈشىنىشلىك بولغـان، كەڭ قوللىنىلىـدىغان سـۆزلەردۇر. شـۇڭا ئـۇ لـۇغەت تەركىبىنىڭ مەركىزى ھېسابلىنىدۇ.

2) ئاساسـىي لـۇغەت تەركىـبىگە كىرىـدىغان سـۆزلەر شـۇ تىلدا ئۇزاق تارىخقا ئىگە، ئـۇزۇن زامـانلاردىن بېـرى ئـۆزگەرمەي قوللىنىپ كېلىۋاتقان ئاممىباب سۆزلەردىن ئىبارەت.

3) ئاساسـىي لـۇغەت تەركىـبىگە كىرىـدىغان سـۆزلەر تىلىمىـزدا يېڭـى سـۆزلەرنىڭ ياسىلىشـىغا ئاسـاس بولىـدۇ. تىلىمىزدىكـى نۇرغـۇن سـۆزلەر ئاساسـىي لـۇغەت تەركىـبىگە كىرىـدىغان سـۆزلەرگە قوشـۇمچىلارنى قوشـۇش يـاكى باشـقا سۆزلەرنى بىرىكتۈرۈش ئارقىلىق ياسالغان.

## 2. ئادەتتىكى لۇغەت تەركىبى

تىلىمىزدىكـى ئاساسـىي لـۇغەت تەركىـبىگە تەۋە بولغـان سۆزلەردىن باشقا بارلىق سۆزلەر ئادەتتىكى لۇغەت تەركىبى دەپ

ئاتىلىدۇ.

ئاددىي تىلىمىزدىكى ئادەتتىكى لۇغەت تەركىبىگە كىرىدىغان سۆزلەرنىڭ خۇسۇسىيەت، ئالاھىدىلىكلىرى ئاساسىي لۇغەت تەركىبىگە كىرىدىغان سۆزلەرنىڭ خۇسۇسىيەت، ئالاھىدىلىكلىرىگە ئوخشىمايدۇ. يەنى ئادەتتىكى لۇغەت تەركىبىدىكى سۆزلەر شۇ تىلدا سۆزلىشىدىغان ئومۇمىي كىشىلەرگە بىردەك چۈشىنىشلىك بولمايدۇ. ئادەتتىكى لۇغەت تەركىبىدىكى بىرقىسىم سۆزلەر ئايرىم كەسىپلەردە، يەنە بىر قىسىم سۆزلەر زىيالىيلار ئارىسىدىلا قوللىنىلىدۇ.

ئادەتتىكى لۇغەت تەركىبى تۇراقسىز بولىدۇ. جەمئىيەتنىڭ ئىقتىسادى، مەدەنىيىتى، پەن ـ تېخنىكىسى، تۇرمۇش ئەھۋاللىرىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ماسلىشىپ ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ، ئۇزۇكسىز راۋاجلىنىپ، بېيىپ تەرەققىي قىلىپ تۇرىدۇ. بۇنداق ئۆزگىرىش ئاساسىي لۇغەت تەركىبىگە كىرىدىغان سۆزلەرگە قارىغاندا تېز ھەم زور بولىدۇ.

1 ـ **كۆنۈكمە:** ئەدەبىي كىتابلاردىن قىسقا بىر ئابزاسنى ئوقۇپ، ئۇنىڭدىكى ئادەتتىكى لۇغەت تەركىبىگە تەۋە بولغان سۆزلەرنىڭ ئاستىغا سىزىڭ.

2 ـ **كۆنۈكمە:** ئۆز يۇرتىڭىزدىكى يەرلىك شېۋە سۆزلىرىدىن 10 نى يېزىڭ.

خوتەننىڭ يەرلىك شېۋە سۆزلىرى:

ئۆمۈلاقمان (ھەمىشە، ھەردائىم): لەڭگۈك (ئەپكەش):

مۇت (بىكارلىق، ھەقسىز): ھاللاك (ئوچۇق):

ھۆددەس (زادى، پەقەت): بىقۇز (سەل ـ پەل، ئازراق):
بازمانلىق (كەچقۇرۇن، ئاخشام): بوغۇناق (چاڭ ـ توزان):
ھاپپال (تەستەك، شاپىلاق):

## §2. چۈشەنچە ۋە سۆز

ئوبيېكتىپ شەيئىلەر ۋە ئۇلارنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنىڭ كىشىلەر مېڭىسىدە ئەكس ئېتىشى چۈشەنچە (ئۇقۇم) دەپ ئاتىلىدۇ.

مەسىلەن: «قەلەم» دېسەك، بۇ سۆز يېزىقچىلىقتا قوللىنىلىدىغان بىر خىل قورال نامى (تىل بەلگىسى) نى بىلدۈرىدۇ، بىز ئۇنىڭدا خەت يېزىشتا ئىشلىتىلىدىغان مېتال ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەردىن ياسالغان يېزىقچىلىق ئەسۋابى دېگەن مەنىنى بىلەلەيمىز.

بەلگىلىك بىر مەنىگە ئىگە، ئەركىن ئىشلىتىشكە بولىدىغان تىل بىرلىكى سۆز دەپ ئاتىلىدۇ.

مەسىلەن: كۈن، كۆمۈر، سۇ، باغ، تاغ، ئادەم، ئوقۇغۇچى، كىيىم، گۈزەل ۋە باشقىلار. جۈملە سۆزلەرنىڭ بىرىكتۈرۈلۈشىدىن تۈزۈلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن سۆزنى جۈملىنىڭ ئەڭ زۆرۈر قۇرۇلۇش ماتېرىيالى دەيمىز. سۆز بولمىسا، جۈملە تۈزگىلى بولمايدۇ. چۈشەنچە بىلەن سۆز بىر ـ بىرىگە زىچ مۇناسىۋەتلىك، لېكىن ئۇلار بىر نەرسە ئەمەس. ئىككىسىنىڭ پەرقىنى مۇنۇ بىرقانچە تەرەپلەردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ:

1. ھەرقانداق چۈشەنچە سۆز ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ، لېكىن ياردەمچى سۆزلەر بىلەن ئىملىق سۆزلەر گەرچە سۆز

ھېسابلانسىمۇ، ئەمما نەرسىلەر توغرىسىدا بىرەر چۈشەنچە، ئۇقۇمنى بىلدۈرەلمەيدۇ.

2. چۈشەنچىلەرنىڭ كۆپىنچىسى بىر سۆز بىلەن ئىپادىلىنىدۇ، بەزى چۈشەنچىلەر ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق سۆزنىڭ بىرىكىشى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ.

**مەسىلەن:** «ئاقبۇلاق» مەلۇم جاينىڭ نامى بولسىمۇ، لېكىن بۇ چۈشەنچە «ئاق» ۋە «بۇلاق» دېگەن ئىككى سۆزنىڭ بىرىكىشى ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن.

**بەزى چۈشەنچىلەر بىرقانچە سۆز بىلەنمۇ ئىپادىلىنىدۇ.**

**مەسىلەن:** يۈز ـ چىراي، جامال، رۇخسار، ھۆسن دېگەن سۆزلەر بىر خىل مەنىگە ئىگە.

3. بەزىدە بىر سۆز ئارقىلىق بىرلا چۈشەنچىنى ئەمەس، بەلكى بىرقانچە چۈشەنچە ۋە مەنىنى ئىپادىلەشكىمۇ بولىدۇ. «ئاق رەخت»، «ئاق يول»، «ئاق كۆڭۈل» دېسەك، «ئاق» سۆزى رەڭنى، ئوڭۇشلۇقنى، سەمىمىيلىكنى بىلدۈرۈپ كەلدى. «ئىشىك ئوچۇق»، «ھاۋا ئوچۇق»، «كۆڭلى ئوچۇق» دېسەك، «ئوچۇق» سۆزى ئۈچ خىل مەنىدىكى چۈشەنچىنى ئىپادىلەيدۇ.

**3 ـ كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى سۆزلەردە چۈشەنچىلەرنىڭ قانداق ئىپادىلەنگەنلىكىنى سۆزلەپ بېرىڭ.

قەلب، سەلتەنەت، دەريا، گۈلدەستە، سوۋغا، تاپشۇرۇق، پائالىيەت، ساپ، ئويلاش، سالام، ساغلام

## §3. سۆز شەكلى ۋە سۆز مەنىسى

سۆز تاۋۇشلاردىن تۈزۈلىدۇ. سۆزلەردىكى تاۋۇشلارنىڭ سانى ۋە بىرىكىش شەكلى ئوخشاش بولمايدۇ. سۆزلەر تاۋۇش بىلەن مەنىنىڭ بىرىكىشىدىن تۈزۈلىدۇ.

سۆزنىڭ تاۋۇشلۇق تۈزۈلۈشى ئۇنىڭ شەكلى بولىدۇ.

تاۋۇش سۆزنىڭ تاشقى پوستى، شەكىل سۆزنىڭ گىرامماتىكىلىق شەكلى، مەنە سۆزنىڭ مەزمۇنىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن سۆزدىكى تاۋۇشلارنىڭ بىرىكىشى مۇقەررەر بىر مەنىنى بىلدۈرىدۇ، شۇنداقلا ھەرقانداق بىر مەنە مەلۇم شەكىل ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. دېمەك، ھەرقانداق سۆز تاۋۇش، شەكىل، مەنىدىن ئىبارەت ئۈچ ئامىلنىڭ بىرىكمىسىدىن ھاسىل بولىدۇ.

بىر تىلغا نىسبەتەن سۆز شەكلى بىلەن سۆز مەنىسى ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىش تۇراقلىق بولىدۇ. سۆز شەكلى ئۆزگەرسە سۆز مەنىسىمۇ ئۆزگىرىدۇ.

سۆزدە ئىپادىلەنگەن مەزمۇن سۆز مەنىسى دېيىلىدۇ.

**4-كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ شەكلى بىلەن مەنىسىدە قانداق پەرقلەر بار؟

| | | | |
|---|---|---|---|
| تېز | تىز | سىلىق | سېلىق |
| قەتئىي | قەددى | ئورۇش | ئۇرۇش |
| چىن | چىڭ | كايىش | كاھىش |
| تەتقىق | تەتبىق | ئاساس | ئاساسىي |
| ئانا | ئانار | ئاشتى | ئاچتى |

## §4. سۆزنىڭ ئەسلىي ۋە كۆچمە مەنىسى

مەلۇم بىر سۆزنىڭ ئەسلىدىكى ئۆزىگە خاس لېكسىكىلىق مەنىسى سۆزنىڭ ئەسلىي مەنىسى دېيىلىدۇ.

**مەسىلەن:** ئېگىز تاغ، گۈزەل يېزا

«سال» سۆزىنى ئەسلىدە «ساندۇققا سال»، «قازانغا سال» دەپ ئىشلىتىمىز. ھازىر ئۇنى يەنە «يولغا سال»، «قۇلاق سال»، «بەس سال»، «نەزەر سال»، «قول سال»، «تەرتىپكە سال»، «ئاھاڭغا سال»، «مەبلەغ سال» دېگەندەك نۇرغۇن مەنىلەردە قوللىنىمىز.

سۆزنىڭ ئەسلىي مەنە ياكى كۆچمە مەنىدە كەلگەنلىكى يەككە سۆزدە ئىپادىلەنمەيدۇ، پەقەت جۈملە ئىچىدە كەلگەندىلا بىلىنىدۇ، سۆز بىرىكمىلىرىدىمۇ ئۇچرايدۇ.

**مەسىلەن:** «قۇشنىڭ قانىتى» دېسەك، بۇ يەردىكى «قانات» سۆزنىڭ ئەسلىي مەنىسىدە كەلگەن. «ئىشىكنىڭ قانىتى»، «ئايروپىلان قانىتى»، «ئات- ئۇغۇل بالىنىڭ قانىتى»، «قانىتىمدىن ئايرىلدىم»، «قانات يايدۇرۇلدى»، «قانات ئاستىغا ئالدى» قاتارلىق سۆزلەر ئەسلىي مەنىسىدە ئەمەس، بەلكى سۆزنىڭ كۆچمە مەنىسىدە كەلگەن.

سۆزنىڭ ئەسلىي مەنىسى ئاساسىدا كېڭەيگەن مەنىلىرى سۆزنىڭ كۆچمە مەنىسى دەپ ئاتىلىدۇ.

**مەسىلەن:** بۇلاقنىڭ بېشى، تاغنىڭ بېشى، ياشلىق باھارى، ئۇستەلنىڭ پۇتى، ئىشنىڭ يولى، تاغ ئېغىزى، خام

خىيال، بەختلىك كۈنلەر، ئۆمۈر يولى، تۇرمۇش ئىگىز-پەس بولىدۇ، ناخشا چولپىنى، ئەقىل بوسۇغىسى، ئىلىم يولى...

سۆزنىڭ كۆچمە مەنىسى شەيئىلەرنىڭ ھەر خىل خۇسۇسىيەتلىرىنى جانلىق ئىپادىلەشتە مۇھىم رول ئوينىغاچقا، شېئىرلاردا كۆپرەك قوللىنىلىدۇ.

**5-كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى سۆزلەرگە ئەسلىي مەنە ۋە كۆچمە مەنە بويىچە ئىككى خىل جۈملە تۈزۈڭ.

كۈن، قىل، سىر، ئىللىق

## §5. بىر مەنىلىك سۆزلەر ۋە كۆپ مەنىلىك سۆزلەر

### 1. بىر مەنىلىك سۆزلەر

ئوبيېكتىپ شەيئىلەر ھەققىدە بىرلا مەنىنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەر بىر مەنىلىك سۆزلەر دەپ ئاتىلىدۇ.

مەسىلەن: قەشقەر، پېرسوناژ، سىنئالغۇ...

ئۇيغۇر تىلىدا بىر مەنىلىك سۆزلەرگە ئاساسەن خاس ئىسىملار، پەن-تېخنىكا ئاتالغۇلىرى، باشقا تىللاردىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەر ۋە يېڭىدىن پەيدا بولغان سۆزلەر كىرىدۇ.

### 2. كۆپ مەنىلىك سۆزلەر

بىر ئاساسىي مەنە ۋە ئۇنىڭغا باغلىنىشلىق بىرقانچە مەنىلەرنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەر كۆپ مەنىلىك سۆزلەر دەپ ئاتىلىدۇ.

ئۇيغۇر تىلىدا كۆپ مەنىلىك سۆزلەرنىڭ سانى بىر قەدەر كۆپ.

**مەسىلەن:** ئاچ، سال، تاش، ئىسسىق، سوغۇق، ئاچچىق، تاتلىق، ئوچۇق دېگەنگە ئوخشاش. كۆپ مەنىلىك سۆزلەر ئەسلىي مەنە ۋە كۆچمە مەنىدە كېلەلەيدۇ.
**مەسىلەن:** ئوچۇق - ئىشىك ئوچۇق (ئەسلىي مەنىسى). هاۋا ئوچۇق، كۆزى ئوچۇق، قولى ئوچۇق، ئاغزى ئوچۇق (كۆچمە مەنىلىرى)

## §6. مەنىداش سۆزلەر

شەكلى هەر خىل، ئەمما مەنىلىرى ئوخشاش ياكى بىر-بىرىگە يېقىن سۆزلەر مەنىداش سۆزلەر دەپ ئاتىلىدۇ.
**مەسىلەن:** ئۇلۇغ، بۈيۈك، يۈكسەك؛ يۈز، هۆسن، چىراي، جامال، رۇخسار؛ تېتىك، جانلىق، جۇشقۇن قاتارلىقلار.
مەنىداش سۆزلەر مەنە جەھەتتىن بىر-بىرىگە يېقىن بولسىمۇ، جۈملە ئىچىدە قوللىنىلغاندا بەزى پەرقلەر بولىدۇ. يەنى بەزى مەنىداش سۆزلەرنى جۈملىدە ئالماشتۇرۇپ قوللانسىمۇ بولىدۇ، بەزى جۈملىلەردە ئالماشتۇرۇپ قوللىنىشقا بولمايدۇ.

**6-كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى سۆزلەرگە مەنىداش سۆزلەرنى تېپىپ يېزىڭ.
مەززىلىك؛ ئاتاقلىق؛ كۆپ؛ سەزگۈر؛ يۈرەك؛

## §7. شەكىلداش سۆزلەر

تىلىمىزدىكى يەنە بىر قىسىم سۆزلەرنىڭ تەلەپپۇزى بىلەن يېزىلىشى تامامەن ئوخشاش، ئەمما ئۇلارنىڭ مەنىلىرى تامامەن ئوخشاشمايدۇ.

**مەسىلەن:** ياش ـ (ئىسىم) كۆزنىڭ يېشى، ياش ـ (سۈپەت) ياش بالا، يۈز ـ (ئىسىم) ئادەمنىڭ يۈزى، يۈز ـ (سان) يۈز يىل.

تەلەپپۇزى، يېزىلىشى ئوخشاش، ئەمما مەنىلىرى ئوخشاشمايدىغان سۆزلەر شەكىلداش سۆزلەر دەپ ئاتىلىدۇ.

شەكىلداش سۆزلەرنى بىر نەچچە خىل مەنە بىلدۈرىدىغان ئوخشاش بىر سۆز دەپ قاراشقا بولمايدۇ. چۈنكى، شەكىلداش سۆزلەر شەكلى ئوخشاش، مەنىلىرى باشقا ـ باشقا سۆزلەردىن ئىبارەت.

**7 ـ كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى شېئىرلاردىكى ئاستى سىزىلغان شەكىلداش سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى ئېيتىپ بېرىڭ.

1. دەۋىرىش بەك ئۇيات «بىلمەيمەن، ۋاي ـ تاڭ»،
بىلىمنى ھەرقاچان دىلىڭغا چىڭ تاڭ.
تىرىشقىن ئىجتىھات بىلەن، بىزنى كۈتىدۇ،
ئالدىمىزدا كۆرۈنگەن ئاشۇ گۈزەل تاڭ.

2. ئايىماي يۈرۈپسەن «ئا» نى «ئە» دەپ.
غەپلەتتە ھەددىڭدىن ئېشىپ. بەك ئەدەپ.
ئالىمەن دېسەڭ ئەل قەلبىدىن ئورۇن،

نومۇس قىل، ئۆزلەشتۈر ئەخلاق ۋە ئەدەپ.

## §8. قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزلەر

ئۇيغۇر تىلىدىكى بەزى سۆزلەر مەنە جەھەتتىن قارىمۇقارشى، بىر-بىرىگە زىت ئۇقۇملارنى بىلدۈرىدۇ.

**مەسىلەن:** ياخشى-يامان، قىش-ياز، پايدا-زىيان، ھەق-ناھەق، ئاق-قارا، كېچە-كۈندۈز، قىز-ئوغۇل، شەرق-غەرب، ئاز-كۆپ...

قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆز بولۇش ئۈچۈن بىر سۆزگە قارشى ياكى زىت مەنىلىك يەنە بىر سۆز بولۇشى كېرەك.

مەنىلىرى ئۆزئارا قارىمۇقارشى بولغان سۆزلەر قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزلەر دەپ ئاتىلىدۇ.

تىلىمىزدىكى قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزلەر بىر-بىرىگە زىت سانسىز شەيئى ۋە ھادىسىلەرنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى، شەكىللىرى، ھەرىكەتلىرى، ھالەتلىرى، ۋاقتى ۋە ئورنى قاتارلىقلارنى بىلدۈرۈپ، روشەن سېلىشتۇرما ھاسىل قىلىدۇ.

**8-كۆنۈكمە:** قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزلەردىن تۈزۈلگەن ماقال-تەمسىللەردىن بەشتىن يېزىپ كېلىڭ.

## §9. تىلىمىزدىكى تۇراقلىق تەركىبلەر

ئۇيغۇر تىلىدىكى تۇراقلىق تەركىبلەر مەنىسى ۋە تۈزۈلۈشىگە ئاساسەن ئىدىيوم، ماقال-تەمسىل ۋە ھېكمەتلىك سۆزدىن ئىبارەت ئۈچ تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

### 1. ئىدىيوم

ئىدىيوم ئوخشىتىش، مۇبالىغىلەشتۈرۈش خاراكتېرىنى ئالغان بولىدۇ، مۇنداق ئىدىيوملار شۇ سۆزلەرنىڭ يەككە تۇرغان چاغدىكى مەنىسىدىن باشقىچە مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

تەركىبىدىكى سۆزلەرنىڭ ئەسلىي مەنىلىرىدىن باشقىچە مەنىنى بىلدۈرگەن تۇراقلىق سۆز بىرىكمىسى ئىدىيوم دەپ ئاتىلىدۇ.

**مەسىلەن:** «ئاغزى قۇلىقىغا يەتمەك» دېگەن ئىدىيوم ھەرگىز ئاغزى يوغىناپ قۇلىقىغا يەتكەنلىكىنى ئەمەس، بەلكى بەكمۇ خۇشال بولغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**9-كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى ئىدىيوملارنىڭ قانداق مەنە بىلدۈرىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بېرىڭ. 1) بېشىنى تاشقا ئۇرماق: 2) خورىكى ئۆسۈپ قالماق:
3) مېغىزىنى چاقماق: 4) قولى ئۇزۇن: 5) كۆڭلى تۈز:

### 2. ماقال-تەمسىل

تىلىمىزدىكى تۈزۈلۈشى پۇختا، چوڭقۇر مەنىلىك، ئۈلگە،

نەسىھەت، ئىبرەت خاراكتېرىدىكى تۇراقلىق جۈملىلەر ماقال-تەمسىل دەپ ئاتىلىدۇ.

ماقال-تەمسىل ئاتا-بوۋىلارنىڭ تۇرمۇش تەجرىبىلىرى ئاساسىدا يەكۈنلەنگەن، ئۈلگە، نەسىھەت، تەنبىھ، ئىبرەت خاراكتېرىدىكى جۈملىلەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ تەربىيەۋى ئەھمىيىتى چوڭ، مەزمۇن دائىرىسى كەڭ. ئۇنى خەلق ئاممىسىنىڭ تۇرمۇش ۋە جەمئىيەت توغرىسىدىكى بىلىم جەۋھەرلىرى دېيىشكە بولىدۇ.

ماقال بىلەن تەمسىل بىر-بىرىگە ئوخشاپ كەتكەچكە، ئادەتتە بىرىنىڭ ئورنىدا يەنە بىرى ئاجرىتىلماي قوللىنىلىدۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ پەرقى بار.

ماقالدا خەلقنىڭ تۇرمۇش تەجرىبىلىرى توغرىسىدا يەكۈنلەنگەن ئوي-پىكىرلىرى ئۇدۇللا ئىپادىلىنىدۇ.

**مەسىلەن:** «بىلىكى كۈچلۈك بىرنى يېڭەر، بىلىمى كۈچلۈك مىڭنى يېڭەر»، «ئانا يۇرتۇڭ ئامان بولسا، رەڭگىرويىڭ سامان بولماس»، «ئەقىل ياشتا ئەمەس، باشتا»، «پىچاقنى ئاۋۋال ئۆزۈڭگە سال، ئاغرىمىسا كىشىگە» ۋە باشقىلار.

تەمسىلدە بولسا ئوي-پىكىرلەر ئۇدۇل ئەمەس، بەلكى باشقا شەيئىلەرنىڭ خىلمۇخىل خۇسۇسىيەتلىرى ۋاستىتە قىلىنىپ، ئەگىتمە يول بىلەن ئىپادە قىلىنىدۇ.

**مەسىلەن:** «گۆش بىلەن ياغ بىر تۇغقان، پىيازنىڭ كۆيگىنى كۆيگەن». بۇ تەمسىلدە گۆش، ياغ بىلەن پىياز ئوتتۇرىسىدىكى خۇسۇسىيەت ئادەملەر بىلەن ئادەملەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتكە تەمسىل قىلىنغان.

10 ـ كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى ماقال ـ تەمسىللەرنى تولۇقلاپ يېزىڭ.

1) مەرد بىر قېتىم ئۆلەر.
2) قاغا بالام ئاپئاق.
3) ياخشى تېپىپ سۆزلەيدۇ.
4) بىلىم بىلگۈچىدە.
5) يېمەيدىغان ھەسەل بار.
6) پالتا چۈشكىچە.
7) قول قولنى يۇسا.
8) ئېغىزدا بار.
9) كۆزۈڭ ئاغرىسا. قولۇڭنى تارت.

## 3. ھېكمەتلىك سۆز

ھېكمەتلىك سۆز «ئەقلىيە سۆزلىرى»، «تەپەككۇر جەۋھەرلىرى»، «تەپەككۇر ئۇچقۇنلىرى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇنداق سۆزلەرنىڭ ھەممىسىدە بىرخىل ھېكمەت، چوڭقۇر پىكىر ـ چۈشەنچە جىلۋە قىلىپ تۇرغانلىقى ئۈچۈن، كىشىلەر ئۇ سۆزلەرنى ئېغىزدىن ـ ئېغىزغا، كىتابتىن ـ كىتابقا ئەينەن كۆچۈرۈپ، تۇراقلىق شەكىل بىلەن ئىشلىتىدۇ.

مەلۇم شەخس تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان، ئۆزىدە چوڭقۇر ھېكمەت ۋە پەلسەپىۋى پىكىر ئەكس ئېتىپ تۇرىدىغان تۇراقلىق جۈملىلەر ھېكمەتلىك سۆز دەپ ئاتىلىدۇ.

مەسىلەن:

مىلتىقتىن ھاكىمىيەت چىقىدۇ.

- ماۋزېدۇڭ

قەدەم ئىزى بىراۋنىڭ ماڭغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

- مەھمۇد كاشغەرى

ئۆز تارىخىدىن شۆھرەت نامايەندىلىرى بىلەن نەپرەت ئوبيېكتلىرىنى بايقاپ تۇرمىغان مىللەت خامۇش مىللەتتۇر.

— ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن

تەنتەكنىڭ تىلى ئۆز بېشىغا دۈشمەندۇر.

- يۈكنەكى

بىز ئۆمۈر بويى قەرزدار بولغان ئەڭ ئۇلۇغ بىر زات بار، ئۇ بولسىمۇ ئانا.

- ن. ئا. ئوستروۋېسكى

**11 ـ كۆنۈكمە: ھېكمەتلىك سۆزلەردىن ئالتىنى توپلاڭ.**

ئۆزىگە خوجا بولالمىغان ئادەم مەڭگۈ قۇللۇقتا ئۆتىدۇ.

- گيوتى

نېسۋە ھەممىگە باراۋەر بېرىلىدۇ، ئەمما ھەركىم ئۆز قورىبى يەتكۈچە ئالىدۇ.

- جالالىدىن رۇمى

زالىملار بىلەن بىر داستىخاندا بولما. چۈنكى ئىت بىلەن ھەمتاۋاق بولۇش ئىنسانغا مۇناسىپ ئەمەس.

- نەۋايى

ناخشىنى ئاڭلاش ئۈچۈن ئەمەس، كۆرۈش ئۈچۈن ئىپتقانلارنىڭ ھالىغا ۋاي.

- ئەخمەتتوختى مۇھەممەت

# ئۈچىنچى باب گىراماتىكا ھەققىدە ئومۇمىي چۈشەنچە

## §1. گىراماتىكىنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتى

گىراماتىكا — سۆزلەرنىڭ ياسىلىش، تۈرلىنىش ۋە سۆزلەردىن جۈملە تۈزۈش قائىدىلىرىنىڭ يىغىندىسى.

گىراماتىكا تىلنىڭ قۇرۇلما قانۇنى بولۇپ، ئۇ سۆزلەرنىڭ تۈرلىنىش قائىدىلىرى بىلەن سۆز-جۈملىلەرنىڭ بىرىكىش قائىدىلىرىدىن ئىبارەت ئىككى يۈرۈش قائىدىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

مەلۇمكى، تىل — تىل تاۋۇشى، لۇغەت تەركىبى ۋە گىراماتىكىدىن ئىبارەت ئۈچ تەركىبىي قىسىمدىن تەشكىل تاپقان بىر پۈتۈن سىستېما. تىلنىڭ بۇ ئۈچ ئامىلى بىر-بىرىنى شەرت قىلىدۇ، ئۇلار بىر-بىرىدىن ئايرىلالمايدۇ.

**گىراماتىكا تۆۋەندىكىدەك ئالاھىدىلىككە ئىگە:**

گىراماتىكىلىق قائىدىلەر ئومۇمىيلىققا ئىگە.

گىراماتىكىدىكى ھەرقانداق بىر قائىدە تىلدىكى مەلۇم سۆز ياكى جۈملىگە قارىتىلغان بولماستىن، بىر تىپقا

كىرىدىغان بارلىق سۆز- جۈملىلەرگە قارىتىلىدۇ.

گىراماتىكىلىق قائىدىلەر سىستېمىلىقتا ئىگە.

گىراماتىكىدىكى بارلىق قائىدىلەر ھەرقايسى تۈر ۋە قاتلاملار بويىچە ئاددىيلىقتىن مۇرەككەپلىككە قاراپ باغلىنىشلىق ھالدا بايان قىلىنىپ، تىلىمىزنىڭ مۇكەممەل گىراماتىكا سىستېمىسىنى ھاسىل قىلىدۇ.

گىراماتىكىلىق قائىدىلەر تۇراقلىقتا ئىگە.

جەمئىيەت تەرەققىياتى جەريانىدا گىراماتىلىق قائىدىلەر تۈزىتىلىپ، مۇكەممەللىشىپ بارىدۇ، ئاساسىي جەھەتتىن ئۆزگەرمەيدۇ. گىراماتىكىلىق قۇرۇلمىلارنىڭ ئاساسلىرى ئۇزاق زامان ئىچىدە ساقلىنىپ تۇرىدۇ.

«گىراماتىكا» دېگەن ئاتالغۇ سۆزلەرنىڭ ياسىلىش، تۈرلىنىش قائىدىلىرى ۋە سۆز- جۈملىلەرنىڭ بىرىكىش قائىدىلىرىنى تەتقىق قىلىدىغان ئىلىم (گىراماتىكا ئىلمى) دېگەن مەنىدىمۇ قوللىنىلىدۇ. گىراماتىكا مەزمۇنىغا ئاساسەن مورفولوگىيە ۋە سىنتاكسىس دېگەن ئىككى قىسىمغا بۆلۈنىدۇ.

## §2 . مورفولوگىيە ھەققىدە ئومۇمىي چۈشەنچە

سۆزلەرنىڭ تۈرلىنىشى، ياسىلىشى ۋە تۈركۈملەرگە بۆلۈنۈشى ھەققىدىكى قائىدىلەرنىڭ يىغىندىسى مورفولوگىيە دەپ ئاتىلىدۇ.

مورفولوگىيە سۆزلەرنىڭ تۈرلىنىشى، ياسىلىشى ۋە تۈركۈملەرگە بۆلۈنۈشى ھەققىدىكى چۈشەنچىلەرنى ئۆزىنىڭ مەزمۇنى ۋە تەتقىقات ئوبيېكتى قىلىدۇ.

## §3. **مورفېما** (سۆزنىڭ مەنىلىك بۆلەكلىرى)

سۆز تىلدا ئەركىن قوللىنىلىدىغان، تىلنىڭ قۇرۇلۇش ماتېرىيالى ھېسابلىنىدىغان تىل بىرلىكى بولسىمۇ، تىلىمىزدىكى تۈپ سۆزلەردىن باشقا ھەرقانداق بىر سۆزنى پارچىلاپ، مورفېمىلارغا (مەنىلىك بۆلەكلەرگە) ئاجراتقىلى بولىدۇ. سۆز بىر ۋە بىرقانچە مورفېمىدىن تۈزۈلگەن بولىدۇ. بوغۇم سۆزنىڭ فونېتىكىلىق جەھەتتىن بۆلۈنۈشى بولسا، مەنىلىك بۆلەك سۆزنىڭ مورفولوگىيەلىك قۇرۇلما جەھەتتىن بۆلۈنۈشىدۇر.

سۆزنى تەشكىل قىلغۇچى ئەڭ كىچىك (باشقا مەنىلىك بۆلەكلەرگە ئاجراتقىلى بولمايدىغان) مەنە بۆلىكى مورفېما دەپ ئاتىلىدۇ.

**مەسىلەن:** «ياغاچ + چى + لىق» دېگەن سۆزدىكى «ياغاچ» دېگەن مورفېما مەلۇم بىر شەيئىنىڭ نامىنى بىلدۈرىدۇ، « چى » مورفېمىسىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن مەلۇم بىر كەسىپ بىلەن شۇغۇللانغۇچى دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ؛ ئۇنىڭغا يەنە «لىق» مورفېمىسىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن مەلۇم كەسىپنىڭ نامىنى بىلدۈرىدىغان سۆز ھاسىل بولىدۇ.

مورفېمىلار سۆزنى تەشكىل قىلىپ تۈرۈشتىكى رولىغا

قاراپ، باش مەنىلىك بولەك ۋە ئەگەشمە مەنىلىك بولەك دېگەن ئىككى خىلغا بۆلۈنىدۇ.

مۇستەقىل تۇرۇپ ئۆز ئالدىغا لېكسىكىلىق مەنە ئىپادىلەيدىغان مورفېما باش مورفېما دەپ ئاتىلىدۇ.
**مەسىلەن**: ئۇ، سۇ، ئاش، تۆمۈر، سۆز، تۇر-. ئوقۇ-..

ئۆز ئالدىغا ئايرىم تۇرۇپ بەلگىلىك لېكسىكىلىق مەنە ئىپادىلىمەيدىغان، پەقەت باش مورفېمىلارغا قوشۇلۇپ، گىراممatikىلىق مەنە ئىپادىلەيدىغان مورفېما ئەگەشمە مورفېما دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن: «ئىشچىلار»، «ئىغۋاگەرچىلىك» سۆزلىرىدىكى «-چى»،«-لار»، «-گەر»، «-چىلىك»لەر ئەگەشمە مورفېمىلاردۇر.

ئەگەشمە مورفېمىلار رولىغا قاراپ ياردەمچى سۆزلەر ۋە قوشۇمچىلار دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ. (ياردەمچى سۆزلەر توغرۇلۇق ئۆز نۆۋىتىدە توختىلىمىز)

ئۆز ئالدىغا ئايرىم تۇرۇپ بەلگىلىك لېكسىكىلىق مەنە بىلدۈرمەيدىغان، سۆز يىلتىزىغا ئۇلىنىپ، مەلۇم لېكسىكىلىق مەنە ياكى گىرامماتىكىلىق مەنە ئىپادىلەيدىغان تىل تەركىبلىرى قوشۇمچە دەپ ئاتىلىدۇ.

قوشۇمچىلار ئۆزىنىڭ رولىغا قاراپ، سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلار ۋە سۆز تۈرلىگۈچى قوشۇمچىلار دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

سۆزلەرگە قوشۇلۇپ يېڭى سۆز ياسايدىغان قوشۇمچىلار سۆز

ياسىغۇچى قوشۇمچىلار دەپ ئاتىلىدۇ.

**مەسىلەن:** ئىش + چان = ئىشچان، تۇز + لۇق = تۇزلۇق، قىز + غۇچ = قىزغۇچ، سۆز + گۈچ = سۆزگۈچ، كىر + ىم = كىرىم، سىز +ىق = سىزىق، كۆرسەت + مە = كۆرسەتمە.

ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلارنىڭ كۆپچىلىكى سۆزلەرنىڭ ئاخىرىغا قوشۇلىدۇ، ئاز بىر قىسمى سۆزلەرنىڭ ئالدىغا قوشۇلىدۇ.

سۆزلەرگە قوشۇلۇپ، ئۇنىڭ لېكسىكىلىق مەنىسىنى ئۆزگەرتمەي، ئۇنىڭغا مەلۇم گىراممatikىلىق مەنە قوشىدىغان قوشۇمچە سۆز تۈرلىگۈچى قوشۇمچە دەپ ئاتىلىدۇ.

**مەسىلەن:** -لار، -دىن، -ماقتا...

**1 - كۆنۈكمە:**

① باش ۋە ئەگەشمە مورفېمىلاردىن بەشتىن يېزىڭ.

② تۆۋەندىكى سۆزلەرنى مورفېمىلارغا ئايرىڭ ۋە نامىنى ئېيتىپ بېرىڭ.

باغۋەن، يولداشلىرىمىزنىڭ، ئۈمىدۋارلىق، بەتنىيەت، گۈزەللىك

## §4. سۆزنىڭ تۈزۈلۈشىگە قاراپ بۆلۈنۈشى

ئۇيغۇر تىلىدا سۆزلەر تۈزۈلۈشىگە قاراپ تۆۋەندىكى تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ:

### 1. تۈپ سۆز

بىرلا مۇستەقىل (باش) مورفېمىدىن تۈزۈلگەن سۆز تۈپ سۆز دەپ ئاتىلىدۇ.

**مەسىلەن:** مەن، نان، سۇ، باغ، يەر، ئانا، دۆلەت، كۆك، ياز، تۇز، ئىلگىرى، ئۇ، كىم، تۈز، كېيىن، قىزىل، كۆپ، سەھرا، گۈرجەك، بىل، تېلېفون، گۇمان.

### 2. ياسالما سۆز

تۈپ سۆزلەرگە سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلارنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ياسالغان سۆزلەر ياسالما سۆز دەپ ئاتىلىدۇ.

**مەسىلەن:** باغ + ۋەن = باغۋەن، دۇكان + دار = دۇكاندار ئىجاد + كار = ئىجادكار، نا + ئىنساپ = نائىنساپ

### 3. بىرىككەن سۆز

ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق سۆزنىڭ بېقىنىش ـ بېقىندۇرۇش ياكى ئىگە ـ خەۋەر مۇناسىۋىتىدە بىرىكىشىدىن ھاسىل بولۇپ، تاۋۇش ۋە مەنە جەھەتتىن ئايرىلماس بىر گەۋدە بولۇپ كەتكەن سۆزلەر بىرىككەن سۆزلەر دەپ ئاتىلىدۇ.

بىرىككەن سۆزلەر قوشۇپ يېزىلىدۇ.

**مەسىلەن:** ئاينۇر، ئاشكۆكى، سايباغ، قاراماي، مۇشۇكياپىلاق، قارىمۇچ، قىزىلسۇ، كۆككەپتەر...

### 4. جۈپ سۆز

ئىككى سۆزنىڭ مەلۇم تەرتىپتە قاتارلىشىپ ئېيتىلىشىدىن تۈزۈلۈپ، يېڭى ھەم كەڭ مەنە بىلدۈرىدىغان

سۆزلەر جۈپ سۆز دېيىلىدۇ.

جۈپ سۆز تەڭداش ئىككى بۆلەكنىڭ جۈپلىشىشىدىن هاسىل بولغان لېكسىكىلىق بىرلىكتۇر. جۈپ سۆزلەرنىڭ ئوتتۇرىسىغا سىزىقچە قويۇلىدۇ.

**مەسىلەن:** ئات - ئۇلاغ، ئېتىز - ئېرىق، قوغۇن - تاۋۇز، مېۋە - چىۋە، بالا - چاقا، نان - پان، تاراق - تۇرۇق . . .

### 5. قىسقارتىلما سۆز

شەيئىلەرنىڭ نامىنى بىلدۈرىدىغان سۆز ۋە سۆز بىرىكمىلىرىنىڭ مۇئەييەن شارائىتتا ئىخچام بولۇشىنى كۆزلەپ، شەرتلىك هالدا هەربىر سۆزنىڭ باش تاۋۇشى (يېزىقتا باش هەرپى) ياكى باش بوغۇمىنى ئېلىش يولى بىلەن ياسالغان سۆزلەر قىسقارتىلما سۆز دەپ ئاتىلىدۇ.

| **مەسىلەن:** سۆزبىرىكمىسى | قىسقارتىلما شەكلى |
|---|---|
| بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى | ب د ت |
| ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر | ئا. ئۆتكۈر |
| تىل - يېزىق كومىتېتى | تىلكوم |

**2 - كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى سۆزلەر ئىچىدىن تۈپ سۆز بىلەن ياسالما سۆزنى ئايرىپ چىقىڭ.

ئاچقۇچ، كىتاب، ئايلىق، قەلەم، كۆلچەك، ئوتۇنچى، سۇلۇق، ئىشخانا، يەر، سۆزمەن، قەغەز، زامانداش، ئىنسان، ئەدەبىيات، چىمەنزار، ئىزچىل، ماركا، سانا، ياتاق، قۇلاق.

**3 - كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى تۈپ سۆزلەر بىلەن ياسىغۇچى

قوشۇمچىلارنى ماسلاشتۇرۇڭ.

**تۈپ سۆزلەر:** يات، سايلا، ئۇر، تارت،كىنو، تاپشۇر، تاقا، چىش، چاي، باج، سەز، كۆرسەت، باس، خەلق، ياز، بىل، زامان، ئورۇن، توڭلات.

**قوشۇمچىلار:** ۇش، ۇق، لە، گىر، گۇر، ما، دان، م، خانا، ق، مە، پەرۋەر، غۇچى، دا، قۇ، داش، ىم

**4 ـ كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى سۆزلەرگە مۇۋاپىق سۆزلەرنى قوشۇپ، جۈپ سۆز ياساڭ.

| | | |
|---|---|---|
| تىل ـ | گۈل ـ | ئورۇن ـ |
| كىيىم ـ | ئىتىز ـ | ئوت ـ |
| دەپتەر ـ | دوست ـ | ئېگىز ـ |
| جالدۇر ـ | قوغۇن ـ | بوران ـ |
| ئىشچى ـ | پىل ـ | ياخشى ـ |

**5 ـ كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى بىرىككەن سۆزلەرنىڭ نەچچە سۆزدىن تەشكىل تاپقانلىقىنى ئېيتىپ بېرىڭ.

بەشئېرىق، مۇزداۋان، ئىشلەپچىقىرىش، گۈلنىسا، خۇشبۇي، تەنتەربىيە، ئىزباسار، ئايتولدى، كۈنتۇغدى، كۆزەينەكلىك يىلان، ئاقسۇ، يېڭىباغ، باشبۇلاق، سىۋەتچاقار، قاشتېشى، تۇگمەنبېشى، ئۈچتۇرپان، دىلنۇر، ئايگۈل، تاشپاختا، ئاشتاختا.

**6 ـ كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى سۆز بىرىكمىلىرىنى قىسقارتىڭ، قىسقارتىلما سۆزلەرنى تولۇقلاڭ.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى، ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى، جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسى. تىل - يېزىق كومىتېتى، ب د ت: س س م ب: پارتكوم: ئا.ئۇيغۇر: ئا ق ش

## §5. ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆزلەرنىڭ تۈركۈملەرگە بۆلۈنۈشى

سۆزلەرنىڭ لېكسىكىلىق مەنىسى ۋە گىرامماتىكىلىق خۇسۇسىيەتلىرىگە ئاساسەن تۈرگە بۆلۈنۈشى سۆز تۈركۈمى دەپ ئاتىلىدۇ.

ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆزلەر مەنىسى، تۈزۈلۈشى ۋە باشقا سۆزلەر بىلەن بىرىكىش جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكلىرىگە ئاساسەن مۇستەقىل سۆز ۋە ياردەمچى سۆز دەپ ئىككى چوڭ تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

ئايرىم تۈرغاندا لېكسىكىلىق مەنە ئىپادىلەيدىغان. جۈملىدە مەلۇم بىر بۆلەك بولالايدىغان سۆزلەر مۇستەقىل سۆزلەر دەپ ئاتىلىدۇ.

ئۇيغۇر تىلىدىكى مۇستەقىل سۆزلەر ئىسىم، سۈپەت، سان، مىقدار، ئالماش، رەۋىش، پېئىل، تەقلىد قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. (تىلىمىزدىكى مۇستەقىل سۆزلەرنىڭ مۇستەقىللىق دەرىجىسى ئوخشىمايدۇ.)

ئايرىم تۇرغاندا لېكسىكىلىق مەنە ئىپادىلىمەيدىغان، ئۆز

ئالدىغا جۈملە بۆلىكى بولالمايدىغان، پەقەت مۇستەقىل سۆزلەرگە ياكى جۈملىلەرگە قوشۇلۇپ قوشۇمچە مەنە بىلدۈرىدىغان، سۆز ۋە جۈملىلەرنى باغلاش رولىنىلا ئوينايدىغان سۆزلەر ياردەمچى سۆزلەر دەپ ئاتىلىدۇ.

بىر سۆزنىڭ مۇستەقىل سۆز ياكى ياردەمچى سۆز ئىكەنلىكىگە ھۆكۈم قىلىشتا ئۇ سۆزنىڭ ئايرىم تۇرغاندا لېكسىكىلىق مەنە ئاڭلاتقان ياكى ئاڭلاتمىغانلىقىغا، جۈملىدە ئۆز ئالدىغا بىر بۆلەك بولغان ياكى بولمىغانلىقىغا (مەلۇم بىر سوئالغا جاۋاب بولغان-بولمىغانلىقىغا) ئاساسلىنىش كېرەك.

ئۇيغۇر تىلىدىكى ياردەمچى سۆزلەرنى مەنە جەھەتتىكى خۇسۇسىيىتى ۋە گىراماتىكىلىق رولىغا قاراپ تىركەلمىلەر، باغلىغۇچىلار، يۈكلىمىلەر دېگەن ئۈچ تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ.

ئۇيغۇر تىلىدىكى ئىملىق سۆزلەر (ئىما + لىق سۆزلەر) مۇستەقىل سۆزلەرگىمۇ، ياردەمچى سۆزلەرگىمۇ ئوخشىمايدىغان ئالاھىدە بىر سۆز تۈركۈمى ھېسابلىنىدۇ.

# تۆتىنچى باب ئىسىم ھەققىدە ئومۇمىي چۈشەنچە

## §1. ئىسىمنىڭ مەنىسى

شەيئىلەرنىڭ نامىنى بىلدۈرىدىغان سۆز تۈركۈمى ئىسىم دەپ ئاتىلىدۇ.

بۇ يەردە قوللىنىلغان «شەيئى» سۆزى كەڭ مەنىدىكى گىراممماتىكىلىق ئاتالغۇ بولۇپ، «كىم»، «نېمە»، «قەيەر» دېگەن سوئاللارغا جاۋاب بولىدىغان سۆزلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئىسىمنىڭ مەنە دائىرىسى تولىمۇ كەڭ. ئۇنىڭ ئىچىدە ئادەم ئىسىملىرى، نەرسە ئىسىملىرى (جانلىق، جانسىز نەرسە ئىسىملىرى)، كونكرېت ئىسىملار، ئابستراكت ئىسىملار، كۆرگىلى بولىدىغان، تۇتقىلى بولىدىغان شەيئىلەرنىڭ ئىسىملىرى، كۆرگىلى بولمايدىغان، تۇتقىلى بولمايدىغان شەيئىلەرنىڭ ئىسىملىرى قاتارلىقلار بار.

## §2. خاس ئىسىم ۋە تۈردەش ئىسىم

ئىسىملار مەنە ئىپادىلەش دائىرىسىگە ئاساسەن خاس

ئىسىم ۋە تۇردەش ئىسىم دېگەن ئىككى تۇرگە بۆلۈنىدۇ.

بىر تىپتىكى شەيئىلەرنى بىر-بىرىدىن پەرقلەندۇرۇش ئۈچۈن ئايرىم شەيئىنىڭ ئۆزىگىلا قويۇلغان مەخسۇس ئىسىم خاس ئىسىم دەپ ئاتىلىدۇ.

مەسىلەن: مېھرىگۇل، تارىم، زەرەپشان، تۈمەن دەرياسى، باغراش، قەشقەر گېزىتى، باغراش كۆلى، بوغدا چوققىسى، پوسكام، جۇڭگو، مۇزتاغ ئاتا، ھۆرىگۇل، قونجىراپ، سايرام كۆلى...

بىر تىپتىكى شەيئىلەرنىڭ ئومۇمىي نامىنى بىلدۈرىدىغان ئىسىم تۇردەش ئىسىم دەپ ئاتىلىدۇ.

مەسىلەن: ئادەم، يۇرت، دەريا، گېزىت، چوققا، كىتاب، تاغ، يول، دۆلەت، شەربەت، بايراق، مەكتەپ، كۆل، ژۇرنال، دەرەخ، شەھەر...

**1 ـ كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى ئومۇمىي ئىسىملارنىڭ ھەر بىرىگە ئۈچتىن خاس ئىسىم يېزىڭ.

مەكتەپ، زىرائەت، يول، مېۋە، ھايۋان.

## §3. ئىسىملارنىڭ سان بىلەن تۈرلىنىشى

ئىسىملار جۈملىدە بىرلىك ياكى كۆپلۈك شەكلىدە كېلىپ شۇ شەيئىنىڭ مەنە جەھەتتىن بىر ئىكەنلىكى ياكى كۆپ ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ.

**مەسىلەن:** ياغاچ + لار = ياغاچلار

دەپتەر + لەر = دەپتەرلەر

ئىسىمنىڭ بىرلىك شەكلى ئىسىمنىڭ ئاخىرىغا «ـ لار، ـ لەر»نىڭ قوشۇلماسلىقى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. ئىسىمنىڭ كۆپلۈك شەكلى ئىسىمنىڭ ئاخىرىغا «ـ لار، ـ لەر» نىڭ قوشۇلۇشى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ.

**1. «ـ لار، لەر» قوشۇمچىلىرى ئەسلىدە سۆز تۈرلىگۈچى قوشۇمچە بولسىمۇ، ئايرىم ئەھۋالدا سۆز ياساش رولىنىمۇ ئوينايدۇ.** تەپسىلى ئەھۋالى مۇنداق:

1) 10 دىن 90 غىچە بولغان ئارىلىقتىكى ئاددىي تەرتىپ سانلار بىلەن ئىپىقلانغان «يىل» سۆزىگە قوشۇلسا، شۇ سان پەللىسى ئىچىدىكى ئون يىلنى ئىپادىلەيدىغان ۋاقىت ئىسمى ياسىلىدۇ.

**مەسىلەن:** 30 ـ يىللار، 40 ـ يىللار، 50 ـ يىللار، 60 ـ يىللار.

2) بىر، ئون، يۈز، مىڭ، ئونمىڭ، يۈز مىڭ، مىليون قاتارلىق سانلارغا قوشۇلسا، خانا ئىسىملىكى ياسىلىدۇ.

**مەسىلەن:** بىرلەر، ئونلار، يۈزلەر، مىڭلار، ئونمىڭلار، يۈزمىڭلار، مىليونلار.

3) بەزى سۈپەتلەرگە قوشۇلسا، شۇ خىل سۈپەتكە ئىگە بولغان ئادەملەرنىڭ ئومۇمىيىتىنى بىلدۈرىدىغان ئىسىملار ياسىلىدۇ.

مەسىلەن: كونىلار، چوڭلار، پىشقەدەملەر، ئۇلۇغلار، ئىلغارلار.

**2. تۆۋەندىكىدەك ئەھۋاللاردا ئىسىملارغا كۆپلۈك قوشۇمچىسى قوشۇشقا بولمايدۇ.**

1) ئىسىملار ساناق سان، مۆلچەر سان ۋە سان - مىقدار بىرىكمىلىرى تەرىپىدىن ئېنىقلانغان ئەھۋالدا كۆپلۈك قوشۇمچىلىرى قوشۇلمايدۇ.

**مەسىلەن:** ئوتتۇز ئوقۇغۇچى (ئوتتۇز ئوقۇغۇچىلار ئەمەس)، يىگىرمىدەك قوي (يىگىرمىدەك قويلار ئەمەس).

2) بەزى ئابستراكت ئىسىملارنىڭ ئاخىرىغا كۆپلۈك قوشۇمچىلىرىنى قوشۇشقا بولمايدۇ.

**مەسىلەن:** ئازادلىق (ئازادلىقلار ئەمەس)، تىنچلىق (تىنچلىقلار ئەمەس).

**3. كۆپلۈك قوشۇمچىلىرى تۆۋەندىكىدەك ئالاھىدە مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ:**

1) ساناشقا بولمايدىغان شەيئىنى بىلدۈرگۈچى ئىسىملارنىڭ كۆپلۈك شەكلى شۇ شەيئىنىڭ ھەر خىل ئىكەنلىكىنى، كۆپ يەردە ئىكەنلىكىنى ۋە كۆپ قېتىملىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**مەسىلەن:** يۇلتۇزلار، ئىشلار، سۇلار، يىغىنلار، ئىمتىھانلار، قىيىنچىلىقلار، تەجرىبىلەر، ساۋاقلار.

2) خاس ئىسىملارنىڭ كۆپلۈك شەكلى شەيئىنىڭ سان جەھەتتىكى كۆپلۈكىنى ئەمەس، شۇ خاس ئىسىم بىلەن مۇناسىۋەتلىك شەيئىلەرنىڭمۇ كۆزدە تۇتۇلغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**مەسىلەن:** ئۇلار ئۇرۇمچىلەرنى ئايلىنىپ كەپتۇ، دېسەك،

ئورۇمچى قاتارلىق بىر قانچە جاينى ئايلىنىپ كەلگەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

ئۇ بالا ھازىر چوڭ بولۇپ تىراكتورلارنى ھەيدىيەلەيدىغان بولۇپ كېتىپتۇ، دېسەك، ئۇ بالىنىڭ تىراكتور قاتارلىق موتورلۇق قاتناش ۋاستىلىرىنى ھەيدىيەلەيدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

3) كۆپلۈك قوشۇمچىلىرى بەزىدە ئىسىملارغا قوشۇلۇپ مۆلچەر مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ.

**مەسىلەن:** ماشىنا ئاقسۇلارغا بارغاندۇ.

4) كۆپلۈك قوشۇمچىلىرى تەڭداش باغلىنىشتا كەلگەن ئىسىملارنىڭ ئاخىرقى بىرىگىلا قوشۇلسا، ئومۇملاشتۇرۇش رولىنى ئوينايدۇ.

**مەسىلەن:** شەھىرىمىزگە قومۇل، تۇرپان، ئۈرۈمچىلەردىن مېھمان كەلدى. يىغىنغا ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچى، ئىشچى، خىزمەتچىلەر قاتنىشىدۇ.

**2-كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى ئىسىملارغا كۆپلۈك قوشۇمچىلىرىنىڭ ئۇلىنىشى توغرا ياكى خاتا بولغانلىقىنى چۈشەندۈرۈڭ.

300 دەك دېھقانلار ھەرىكەتلەندۈرۈلدى.

ئۇ شەھەر كوچىلىرىنى ئايلاندى.

تۇرسۇن 50 چە قويلارنى يايلاققا ئېلىپ ماڭدى.

بىز قارلارنى تازىلاپ بولدۇق.

مەكتىپىمىزدىكى 200 دىن ئارتۇق ئوقۇغۇچىلار كۆچەت تىكتى.

ئۈچ ـ تۆت كۈنلەردىن بۇيان ئۇدا يامغۇر يېغىۋاتىدۇ.

دۇنيا خەلقى تىنچلىقلارغا موھتاج.

خەلقىمىز ئادالەت يولىدا قۇربان بولغانلارنى مەڭگۈ ياد ئېتىدۇ.

بىز خىزمەتلەردە دېموكراتىيەلەرنى جارى قىلدۇرۇشىمىز لازىم.

## §4. ئىسىملارنىڭ تەۋەلىك قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلىنىشى

ئىسىم ئىپادىلىگەن شەيئىنىڭ قايسى شەخسكە تەۋە ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدىغان قوشۇمچىلار تەۋەلىك قوشۇمچىلىرى دەپ ئاتىلىدۇ.

ئىسىملارنىڭ تەۋەلىك شەكىللىرىنىڭ شەخسلەرگە بۆلۈنۈشىنى تۆۋەندىكى جەدۋەلدىن تېخىمۇ ئېنىق كۆرگىلى بولىدۇ:

| شەخس | تۈرى | قوشۇمچىلار | مىساللار |
|---|---|---|---|
| Iشەخس | بىرلىك تۈرى | ـم، ـىم<br>ـۇم، ـۈم | ئانام، قەلىمىم، يولۇم، كۆزۈم |
| | كۆپلۈك تۈرى | ـمىز، ـ ىمىز | ئانىمىز، قەلىمىمىز |
| IIشەخس | بىرلىك ئاددىي تۈرى | ـڭ، ـىڭ<br>ـۇڭ، ـۈڭ | ئاناڭ، قەلىمىڭ، يولۇڭ |

| | | | |
|---|---|---|---|
| خس | كۆپلۈك ئاددىي تۈرى | -ڭلار، -ىڭلار، -ۇڭلار، -ۈڭلار | ئاناڭلار، قەلىمىڭلار، يولۇڭلار |
| | سىپايە تۈرى | -ڭىز، -ىڭىز | ئانىڭىز، قەلىمىڭىز |
| | ھۆرمەت تۈرى | -لىرى | ئانىلىرى، قەلەملىرى |
| IIIشە خس | بىرلىك، كۆپلۈك ئوخشاش | -سى، -ى | ئانىسى، قەلىمى |

<u>ئەسكەرتىش</u>: 1) ئىككىنچى شەخسنىڭ ھۆرمەت تۈرى قوشۇمچىسى «-لىرى» شەكىل جەھەتتىن كۆپلۈك قوشۇمچىسى «-لار»غا تەۋەلىك ئۈچىنچى شەخس قوشۇمچىسى «-ى» نىڭ قوشۇلۇشىدىن ھاسىل بولغان «-لىرى» غا ئوخشايدۇ. ئەمما، ئىككىنچى شەخس ھۆرمەت تۈرى قوشۇمچىسى «-لىرى» دا كۆپلۈك سان ئۇقۇمى يوق. بۇ قوشۇمچىلار شەكىلداش قوشۇمچىلاردۇر، بۇلار جۈملىدىكى مەنىسىگە ئاساسەن پەرقلەندۈرۈلىدۇ.

**مەسىلەن:** بوۋا، سىلىنىڭ قويلىرى قاچان يوقىلىپ كەتتى؟ (ھۆرمەت مەنىسىدە)

سادىق قويلىرىنى باشقىلارنىڭ بېدىلىكىدە بېقىۋاتاتتى. (كۆپلۈك مەنىسىدە)

2) «سۇ» سۆزى ئەسلىدە «سۇۋ» بولغانلىقى، «ۋ» تاۋۇشىنىڭ ھازىرقى تىل ئەمەلىيىتىمىزدە چۈشۈپ قالغانلىقى سەۋەبلىك «سۇ» سۆزىگە تەۋەلىك ئىككىنچى

شەخس ھۆرمەت تۈرى قوشۇمچىسى «-لىرى» قوشۇلغاندا «سۇ» سۆزى ئۆزىنىڭ ئەسلىي ھالىتىنى ساقلايدۇ: تەۋەلىك بىرىنچى شەخس قوشۇمچىلىرى، ئىككىنچى شەخس ئاددىي تۈر ۋە سىپايە تۈر قوشۇمچىلىرى ھەم ئۈچىنچى شەخس قوشۇمچىلىرى قوشۇلغاندا «سۇ» سۆزىدىكى «ۇ» تاۋۇشى «ۇ» گە ئۆزگىرىدۇ. شۇنداقلا تەۋەلىك قوشۇمچىلىرىدىن بۇرۇن «ي» قوشۇلىدۇ.

**مەسىلەن:** سۇ + ي +ۇم = سۇيۇم (بىرىنچى شەخس بىرلىك)

سۇ + ي + ىمىز = سۇيىمىز (بىرىنچى شەخس كۆپلۈك)

سۇ + ي +ۇڭ = سۇيۇڭ (ئىككىنچى شەخس، بىرلىك، ئاددىي تۈر)

سۇ + ي + ۇڭلار = سۇيۇڭلار (ئىككىنچى شەخس، كۆپلۈك، ئاددىي)

سۇ + ي + ىڭىز = سۇيىڭىز (ئىككىنچى شەخس، بىرلىك، سىپايە)

سۇ + ي + ى = سۇيى (ئۈچىنچى شەخس، بىرلىك ھەم كۆپلۈك)

**3-كۆنۈكمە:** ① تۆۋەندىكى سۆزلەرنى تەۋەلىك قوشۇمچىلىرى ۋە كۆپلۈك قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلەڭ.

باش، ئورۇن، دەپتەر، ئۇتۇق، كۆمۈر، ئۆچكە

② تۆۋەندىكى جۈملىلەر ئىچىدىن تەۋەلىك قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلەنگەن ئىسىملارنى تېپىڭ. قانچىنچى شەخس،

قانداق ساندا كەلگەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىڭ.
مېنىڭ دادام زاۋۇتتا ئىشلەيدۇ.
ئۇنىڭ بېشى ئاغرىپ كېتىپتۇ.
ھۆرۈننىڭ ئەتىسى تۇگىمەيدۇ.
ئوقۇتقۇچىمىز بىزگە قاتتىق تەلەپ قويىدۇ.
بىزنىڭ يولىمىز بىر ئىكەن.
چوڭ ئانا، پۇتلىرىنى تۇتۇپ قويايمۇ؟

③ تۆۋەندىكى سۆزلەرنى تەۋەلىك قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلەڭ، تاۋۇش ئۆزگىرىشلىرىگە دىققەت قىلىڭ.
ئەقىل، ئوغۇل، سىڭىل، ئۆمۈر، ئىملا، پولۇ، ئىمزا، توخۇ.

## §5. ئىسىمنىڭ كېلىش قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلىنىشى

ئىسىمنىڭ كېلىش قوشۇمچىلىرى ئىسىمنىڭ بىرلىك ياكى كۆپلۈك شەكلىگە ئۇلىنىدۇ، بەزىدە ئىسىملارغا ئاۋۋال كۆپلۈك قوشۇمچىسى، ئاندىن تەۋەلىك قوشۇمچىسى، ئاخىرىدا كېلىش قوشۇمچىسى قوشۇلىدۇ. ئومۇمەن، كېلىش شەكىللىرى تۆۋەندىكى تەرتىپ بويىچە ھاسىل بولىدۇ:
ئىسىم + سان + تەۋەلىك + كېلىش.
**مەسىلەن:** كىتاب (بىرلىك ئىسىم) + لار (كۆپلۈك) + ىم (تەۋەلىك) + نى (كېلىش) كىتابلىرىمنى

ئىسمنى جۈملىدىكى باشقا سۆزلەر بىلەن باغلايدىغان، ئىسمنىڭ جۈملە ياكى سۆز بىرىكمىسىدىكى ۋەزىپىسىنى بەلگىلەيدىغان قوشۇمچىلار كېلىش قوشۇمچىلىرى دەپ ئاتىلىدۇ.

ئۇيغۇر تىلىدا ئالتە كېلىش بولۇپ، ئۇلارنىڭ مەنىسى ۋە قوللىنىلىشى تۆۋەندىكىچە:

### 1. باش كېلىش

ئىسمنىڭ كېلىش قوشۇمچىلىرى قوشۇلمىغان شەكلى ئارقىلىق بايان قىلىنغۇچىنى بىلدۈرىدىغان كېلىش شەكلى باش كېلىش دەپ ئاتىلىدۇ.

باش كېلىشتە كەلگەن ئىسىم جۈملىدە ئىگە، خەۋەر، ئېنىقلىغۇچى ۋە قاراتما سۆز بولۇپ كېلىدۇ.

مەسىلەن: ئوقۇتقۇچىلىرىمىز بىزگە ئىنتايىن كۆيۈنىدۇ. بىزنىڭ قوشنىمىز دوختۇر. سېلىم-ئوقۇتقۇچى. مەن بازاردىن ياغاچ قوشۇق سېتىۋالدىم. مەكتىپىمىزدە ئايال ئوقۇتقۇچىلار كۆپ. ھۆرىگۈل، نەگە كېتىپ بارىسىز؟

### 2. ئىگىلىك كېلىش

ئىسمنىڭ جۈملىدىكى ئىگىلىگۈچى شەيئىنى بىلدۈرىدىغان كېلىش شەكلى ئىگىلىك كېلىش دەپ ئاتىلىدۇ.

ئىسمنىڭ ئىگىلىك كېلىش شەكلى ئىسىمغا «-نىڭ» قوشۇمچىسىنى قوشۇش ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. ئىگىلىك كېلىشتىكى ئىسىملار جۈملىدە كۆپ ھاللاردا ئېنىقلىغۇچى بولۇپ كېلىدۇ، بەزى ھاللاردا خەۋەر بولۇپ كېلىدۇ.

مەسىلەن: خوتەننىڭ گىلىمى داڭلىق. بىز مۇدىرنىڭ دوكلاتىنى ئاڭلىدۇق. ئۇلار ئاينۇرنىڭ ئۆيىگە كېتىشتى. بۇ رومان نۇرمۇھەممەتنىڭ.

بەزى ھاللاردا (ئىگىلىگۇچى شەيئى بىلەن ئىگىلەنگۇچى شەيئىنىڭ مۇناسىۋىتى تولىمۇ زىچلاشقاندا، ئابستراكتلاشقاندا) ئىگىلىك كېلىش قوشۇمچىسى چۈشۈپ قالىدۇ، لېكىن ئۇ يەنىلا ئىگىلىك كېلىش خاراكتېرىدىكى ئىسىم ھېسابلىنىدۇ.

مەسىلەن: جۇڭگو خەلقى، خەلق ھۆكۈمىتى، كۈرەش قەھرىمانى، ئالما مۇرابباسى، ئوقۇتۇش پىلانى.

### 3. چۈشۈم كېلىش

ئىسىمنىڭ جۈملىدە ئىپادىلەنگەن ھەرىكەتنى قوبۇل قىلغۇچى شەيئىنى بىلدۈرىدىغان كېلىش شەكلى چۈشۈم كېلىش دەپ ئاتىلىدۇ.

ئىسىملارنىڭ چۈشۈم كېلىش شەكلى ئىسىملارغا «-نى» قوشۇمچىسىنىڭ قوشۇلۇشى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. چۈشۈم كېلىشتىكى ئىسىملار جۈملىدە تولدۇرغۇچى بولۇپ كېلىدۇ.

مەسىلەن: مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش بىزنىڭ بۇرچىمىز. مېنىڭ قاناس كۆلىنى بىر كۆرگۈم بار. ياتاقنى تازىلىدىڭىزمۇ؟ بىز ۋاقىتنى قەدىرلىشىمىز كېرەك.

بەزىدە چۈشۈم كېلىشتىكى ئىسىم بىلەن بېقىندۇرغۇچى سۆز (پېئىل) نىڭ مۇناسىۋىتى زىچلاشقاندا «-نى» قوشۇمچىسى چۈشۈپ قالىدۇ، چۈشۈپ قالغاندىمۇ ئۇنداق ئىسىم يەنىلا چۈشۈم كېلىشتىكى ئىسىم ھېسابلىنىدۇ.

مەسىلەن: خەت يېزىش، كىر يۇيۇش، ئوت ئوتاش، سۇ

سىپىش.

**ئەسكەرتىش:** چۈشۈم كېلىش قوشۇمچىسى شېئىرلاردا «ىن» شەكلىدىمۇ ئۇچرايدۇ. **مەسىلەن:**

«يەر يۈزىن بوشات!» دېگەندەك تەگدى ئەغيارىمغا خەت.

— ئىمشېھىت

### 4. يۆنىلىش كېلىش

ئىسىمنىڭ ھەرىكەت يۆنىلىشىنى بىلدۈرىدىغان كېلىش شەكلى يۆنىلىش كېلىش دەپ ئاتىلىدۇ.

ئىسىملارنىڭ يۆنىلىش كېلىش شەكلى ئىسىملارغا «غا، قا، گە، كە، قە» قوشۇمچىلىرىنىڭ قوشۇلۇشى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. يۆنىلىش كېلىش قوشۇمچىلىرى ئىسىملارغا سوزۇق ۋە ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ ئاھاڭداشلىق قائىدىسى بويىچە ئۇلىنىدۇ. يۆنىلىش كېلىشتە كەلگەن ئىسىملار جۈملىدە ئاساسەن ھالەت بولۇپ كېلىدۇ.

**مەسىلەن:** ئوقۇغۇچىلار مەيدانغا يىغىلدى. ئوقۇتقۇچىمىز سىنىپقا كىردى. ئابدۇرېشىت دەرياغا سەكرىدى. ئادەمنىڭ تېشىغا باقما، ئىچىگە باق.

### 5. چىقىش كېلىش

ئىش-ھەرىكەتنىڭ چىقىش ئورنىنى، شەيئىنىڭ نېمىدىن ياسالغانلىقىنى بىلدۈرىدىغان كېلىش شەكلى چىقىش كېلىش دەپ ئاتىلىدۇ.

ئىسىملارنىڭ چىقىش كېلىش شەكلى ئىسىمغا «-دىن، -تىن» قوشۇمچىسىنىڭ قوشۇلۇشى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ.

ئاخىرى سوزۇق تاۋۇش بىلەن ياكى جاراڭلىق ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن ئاياغلاشقان سۆزلەرگە «-دىن» ئۇلىنىدۇ. ئاخىرى جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن ئاياغلاشقان سۆزلەرگە «-تىن» ئۇلىنىدۇ. چىقىش كېلىشتىكى ئىسىملار جۈملىدە ھالەت بولىدۇ. **مەسىلەن:**

بىز غۇلجىدىن كەلدۇق. ئۇلار قاغىلىقتىن كەپتۇ. (ھالەت)

ئەقىل باشتىن چىقىدۇ، ئالتۇن تاشتىن چىقىدۇ. (ھالەت)

يولۋاس ئىزىدىن قايتماس، يىگىت سۆزىدىن. (ھالەت)

### 6. ئورۇن - پەيت كېلىش

ئىش - ھەرىكەتنىڭ ئورنى، ۋاقتى، شارائىتى، ۋاسىتىسى قاتارلىق تەرەپلەرنى بىلدۈرىدىغان كېلىش شەكلى ئورۇن - پەيت كېلىش دەپ ئاتىلىدۇ.

ئىسىملارنىڭ ئورۇن - پەيت كېلىش شەكلى ئىسىمغا «-دا، -دە، -تا، -تە» قوشۇمچىلىرىنىڭ قوشۇلۇشى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. ئورۇن - پەيت كېلىشنىڭ قوشۇمچىلىرى ئىسىملارغا سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئاھاڭداشلىقى ۋە ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىش قائىدىسى بويىچە ئۇلىنىدۇ. ئورۇن - پەيت كېلىشتىكى ئىسىملار جۈملىدە ئاساسەن ھالەت بولۇپ كېلىدۇ. جۈملىنىڭ ئاخىرىدا كەلگەندە، خەۋەر بولۇپ كېلىدۇ.

**مەسىلەن:** ھەسەنجان يېزىدا ئىشلەيدۇ. ساۋۇتجان ئاۋاتتا تۇغۇلغان. زۇلپىيە ماقالىنى ئىككى سائەتتە

پۇتكۇزدى. (ھالەت) :  مېنىڭ ئۆيۈم قەشقەردە. ئىش ئۈملۈكتە، كۆچ بىرلىكتە. (خەۋەر) :  ئەركىندە نۇرغۇن قاشتېشى بار. (ھالەت)

**ئەسكەرتىش:** تىلىمىزدا ئورۇن - پەيت كېلىش قوشۇمچىلىرى بىلەن «بىلەن» تىركەلمىسىنى ئالماشتۇرۇپ قوللىنىدىغان ئەھۋال بار.

**مەسىلەن:** ماشىنىدا باردۇق - ماشىنا بىلەن باردۇق.

ئايروپىلاندا كەلدۇق - ئايروپىلان بىلەن كەلدۇق.

**4 - كۆنۈكمە:** ① ئىسىملارنىڭ كېلىش قوشۇمچىلىرىنى جەدۋەللەشتۈرۈپ يېزىپ چىقىڭ ۋە ئۆچتىن مىسال كەلتۈرۈڭ.

② «قەلەم»، «ئۈرۈمچى» دېگەن ئىسىملارنى ئالتە كېلىش بىلەن تۈرلەپ، جۈملە تۈزۈڭ ۋە جۈملىدە قانداق ۋەزىپىدە كەلگەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىڭ.

## §6. ئىسىمنىڭ گىراماتىكىلىق خۇسۇسىيەتلىرى

1. ئىسىملار ياسىغۇچى قوشۇمچىلارغا ئىگە.

مەسىلەن: - چى: ياغاچچى، تۆمۈرچى، قوغۇنچى، تەنتەربىيىچى

- داش: يولداش، قېرىنداش، ئاھاڭداش، سەپەرداش

ئىسىملارنىڭ ياسىغۇچى قوشۇمچىلىرى ناھايىتى كۆپ.

تۆۋەندە قوشۇمچىلار بېرىلدى.

-لىق، لىك، -لۇق، -لۈك: -چىلىك، -چىلىق: -چاق، -چەك: -غۇ، -قۇ، -گۈ، -كۈ، -گە: -غۇچى، -قۇچى، -گۈچى، -كۈچى: -غۇچ، -قۇچ، -گۈچ، -كۈچ: -ما، -مە: -م، -ىم، -ۇم، -ۈم: -ك، -ەك، -ۈك: -ىن، -ۇن، - ىندى، -ۇندى، -ۈندى: -مىش، -مۇش، -مۈش: -داق، -دەك، -دۇق، -دۈك: -غاق، -قاق، -گەك، -كەك: -ىنچا، -ۈنچە، -مچى: -غۇلۇق، -قۇلۇق، -گۈلۈك، -كۈلۈك.

2. ئىسىملار جۈملىدە سان، تەۋەلىك ۋە كېلىش قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلىنىپ، جۈملىنىڭ ھەرقانداق بۆلىكى بولالايدۇ. مەسىلەن:

كىتاب، كىتابلار، كىتابىم، كىتابىڭ، كىتابىڭىز، كىتابلىرى، كىتابى، كىتابىنىڭ، كىتابنى، كىتابقا، كىتابتىن، كىتابتا

زاھىر ياخشى ئوقۇغۇچى (ئىگە).
يالقۇننىڭ دادىسى ئوقۇتقۇچى (ئېنىقلىغۇچى).
نۇسرەتنى كۆردىڭىزمۇ؟ (تولدۇرغۇچى).
دادام قەشقەردىن قايتىپ كەلدى (ھالەت).
ئاۋۇ كۆرۈنگەن بىزنىڭ مەكتەپ (خەۋەر).

3. ئىسىملار جۈملىدە سان، سۈپەت، سان-مىقدار بىرىكمىسى ۋە سۈپەتداشلار تەرىپىدىن ئېنىقلىنىدۇ.

**مەسىلەن:** دادام ياغاچ كارىۋات ياسىدى. ئۆستەڭگە

بىتون كۆۋرۈك سېلىنىدى. ئۇلار چوڭ شەھەردىن كەلدى. بىز ئىككى خالتا ئۇن سېتىۋالىمىز. ئۇ پىشقان قوغۇن ئۈزۈپ كەلدى.

4. بىر قىسىم ئىسىملارغا «مۇ» يۈكلىمىسى قوشۇلۇپ تەكرارلانسا رەۋىشلىشىدۇ.

**مەسىلەن:** يۈزمۇيۈز، قولمۇقول، ئۆيمۇئۆي، ئايمۇئاي، سۆزمۇسۆز.

5. ئىسىملار جۈملىدە ئىركەلىمىلەر ۋە ياردەمچى پېئىللار بىلەن بىرىكىدۇ.

**مەسىلەن:** خەلق ئۈچۈن، مۇسابىقە توغرۇلۇق، قەلەم بىلەن، ماشىنا ئارقىلىق، ئىلغا ئائىت، سۈپەت ھەققىدە، بالا ئىدى، ئادەم ئىكەن، ئوقۇغۇچى بولدى،مەسىلە چىقتى.

**5-كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى كۆرسىتىلگەن قوشۇمچىلاردىن پايدىلىنىپ ئىسىم ياساڭ.

-چى: -داش: -لىك: -لۇق: -شۇناس: -دان: -ۋاز: -كار: -دار: -پەز: -گەر: -كەش: -ۋەن: -مىيە: -خانا:

## بەشىنچى باب سۈپەت ھەققىدە ئومۇمىي چۈشەنچە

### §1. سۈپەتنىڭ مەنىسى

شەيئىلەرنىڭ بەلگە، خۇسۇسىيەتلىرىنى بىلدۈرىدىغان سۆز تۈركۈمى سۈپەت دەپ ئاتىلىدۇ.

يۇقىرىدىكى «بەلگە» سۆزى كەڭ مەنىدىكى گىراممىتىكىلىق ئاتالغۇ بولۇپ، رەڭ، تەم، پۇراق، سۈپەت، ساپا، تۈرق، تۈس، خاراكتېر، فىزىيولوگىيەلىك ئالاھىدىلىك ۋە ھەر خىل مۇناسىۋەت ئالاھىدىلىكى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

سۈپەتلەرگە «قانداق» دېگەن سوئال قويۇلىدۇ.

**مەسىلەن:** يۇمشاق، كىچىك، پاكار، ئەت رەڭ، ئورۇق، گال، سىلىق، قىزىق، مايماق، قىيسىق، چىدامسىز، تاغىل، سوقا، چىپار، قىسقا، ئالىيجاناب، سەت، يالغانچى، سۈزۈك، قويۇق، يېقىن، خۇشامەتچى، تۈزسىز، پىخسىق، تەمكىن، گالۋاڭ، ئالدىراڭغۇ، زىبا...

## §2. سۈپەتنىڭ دەرىجىلىرى

شەيئىلەرنىڭ بەلگە، خۇسۇسىيىتى ھەممە ۋاقىتتا ئوخشاش دەرىجىدە بولمايدۇ، نەتىجىدە شەيئىلەرنىڭ بەلگە-خۇسۇسىيەتلىرىدە دەرىجە پەرقى كېلىپچىقىدۇ.

شەيئىلەردىكى بەلگە-خۇسۇسىيەتلەرنىڭ دەرىجە جەھەتتىن پەرقلىنىشى سۈپەت دەرىجىلىرى دەپ ئاتىلىدۇ.

ئۇيغۇر تىلىدىكى سۈپەتلەر ئەسلىي دەرىجە، كېمەيتمە دەرىجە، سېلىشتۇرما دەرىجە، ئاشۇرما دەرىجە ۋە ئەركىلەتمە دەرىجە بويىچە تۈرلىنىدۇ. تىلىمىزدىكى سۈپەت تۈركۈمىگە تەۋە بولغان بارلىق سۈپەتلەرنى يۇقىرىقى دەرىجە شەكىللىرى بويىچە تولۇق تۈرلىنىدۇ دېگىلى بولمايدۇ. يەنى ياسالما سۈپەتلەر دەرىجە بويىچە ئاساسەن تۈرلەنمەيدۇ. بىر قىسىم سۈپەتلەر تۆت دەرىجە بويىچە تۈرلەنسە، بىر قىسىم سۈپەتلەر ئۈچ دەرىجە بويىچە تۈرلىنىدۇ. مەسىلەن:

ياخشى، تەملىك، تېتىك، چىقىشقاق - ئەسلىي دەرىجە

قىزغۇچ، قارامتۇل، ئاقۇچ، سارغۇچ - كېمەيتمە دەرىجە

ئاپئاق، كۆپكۆك، قىپقىزىل، تىپتىنچ - ئاشۇرما دەرىجە

كىچىككىنە، بۇدرۇققىنە، ئەپچىلگىنە - ئەركىلەتمە دەرىجە

### 1. ئەسلىي دەرىجە

شەيئىلەرنىڭ بەلگە، خۇسۇسىيىتىنى ئادەتتىكىچە (نورمال) ئىپادىلەيدىغان دەرىجە شەكلى سۈپەتنىڭ ئەسلىي دەرىجىسى دەپ ئاتىلىدۇ.

مەسىلەن: ياخشى، ساغلام، خۇشخۇي، تېتىك، ئېزىلەڭگۇ، ئاق، تۇز، كىچىك، سېمىز، قىسقا، ئاجىز، تار، ئېگىز، سوقىچاق، جانسىز...

سۆپەتلەرنىڭ باشقا دەرىجە شەكىللىرى ئەسلىي دەرىجىدىكى سۆپەتلەرنىڭ ئاخىرىغا دەرىجە قوشۇمچىلىرىنىڭ قوشۇلۇشى ئارقىلىق ھاسىل بولىدۇ.

### 2. كېمەيتمە دەرىجە

شەيئىلەرنىڭ بەلگە، خۇسۇسىيەتلىرىنى ئادەتتىكىدىن سەل كېمەيتىپ كۆرسىتىدىغان دەرىجە شەكلى سۆپەتنىڭ كېمەيتمە دەرىجىسى دەپ ئاتىلىدۇ.

كېمەيتمە دەرىجە شەكلى ئەسلىي دەرىجىدىكى بىر قىسىم سۆپەتلەرنىڭ ئاخىرىغا «-ۇش، -غۇچ، -متۇل، -راق، -رەك» قوشۇمچىلىرىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ياسىلىدۇ.

مەسىلەن: ئاق-ئاقۇچ، كۆك-كۆكۈچ، قىزىل-قىزغۇچ (مۇشۇ يەردە تاۋۇشلار چۈشۈپ قالىدۇ)، قارا-قارامتۇل

### 3. سېلىشتۇرما دەرىجە

شەيئىلەرنىڭ خۇسۇسىيىتىنى ئۆزئارا سېلىشتۇرۇپ، بىرىنى ئىككىنچىسىدىن ئاشۇرۇپ ياكى كېمەيتىپ كۆرسىتىدىغان سۆپەت شەكلى سېلىشتۇرما دەپ ئاتىلىدۇ.

سۆپەتلەرنىڭ سېلىشتۇرما دەرىجىسى ئەسلىي دەرىجىدىكى بىر قىسىم سۆپەتلەرنىڭ ئاخىرىغا «-راق، -رەك» قوشۇمچىلىرىنىڭ قوشۇلۇشى ئارقىلىق ھاسىل بولىدۇ.

مەسىلەن: چىرايلىقراق، سەترەك

### 4. ئاشۇرما دەرىجە

شەيئىلەرنىڭ بەلگە، خۇسۇسىيىتىنى ئادەتتىكىدىن ئاشۇرۇپ كۆرسىتىدىغان دەرىجە شەكلى سۈپەتنىڭ ئاشۇرما دەرىجىسى دەپ ئاتىلىدۇ.

سۈپەتنىڭ ئاشۇرما دەرىجىسى ئاۋۋال سۈپەتنىڭ بىرىنچى بوغۇمىنى تەشكىل قىلغان سوزۇق تاۋۇشنىڭ ئاخىرىغا «پ» تاۋۇشىنى قوشۇپ ئېيتىپ، ئاندىن سۈپەتنى تولۇق ئېيتىش يولى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. **مەسىلەن:** سۈزۈك - سۈپسۈزۈك، تىنچ - تىپتىنچ، قارا - قاپقارا، يېڭى - يېپيېڭى، تۈز - تۈپتۈز، چوڭ - چوپچوڭ...

شۇنىڭدەك سۈپەتلەرنىڭ ئالدىغا بىر قىسىم رەۋىشلەر قوشۇلۇپمۇ سۈپەتلەرنىڭ ئاشۇرما دەرىجىسى ھاسىل بولىدۇ.

**مەسىلەن:** تولىمۇ ياخشى، خويمۇ چىرايلىق، بەكمۇ ئېگىز، ناھايىتى قىزىل.

### 5. ئەركىلەتمە دەرىجە

شەيئىلەرنىڭ بەلگە، خۇسۇسىيىتىنى سۆزلىگۈچىنىڭ ئامراقلىق ھېسسىياتى بىلەن كۆرسەتكەنلىكىنى بىلدۈرىدىغان دەرىجە شەكلى سۈپەتنىڭ ئەركىلەتمە دەرىجە شەكلى دەپ ئاتىلىدۇ.

سۈپەتنىڭ ئەركىلەتمە دەرىجىسى ئەسلىي دەرىجىدىكى سۈپەتلەرنىڭ ئاخىرىغا «-غىنا، -قىنا، -گىنە، -كىنە» قوشۇمچىلىرىنىڭ قوشۇلۇشى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ.

**مەسىلەن:** ئاددىيغىنا، يۇمىلاققىنا، بۇدرۇققىنا، ئاققىنا،

ئەپچىلگىنە، نازۇككىنا، يۇمشاققىنا، يەڭگىلگىنە...

**1 ـ كۆنـۈكمە:** تۆۋەنـدىكى سـۈپەتلەرنى دەرىـجە بـويىچە تۈرلەڭ.

ئاق، قارا، پاكار، يانتۇ، چوقۇر، يېقىن، سېمىز، يېشىل.

## §3. سۈپەتنىڭ گىراماتىكىلىق خۇسۇسىيەتلىرى

1. سۈپەتلەر ئۆزىگە خاس ياسىغۇچى قوشۇمچىلارغا ئىگە.

ـ لىق، ـ لىك، ـ لۇق، ـ لۈك، ـي ، ـۋىي، ـك، ـىك، ـۇق، ـۈك، ـغاق، ـقاق، ـگەك، ـكەك، ـچاق، ـچەك، ـچۇق، ـڭغۇ، ـاڭغۇ، ـەڭگۈ، ـما، ـمە، ـغۇر، ـقۇر، ـگۈر، ـكۈر، ـغۇن، ـقۇن، ـگۈن، ـكۈن، ـقىن، ـكىن، ـقى، ـكى، ـسىز، ـچان، ـچى، ـچىل، ـسىمان، ـخور، ـپەرەس، ـپەرۋەر، ـنا، باـ، بەـ، بەتـ.

2. سـۈپەتلەرنىڭ بىـر قىسـمى دەرىـجە جەھەتـتىن پەرقلىنىـدۇ. **مەسـىلەن:** قـارا، قـارامتۇل، قـارىراق، قاپقـارا، قارىغىنـا، ئـاق، ئـاقۇچ، ئاپئـاق، ئاققىنـا، قىزىـل، قىزغـۇچ، قىپقىزىل، قىزىلغىنا.

3. سـۈپەتلەر جۈملىـدە ئىسـىملارنىڭ ئالدىـدا كېلىـپ ئېنىقلىغـۇچى ۋەزىپىسـىدە كېلىـدۇ، پېئىللارنىـڭ ئالدىـدا كېلىپ ھالەت ۋەزىپىسىدە كېلىدۇ.

**مەسـىلەن:** ئـۇ چىرايلىـق بـادام دوپپـا كىيىپتـۇ. (ئېنىقلىغۇچى)

نۇسرەت خەتنى چىرايلىق يازىدۇ. (ھالەت)

ياخشى ئاتقا قامچا لازىم ئەمەس. (ئېنىقلىغۇچى)

دىلشات ئىككىتاك توپىنى ياخشى ئوينايدۇ. (ھالەت)

4. سۈپەتلەر جۈملىدە ياردەمچى پېئىللار بىلەن بىرىكىدۇ.

مەسىلەن: ياخشى ئىدى، ساغلام ئىكەن. يوق ئىمىش، چوڭ بولدى، توغرا قىلدى، ساق چىقتى، كىچىك كەلدى، تەڭ تۇردى، تولۇق بولدى، قىزىل چىقتى...

5. بىر قىسىم سۈپەتلەر ئىسىمنىڭ كۆپلۈك، تەۋەلىك ۋە كېلىش قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلىنىپ، جۈملىدە ئىسىم ئورنىدا قوللىنىلىدۇ.

مەسىلەن: گۈل قازانغا قارايدۇ، تادان ئوچاققا (قارايدۇ).

يوللۇقلار نۇسرەت تاپىدۇ، يولسىزلار لەنەتكە قالىدۇ.

2 ـ كۆنۈكمە: ① تۆۋەندىكى سۈپەتلەرنى بىرىنچى جۈملىدە ئېنىقلىغۇچى ۋەزىپىسىدە، ئىككىنچى جۈملىدە ھالەت ۋەزىپىسىدە كەلتۈرۈپ جۈملە تۈزۈڭ.

نۇرغۇن، ئەھمىيەتلىك، خۇشال، ئەمگەكچان، بىچارە.

② سۈپەتنى ئىسىم رولىدا كەلتۈرۈپ بەش جۈملە تۈزۈڭ.

# ئالتىنچى باب سان ھەققىدە ئومۇمىي چۈشەنچە

## §1. سانىنىڭ مەنىسى

شەيئىلەرنىڭ سانى ۋە رەت تەرتىپىنى بىلدۈرىدىغان سۆز تۈركۈمى سان دەپ ئاتىلىدۇ.

سانلارغا «قانچە»، «قانچىلىك»، «قانچىنچى»، «نەچچە»، «نەچچىلىك»، «نەچچىنچى» دېگەن سوئاللار قويۇلىدۇ. مەسىلەن: ئۈچ، 11، 130، مىڭ، بەشىنچى، ئاتمىشچە...

## §2. ئاددىي سان ۋە مۇرەككەپ سان

سانلار تۈزۈلۈشىگە قاراپ ئاددىي سان ۋە مۇرەككەپ سان دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

ئاددىي سان — بىرلا تۈپ سان بىلەن ئىپادىلىنىدىغان سان ئاددىي سان دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن: بىر، ئون، يۈز، مىڭ، مىليون...

مۇرەككەپ سان — ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق ئاددىي

سانىنىڭ بىرىكىشىدىن تۈزۈلگەن سان مۈرەككەپ سان دەپ ئاتىلىدۇ.

**مەسىلەن:** بەش يۈز، يەتتە مىڭ ئۈچيۈز، ئوتتۇز بەش، قىرىق

**1 ـ كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى پارچە ئىچىدىكى ئاددىي سانلارنى بىر تەرەپكە، مۈرەككەپ سانلارنى بىر تەرەپكە كۆچۈرۈڭ.

بىز 3 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى 2 ـ يۈك توقۇمىچىلىق زاۋۇتىغا باردۇق. بۇ زاۋۇتتا 3000 دىن ئارتۇق ئىشچى يەتتە سىخقا بۆلۈنۈپ، تۆت ئىسمېنا بويىچە ئىشلەيدىكەن. ئىشچىلارنىڭ بىر كۈنلۈك ئەمگەك ۋاقتى ئالتە سائەت ئىكەن. بۇ زاۋۇت 1964 ـ يىلى قۇرۇلغانىكەن. زاۋۇتنىڭ مەھسۇلات سۈپىتى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە 1 ـ ئورۇندا تۇرىدىكەن.

## §3. سانىنىڭ تۈرلىرى

تىلىمىزدىكى سانلار بىلدۈرگەن مەنىلىرىگە ئاساسەن تۆۋەندىكىدەك تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ.

### 1. ساناق سان

شەيئىلەرنىڭ ئېنىق (پۈتۈن) سانىنى بىلدۈرىدىغان سانلار ساناق سان دەپ ئاتىلىدۇ.

ساناق سانلار «قانچە»، «نەچچە» دېگەن سوئاللارغا جاۋاب بولىدۇ.

**مەسىلەن:** مەكتىپىمىزدە 34 سىنىپ، 1400 ئوقۇغۇچى

بار. ئاپتونوم رايونىمىزدا سەككىز ۋىلايەت، تۆت ئاپتونوم ئوبلاست، تۆت ئاپتونوم ناھىيە بار. يەتتە ئۆلچەپ، بىر كەس.

ساناق سانلار كۆپ ھاللاردا مىقدار سۆزلەر بىلەن بىرىكىپ، سان مىقدار بىرىكمىسى شەكلىدە قوللىنىلىدۇ.

**مەسىلەن:** بىر يۇتۇم، 4 مېتىر، 25 كىلومېتىر، 50 گرام، ئۈچ ۋاراق، ئىككى قېتىم (بارماق)، بىر سائەت (كۆتمەك)، بەش مەيدان (ئويىنماق)...

## 2. مۆلچەر سان

شەيئىلەرنىڭ سانىنى تەخمىنەن كۆرسىتىدىغان سانلار مۆلچەر سان دەپ ئاتىلىدۇ.

مۆلچەر سانلار «قانچىچە، نەچچىچە، قانچىدەك، نەچچىدەك، قانچىلىغان، نەچچىلىگەن» قاتارلىق سوئاللارغا جاۋاب بولىدۇ.

**مەسىلەن:** ئونچە، 30 دەك، بەش ـ ئالتە، بەش ياشلاردا، مىڭلىغان، يۈزلىگەن.

## 3. تەرتىپ سان

شەيئىلەرنىڭ رەت تەرتىپىنى، دەرىجىسىنى ياكى نومۇرلۇق بەلگىسىنى بىلدۈرىدىغان سانلار تەرتىپ سان دەپ ئاتىلىدۇ.

تەرتىپ سانلار ساناق سانلارنىڭ ئاخىرىغا «نچى، ىنچى» قوشۇمچىلىرىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. «قانچىنچى، نەچچىنچى» دىگەن سوئاللارغا جاۋاب بولىدۇ.

**مەسىلەن:** پارتىيەيىمىزنىڭ 15 ـ قۇرۇلتىيى 1997 ـ يىلى

9 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنىدىن 18 ـ كۈنىگىچە ئېچىلىدى. مەن 2 ـ بىنادا ئولتۇرىمەن.

تەرتىپ سانلار جۈملىدە قىستۇرما بۆلەك بولۇپ كېلىپ، نۇتۇق مەزمۇنىنى تۈرگە ئايرىش رولىنى ئوينايدۇ.

**مەسىلەن:** مەن بۇ قېتىم بارالمايمەن، چۈنكى، بىرىنچىدىن، سالامەتلىكىم ياخشى ئەمەس، ئىككىنچىدىن، پۇلۇم يېتىشمەيدۇ.

## 4. كەسىر سان

بىر پۈتۈنلۈكنى تەشكىل قىلغان شەيئىلەرنىڭ مەلۇم قىسمىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن قوللىنىلىدىغان سانلار كەسىر سان دەپ ئاتىلىدۇ.

كەسىر سانلار بىردىن كىچىك پارچە ساننى بىلدۈرىدۇ. كەسىر سانلار مەخرەجنى ئىپادىلەيدىغان ۋە سۈرەتنى ئىپادىلەيدىغان ئىككى ساناق ساندىن تۈزۈلىدۇ. ئادەتتە مەخرەج چىقىش كېلىشتە، سۈرەت باشقا كېلىشلەردە كېلىدۇ.

**مەسىلەن:** (ئوندىن يەتتە)، (ئۈچتىن ئىككى)، (ئىككىدىن بىر)

## 5. تەقسىم سان

مەلۇم كۆپ سانلىق شەيئىنىڭ شۇ سان بويىچە بۆلۈنۈشىنى بىلدۈرىدىغان سان تەقسىم سان دەپ ئاتىلىدۇ.

**مەسىلەن:** كىشىلەر ئىككى ـ ئۈچتىن كېلىشكە باشلىدى. يولۇچىلار بەشتىن ـ ئالتىدىن بولۇشۇپ پاراڭلىشىۋاتاتتى. ئۇلار بىردىن ـ ئىككىدىن تارقىلىشتى.

### 6. رەۋىش سان

كۆپ سانلىق شەيئىلەرنىڭ مەلۇم ھەرىكەت بىلەن شۇ سان كۆپلۈكى بويىچە مۇناسىۋەتلەشكەنلىكىنى بىلدۈرىدىغان سان رەۋىش سان دەپ ئاتىلىدۇ.

رەۋىش سانلار ساناق سانلارغا ۋە بەزى مۆلچەر سانلارغا «-لاپ، -لەپ» قوشۇمچىسىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ياسىلىدۇ، كۆپىنچە تەكرارلانغان شەكىلدە قوللىنىلىدۇ. **مەسىلەن:**

يىگىت ئوقۇغۇچىلار يىگىرمىلەپ-ئوتتۇزلاپ كېلىۋاتىدۇ.

### 7. كىشىلىك سان

مەلۇم سان كۆپلۈكىدىكى ئادەمنى بىلدۈرىدىغان سان كىشىلىك سان دەپ ئاتىلىدۇ.

كىشىلىك سانلار ساناق ساننىڭ ۋە بەزى مۆلچەر سانلارنىڭ سوزۇق تاۋۇش بىلەن ئاخىرلاشقانلىرىغا «-يىلەن» ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن ئاخىرلاشقانلىرىغا «-ەيلەن» قوشۇمچىسىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

**مەسىلەن:** بۈگۈنكى چوڭ تازىلىقتا ئۈچەيلەن مەيدانىنى سۈپۈردى، بەشەيلەن ئەخلەت توشۇدى، ئالتەيلەن سۇ چاچتى. ھېلىراقتا بىرەيلەن سىزنى ئىزدىگەنىدى. بۈگۈن ئىككىيلەن دەرسكە كېچىكتى.

### 8. ئالماش سان

مەلۇم ئومۇمىيەتنىڭ بىرىگە ياكى بىر قىسمىغا ۋەكىللىك قىلىدىغان ياكى مەلۇم شەخستىكى ئېنىق سانلىق

ئادەمنى بىلدۈرىدىغان سان ئالماش سان دەپ ئاتىلىدۇ.

ئالماش سانلار ساناق سان، مۆلچەر سان، كەسىر سان ۋە تەرتىپ سانلارغا ئىسىملارنىڭ كۆپلۈك ـ تەۋەلىك قوشۇمچىلىرىنىڭ قوشۇلۇشى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ.

**مەسىلەن:** بىزنىڭ سىنىپتىن ئۈچىمىز مۇسابىقىگە قاتنىشىمىز. سىلەر تۆتىڭلار بۈگۈن دەم ئېلىڭلار. بىزنىڭ سىنىپتىكىلەرنىڭ 24ى قىز. مېھمانلارنىڭ ئۈچى بۈگۈن قايتىدىكەن.

**2 ـ كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى جۈملىلەر ئىچىدىن سانلارنى تېپىڭ ۋە ساننىڭ قايسى تۈرىگە تەۋە ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىڭ.

مەن 1984 ـ يىلى تۇغۇلغان.

بىز ئۈچ بالا.

مەن بالىلارنىڭ ئىككىنچىسى بولىمەن.

بىزنىڭ سىنىپتا بىر مەھەللىدىن كېلىدىغان تۆتەيلەن بار.

بىز بىر پارتىدا ئۈچتىن ئولتۇرىمىز.

سىنىپىمىزدىكى 3 ئوقۇغۇچى ئەلاچى.

بۇ زاۋۇتتا 600 چە ئىشچى ئىشلەيدىكەن.

بۇ زاۋۇت بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىشتا 1 ـ بوپتۇ.

بىز 18 كىشىلىك بىر مىنىبۇس سېتىۋالدۇق.

ھۆسەنجان بىلەن ئىككىمىز ئۆگىنىشتە بەسلەشتۇق.

## §4. سانلارنىڭ گىرامماتىكىلىق خۇسۇسىيەتلىرى

1) سانلار جۈملىدە ئىگە، خەۋەر، ئېنىقلىغۇچى، تولدۇرغۇچى ۋە ھالەت بولۇپ كېلىدۇ. **مەسىلەن:**
سەككىز ـ جۈپ سان. ساياھەتچىلەرنىڭ بەشى بۈگۈن قايتتى. (ئىگە)
بۈگۈن 4 ـ ئايغا 13. ھازىرغىچە كەلگەنلەر ئالتەيلەن. (خەۋەر)
بىزنىڭ سىنىپتىن يەتتە ئوقۇغۇچى دەرىجىگە ئېرىشتى. (ئېنىقلىغۇچى)
بەشنى بەشكە كۆپەيتسەك 25 بولىدۇ. (تولدۇرغۇچى)
بىز ئەتە سەھەر سائەت تۆتتە بۇ يەردىن ئايرىلايلى. (ھالەت)
ئۇلار ئۆيگە كەچقۇرۇن سائەت سەككىزدە يېتىپ كەلدى. (ھالەت)

**ئەسكەرتىش:** ① سانلار جۈملىدە ئېنىقلىغۇچى ۋەزىپىسىدە كەلگەندە، ئورنى ئىسىمنىڭ ئالدىدا بولىدۇ، ھالەت ۋەزىپىسىدە كەلگەندە، ئورنى پېئىلنىڭ ئالدىدا بولىدۇ. ② نەسىردىن ئەپەندىم ئاچچىقىغا چىدىماي ئېشەكنىڭ بېشىغا تۆت ـ بەشنى ئۇرۇۋېتىپتۇ. دادام كاچىتىمغا بىرنى ئۇردى، دېگەن جۈملىلەردىكى «تۆت ـ بەشنى»، «بىرنى» دېگەن قۇرۇلمىلار جۈملىدىكى ھەرىكەتنىڭ قېتىمىنى بىلدۈرگەنلىكى ئۈچۈن

جۈملىنىڭ تولدۇرغۇچى بۆلىكى بولماي، ھالەت بۆلىكى بولىدۇ.

2) سانلار جۈملىدە «تەخمىنەن، ئەتراپىدا، ساق، توپتوغرا» قاتارلىق سۆزلەرنى ۋە «بىركەم، ئىككى كەم، سەل كەم» قاتارلىق بىرىكمىلەرنى ئۆزىگە بېقىندۇرۇپ كېلىدۇ.

**مەسىلەن:** يىغىنغا تەخمىنەن 1000 ئادەم قاتناشتى. بوۋام بۇيىل بىر كەم توقسانغا كىردىم دەيدۇ. 500 ئەتراپىدا تەكلىپنامە تارقاتتۇق.

3) سانلار جۈملىدە ياردەمچى پېئىللار بىلەن بىرىكىدۇ.

**مەسىلەن:** يېڭى ئوقۇغۇچىلار 300 گە يەتتى. قويلارنىڭ سانى 44 ئىكەن. مۇسابىقىگە تىزىملاتقانلار 150 بولدى. بىر باغلام دەپتەرنى سانىسا، 49 چىقتى.

4) ئۇيغۇر تىلىدا باشقا سۆز تۈركۈملىرىگە قوشۇلۇپ سان ياسايدىغان قوشۇمچە يوق. تىلىمىزدىكى ساناق سانلارغا «-ىنچى، نىنچى: -چە، -دەك، -تەك: ىەيلەن، ىيلەن» قوشۇمچىلىرىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن دەرىجە سان، مۆلچەر سان ۋە كىشىلىك سانلار تۈرلىنىدۇ. چىقىش كېلىشتە كەلگەن ساناق سانلارغا ساناق سانلار قوشۇلۇپ كەسىر سانلار تۈرلىنىدۇ.

**3-كۆنۈكمە:** ① تۆۋەندىكى جۈملىلەردە سانلارنىڭ قانداق ۋەزىپىدە كەلگەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىڭ.

مەملىكىتىمىزدە بەش ئاپتونوم رايون بار. بىز ھەركۈنى ئورنىمىزدىن 6:20 دە تۇرىمىز. 24 ئۈچكە كەسىرسىز بۆلۈنىدۇ. مەن رەسىملىك ژۇرنالدىن ئىككىنى سېتىۋالدىم.

چۈشتىن كېيىن دەرسكە قاتناشمىغانلار بەش.

② تۆۋەندىكى سانلارنى ھەر خىل ۋەزىپىدە كەلتۈرۈپ جۈملە تۈزۈڭ.

ئۈچ، توققۇز، 14، 20، تۆت.

## يەتتىنچى باب مىقدار ھەققىدە ئومۇمىي چۈشەنچە

### §1. مىقدارنىڭ مەنىسى

شەيئىلەرنىڭ ۋە ھەرىكەتنىڭ ھېسابلاش بىرلىكىنى بىلدۈرىدىغان سۆز تۈركۈمى مىقدار دەپ ئاتىلىدۇ.

### §2. مىقدارنىڭ تۈرلىرى

ئۇيغۇر تىلىدىكى مىقدارلار كېلىش مەنبەسى ۋە قوللىنىش دائىرىسىگە ئاساسەن ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

**1. خاس مىقدار**

ئىزچىل ھالدا مىقدار رولىدىلا كېلىدىغان سۆزلەر خاس مىقدار دەپ ئاتىلىدۇ.

**مەسىلەن:** سەر، مىسقال، پۇڭ، تونىا، كىلوگىرام، گىرام، چارەك، چاقىرىم، كىلومېتىر، مېتىر، گەز، سۇڭ، غېرىچ، لىتىر، نەپەر، دانە، نۆۋەت، سېلسىيە، كالورىيە، دېگىز مىلى...

## 2. كۆچمە مىقدار

ئۆزىنىڭ ئەسلىي خۇسۇسىيىتىنى يوقىتىپ، مىقدار ۋەزىپىسىدە كەلگەن سۆزلەر كۆچمە مىقدار دەپ ئاتىلىدۇ.

كۆچمە مىقدارلار ئۆزلىرىنىڭ ئەسلىدىكى سۆز تۈركۈمىگە خاس بولغان خۇسۇسىيىتىنى يوقىتىدۇ، مىقدارغا خاس گىراماتىكىلىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولىدۇ.

**مەسىلەن:** بىر ساندۇق كىتاب، ئۈچ ئېغىز ئۆي، بىر پىيالە چاي، ئىككى ماشىنا كۆمۈر، بىر قوشۇق تۇز...

ئۇيغۇر تىلىدىكى مىقدارلار يەنە مەنىسى ۋە باشقا سۆزلەر بىلەن بىرىكىش ئىقتىدارىغا قاراپ شەيئى مىقدارلىرى ۋە ھەرىكەت مىقدارلىرى دېگەن ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

### 1) شەيئى مىقدارلىرى

ئىسىملار بىلەن بىرىكىپ، شەيئىلەرنىڭ ھېسابلاش بىرلىكىنى بىلدۈرىدىغان مىقدارلار شەيئى مىقدارلىرى دەپ ئاتىلىدۇ.

**مەسىلەن:** بىر تۇپ ئالما، ئىككى دانە قوغۇن، ئۈچ تال بېلىق، بىر ئۆرۈم سامساق، بىر جۈپ پايپاق، ئىككى قۇر كىيىم، بىر يۈرۈش دەرسلىك، بىر چېلەك سۇ، ئۈچ تونىنا بۇغداي...

### 2) ھەرىكەت مىقدارلىرى

پېئىللار بىلەن بىرىكىپ ھەرىكەتنىڭ ھېسابلاش بىرلىكىنى بىلدۈرىدىغان مىقدارلار ھەرىكەت مىقدارلىرى دەپ

ئاتىلىدۇ.

مەسىلەن: بىر قېتىم بارماق، ئۈچ نۆۋەت كەلمەك، تۆت يىل قاتنىماق، بىر پەدە چالماق، بەش مەيدان ئوينىماق، ئىككى ھەپتە دەم ئالماق، ئالتە يىل ئوقۇماق، بىر سائەت ساقلىماق...

1 - كۆنۈكمە: ① تەركىبىدە خاس مىقدار سۆز كەلگەن تۆت جۈملە، كۆچمە مىقدار سۆز كەلگەن تۆت جۈملە تۈزۈڭ.

② تەركىبىدە شەيئى مىقدارى قوللىنىلغان تۆت جۈملە، ھەرىكەت مىقدارى قوللىنىلغان تۆت جۈملە تۈزۈڭ.

## §3. مىقدارنىڭ گىرامماتىكىلىق خۇسۇسىيەتلىرى

1. مىقدارلار ھېسابلاش بىرلىكىنى بىلدۈرىدىغان سۆز بولغانلىقى ئۈچۈن ئادەتتە سان - مىقدار بىرىكمىسى شەكلىدە قوللىنىلىدۇ.

مەسىلەن: ئۈچ نەپەر ئوقۇتقۇچى، ئىككى دانە ئانار، بىر قۇر كىيىم، بىر يۈتۈم سۇ.

2. سان - مىقدار بىرىكمىلىرى جۈملىدە ئىسىملارنىڭ ئالدىدا كەلسە، ئېنىقلىغۇچى ۋەزىپىسىدە كېلىدۇ؛ پېئىللارنىڭ ئالدىدا كەلسە، ھالەت ۋەزىپىسىدە كېلىدۇ. ئىسىمغا خاس بولغان قوشۇمچىلار بىلەن تۈرلىنىپ، جۈملىدە ئىگە، خەۋەر، تولدۇرغۇچى بولۇپ كېلىدۇ.

**مەسىلەن:** دادام بازاردىن ئۈچ پارچە سۈرەت سېتىۋاپتۇ (ئېنىقلىغۇچى). نۇرىيە مەملىكەتلىك مۇسابىقىگە بەش قېتىم قاتناشتى (ھالەت). كۆمۈرنىڭ بىر توننىسى قانچە پۇل؟ (ئىگە) ماقالىلەرنىڭ ئىككى پارچىسىنى قايتا كۆچۈرۈڭ (تولدۇرغۇچى). ئۈرۈمچى بىلەن قەشقەرنىڭ ئارىلىقى 1460 كىلومېتىر (خەۋەر).

3. مىقدارلار ياسىغۇچى قوشۇمچىلارغا ئىگە. ئۇ قوشۇمچىلار باشقا سۆز تۈركۈملىرىدىن بىر قىسىم ياسالما مىقدارلارنى ياسايدۇ.

**مەسىلەن:** چىشلە + م = چىشلەم ، تىل + ىم = تىلىم .

4. بەزى سان - مىقدار بىرىكمىلىرىگە «چە، دەك، تەك» قاتارلىق قوشۇمچىلار ۋە «يېقىن، ئارتۇق، ئەتراپىدا» دېگەن سۆزلەرنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن مۆلچەر ئىپادىلىنىدۇ.

**مەسىلەن:** يىگىرمە جىڭچە ياغ، 15 پارچىدەك كىتاب.

5. بىر قىسىم مىقدارلار «- لاپ، - لەپ » قوشۇمچىسىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن رەۋىشكە ئايلىنىدۇ.

**مەسىلەن:** كېسەل جىڭلاپ كىرىپ، سەرلەپ چىقىدۇ.

6. سان - مىقدار بىرىكمىلىرى ياردەمچى پېئىللار بىلەن بىرىكىپ كېلىدۇ.

**مەسىلەن:** بۇ ماشىنىدىكى كۆمۈر بەش توننا ئىكەن.

تەييارلانغان ماقالە 20 پارچە بولدى.

2 ـ كۆنۈكمە: ① سان ـ مىقدار بىرىكمىلىرى ئىگە، تولدۇرغۇچى ۋە خەۋەر بولۇپ كەلگەن ئالتە جۈملە تۈزۈڭ.

② تۆۋەندىكى قوشۇمچىلاردىن پايدىلىنىپ مىقدار سۆزدىن ئوننى ياساڭ.

ـ م، ـىم، ـۇم، ـۈم، ـىق

# سەككىزىنچى باب ئالماش ھەققىدە
# ئومۇمىي چۈشەنچە

## §1. ئالماشنىڭ مەنىسى

جۈملىدە ئۆزىدىن باشقا سۆز تۈركۈملىرىنىڭ ئورنىغا ئالمىشىپ كېلىدىغان سۆز تۈركۈمى ئالماش دەپ ئاتىلىدۇ.

**مەسىلەن:** مەن تىرىشىپ ئوقۇيمەن. بۇ جۈملىدىكى «مەن» دېگەن ئالماش سۆزلىگۈچى (ئىسىم)نىڭ ئورنىغا ئالمىشىپ كەلگەن.

## §2. ئالماشنىڭ تۈرلىرى

ئالماشلار لېكسىكىلىق مەنىسى ۋە تىلدىكى رولىغا ئاساسەن تۆۋەندىكى تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ.

### 1. شەخس ئالماشلىرى

شەيئىلەرنى سۆزلىگۈچى، ئاڭلىغۇچى ۋە سۆزلەنگۈچى نوقتىسىدىن ئابستراكتلاشتۇرۇپ ئىپادىلەيدىغان ئالماشلار شەخس ئالماشلىرى دەپ ئاتىلىدۇ.

ئۇيغۇر تىلىدىكى شەخس ئالماشلىرى: مەن، بىز، سەن، سىز، ئۇ، ئۇلار قاتارلىقلار.

«مەن، سەن، ئۇ» ئالماشلىرى بەزى كېلىش قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلەنگەندە، ئۇلاردا فونېتىكىلىق ئۆزگىرىش بولىدۇ.

**مەسىلەن:** مەن + نىڭ = مېنىڭ، مەن + نى = مېنى («ن» چۈشۈپ قالىدۇ ۋە «ئە» تاۋۇشى «ئې» تاۋۇشىغا ئاجىزلىشىدۇ)

«ئۇ» ئالمىشىغا «ـ غا، ـ دا، ـ دىن» قوشۇمچىلىرىنى قوشۇشتا «ـ غا، ـ دىن، ـ دا» دىن بۇرۇن «ـ نىڭ» قوشۇلىدۇ.

**مەسىلەن:** ئۇنىڭدىن، ئۇنىڭغا، ئۇنىڭدا.

<u>**ئەسكەرتىش:**</u> «ئۇنىڭغا» ئالمىشى شېئىرلاردا «ئاڭا» شەكلىدىمۇ ئۇچرايدۇ.

شەخس ئالماشلىرى تىركەلمىلەر بىلەن بىرىكىپ كېلىدۇ. **مەسىلەن:** مەن بىلەن، سىز توغرۇلۇق، سەن ئۈچۈن.

## 2. كۆرسىتىش ئالماشلىرى

شەيئىلەرنى ياكى تۈرلۈك بەلگە ھالەتلەرنى كۆرسىتىش ئۈچۈن قوللىنىلغان ئالماشلار كۆرسىتىش ئالماشلىرى دەپ ئاتىلىدۇ.

ئۇيغۇر تىلىدىكى كۆرسىتىش ئالماشلىرى ئۇ، بۇ، شۇ، مۇشۇ، مۇنۇ، ئاشۇ، ئاۋۇ، ئەنە، مانا، ئۇنداق، بۇنداق، مۇنداق، ئانداق، شۇنداق، ئاشۇنداق، مۇشۇنداق، ئانچە، مۇنچە، شۇنچە، ئانچىلىك، مۇنچىلىك، شۇنچىلىك، مۇشۇنچىلىك، ئانچىۋالا،

مۇنچىۋالا، شۇنچىۋالا قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

مەسىلەن: ئۇ مېنىڭ كىتابىم. بۇ گەپ بەك مۇھىم.

### 3. سوئال ئالماشلىرى

شەيئى، بەلگە، سان، مىقدار ۋە ھەرىكەتنىڭ بەلگىسى ھەققىدىكى سوئالنى بىلدۈرىدىغان ئالماشلار سوئال ئالماشلىرى دەپ ئاتىلىدۇ.

ئۇيغۇر تىلىدىكى سوئال ئالماشلىرى: كىم، نېمە، قايسى، قانداق، قاچان، قانچە، قانچىلىك، نەچچە، نەچچىلىك، قەيەر، نە، قاياق، قېنى، قانچىنچى، نەچچىنچى، نېمىشقا قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

### 4. ئۆزلۈك ئالماشلىرى

شەيئىلەرنى ئېنىق ئايرىش ئۈچۈن قوللىنىلىدىغان ئالماش ئۆزلۈك ئالمىشى دەپ ئاتىلىدۇ.

ئۇيغۇر تىلىدىكى ئۆزلۈك ئالمىشى «ئۆز» دېگەن بىرلا سۆزدىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇ ئىسىمنىڭ تەۋەلىك ۋە كېلىش قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلەنگەن ھالدا قوللىنىلىدۇ. (ئايرىم كۆرسىتىلىدۇ) ئۆزلۈك ئالمىشى تىركەلمىلەر بىلەن بىرىكىدۇ.

مەسىلەن: ئۆزۈم توغرۇلۇق، ئۆزۈم ئۈچۈن...

«ئۆز» دېگەن ئالماشقا بەزى تىل تەركىبلىرى قوشۇلۇش ئارقىلىق ئاز ساندىكى بىر قىسىم سۆزلەر ياسىلىدۇ. بۇنداق سۆزلەر ئالماش بولماستىن، باشقا سۆز تۈركۈملىرىگە تەۋە بولىدۇ.

**مەسىلەن:** ئۆزئارا، ئۆزلۈكىدىن (رەۋىش)؛ ئۆزگىچىلىك (ئىسىم)؛ ئۆزگە، ئۆزۈمچىل (سۈپەت)؛

**ئەسكەرتىش:** 2 ـ شەخس بىرلىك ھۆرمەت تۈرى «ئۆزلىرى»، 2 ـ شەخس كۆپلۈك ھۆرمەت تۈرى «ئۆزلىرى» ۋە 3 ـ شەخس كۆپلۈك ئالمىشى «ئۆزلىرى» شەكىل جەھەتتىن ئوخشايدۇ، ئەمما، مەنە جەھەتتىن ئوخشىمايدۇ. بۇلارنىڭ قانداق مەنە ئىپادىلىگەنلىكى كونكرېت جۈملىدە روشەنلىشىدۇ.

**مەسىلەن:** بوۋا، ئۆزلىرى قەيەردىن كەلدىلە؟ (2 ـ شەخس بىرلىك ھۆرمەت تۈر)

بۇ مەسىلىگە ئالدى بىلەن ئۆزلىرى ئىپادە بىلدۈرۈشسىلە. (2 ـ شەخس كۆپلۈك ھۆرمەت تۈر)

بۇ ئىشقا بىز ئارىلاشمايلى، ئۇلار ئۆزلىرى كېلىشىم قىلىشسۇن. (3 ـ شەخس كۆپلۈك)

### 5. بەلگىلەش ئالماشلىرى

مەلۇم كۆپ سانلىق شەيئىنىڭ ياكى ھەر خىل بەلگە، سان ـ مىقدار، ۋاقىت قاتارلىقلارنىڭ مۇستەسناسىزلىقى (ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقى)نى بىلدۈرىدىغان ئالماشلار بەلگىلەش ئالماشلىرى دەپ ئاتىلىدۇ.

ئۇيغۇر تىلىدىكى بەلگىلەش ئالماشلىرى:

«ھەممە، پۈتۈن، پۈتكۈل، بارلىق، ھەر، بارچە، ھەريەر، ھەرجاي، ھەرۋاقىت، ھەركىم، ھەرنەرسە، ھەرنېمە، ھەرقانداق، ھەرقايسى، ھەرقاچان» قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. بەلگىلەش

ئالماشلىرى ئىسىملارنىڭ تەۋەلىك ۋە كېلىش قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلىنىدۇ.

**ئەسكەرتىش:** «پۈتۈن» سۆزى بەلگىلىك تېكىستتە سۈپەت رولىدا كېلىدۇ. **مەسىلەن:** پۈتۈن سان، پۈتۈن يەرشارى...

### 6. بولۇشسىزلىق ئالماشلىرى

شەيئى، بەلگە، خۇسۇسىيەت، سان - مىقدار ھەققىدىكى ئىنكار (يوقلۇق)نى بىلدۈرىدىغان ئالماشلار بولۇشسىزلىق ئالماشلىرى دەپ ئاتىلىدۇ.

ئۇيغۇر تىلىدىكى بولۇشسىزلىق ئالماشلىرى «ھېچ» دېگەن سۆزگە سوئال ئالماشلىرى ۋە «نەرسە، يەر، بىر» دېگەن سۆزلەرنىڭ قوشۇلۇشى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ.

بولۇشسىزلىق ئالماشلىرى كەلگەن جۈملىنىڭ خەۋىرى بولۇشسىز شەكىلدە بولىدۇ.

**مەسىلەن:** مېنىڭ ھېچ يەرگە بارغۇم يوق. مەن ھېچقاچان ئۇنداق گەپنى قىلمىدىم. ئۇنىڭدا ھېچبىر ئالامەت يوق.

### 7. ئېنىقسىزلىق ئالماشلىرى

شەيئى، بەلگە، خۇسۇسىيەت، سان - مىقدار ھەققىدىكى ئېنىقسىزلىقنى بىلدۈرىدىغان ئالماشلار ئېنىقسىزلىق ئالماشلىرى دەپ ئاتىلىدۇ.

ئۇيغۇر تىلىدىكى ئېنىقسىزلىق ئالماشلىرىنىڭ بەزىلىرى سوئال ئالماشلىرىغا «-دۇ، -تۇ» قوشۇمچىلىرىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ياسىلىدۇ. بەزىلىرى «ئاللا، بىر» سۆزلىرىگە

سوئال ئالماشلىرىنىڭ قوشۇلۇشى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ.

**ئەسكەرتىش:** يۇقىرىدىكى «ئاللا» سۆزىنىڭ مەنىسىمۇ، تەلەپپۇزىمۇ « ئاللا ـ تەڭرى» سۆزىگە ئوخشىمايدۇ. يەنە بەزى ئېنىقسىزلىق ئالماشلىرى «بىر» سۆزىگە «قانچە، نەچچە، مۇنچە» ئالماشلىرىنىڭ قوشۇلۇشى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ.

**مەسىلەن:** روشەنگۈل پۈتۈن دىققىتى بىلەن قانداقتۇ بىر نەرسىنى ئويلاۋاتاتتى.

1 ـ كۆنۈكمە: ئالماشلارنىڭ ھەربىر تۈرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئۈچتىن جۈملە تۈزۈڭ.

## §3. ئالماشلارنىڭ گىراماتىكىلىق خۇسۇسىيەتلىرى

1. ئالماشلارنىڭ لېكسىكىلىق مەنىسى باشقا سۆز تۈركۈملىرىنىڭكىدەك ئېنىق ئەمەس.

**مەسىلەن:** «سۇ»، «قىزىل» دېسەك، ئۇقۇم ئېنىق ئىپادىلىنىدۇ. «بۇ، ئاۋۇ، ھېچكىم، ئاللىقاچان» دېسەك، ئۇقۇم نىسبەتەن تۇتۇقراق ئىپادىلىنىدۇ.

2. ئالماشلار يىغىنچاقلاش رولىنى ئوينايدۇ.

**مەسىلەن:** «ئارزۇگۈل، نۇربىيە، نۇرنىسالار 1992 ـ يىلى خىزمەتكە قاتناشقان، ئۇلار 3 ـ ئوتتۇرا مەكتەپتە ئىشلەيدۇ» دېسەك، ئىككىنچى جۈملىدىكى «ئۇلار» دېگەن ئالماش بىرىنچى جۈملىدىكى ئۈچ ئىسىمنى يىغىنچاقلىغان.

3. ئالماشلارنىڭ ئۆزىگە خاس ياسىغۇچى قوشۇمچىلىرى يوق. ئالماشلارنىڭ تۈرلىنىشى باشقا مۇستەقىل سۆزلەردەك سىستېمىلىق ئەمەس. بىر قىسىم ئالماشلار جۈملىدە بەزى ۋەزىپىدە كەلسىمۇ، بەزى ۋەزىپىلەردە كەلمەيدۇ. (ئېنىقسىزلىق ئالماشلىرى جۈملىنىڭ خەۋىرى بولالمايدۇ.)

4. ئالماشلار جۈملىدە ئىگە، خەۋەر، تولدۇرغۇچى، ئېنىقلىغۇچى ۋە ھالەت بولۇپ كېلىدۇ.

**مەسىلەن:** بۈگۈن <u>ئۆزۈم</u> مېھمان قىلاي. ( ئىگە)

ئىلىيارنىڭ ئۆيى <u>مۇشۇ</u>. (خەۋەر)

<u>ئۇنىڭ</u> كۆزلىرى قىزىرىپ كېتىپتۇ. (ئېنىقلىغۇچى)

سەن <u>نېمىنى</u> بىلىسەن؟ (تولدۇرغۇچى)

قەھرىمانلارنىڭ نامى <u>ھەرقاچان</u> يادلىنىدۇ. (ھالەت)

5. ئالماشلار بەزى سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلارنى قوشۇش ئارقىلىق بىرقانچە ئىسىم، سۈپەت، پېئىل ياساش بىلەنلا چەكلىنىدۇ. **مەسىلەن:**

ئۇنداق + چى = ئۇنداقچى، مۇنداق + چى = مۇنداقچى؛ ئۆز + لۈك = ئۆزلۈك، سەن + لە = سەنلە، سىز + لە = سىزلە، سەن + لەپ = سەنلەپ، سىز + لەپ = سىزلەپ.

6. ئالماشلار ياردەمچى پېئىللار ۋە تىركەلمىلەر بىلەن بىرىكىپ كېلىدۇ.

**مەسىلەن:** مەن ئىدىم، سەن ئىكەنسەن، ئۇ ئەمەس، شۇ ئىمىش، مەن توغرۇلۇق، ئۇلارغا ئائىت، سەن ئۈچۈن.

**2ـ كۆنۈكمە:** بۇ كىتابتىكى ئەسەردىن مەلۇم بىرىنى تاللاپ چىقىڭ ۋە ئۇنىڭدىن بىر ياكى ئىككى ئابزاسنى تاللاپ، ئۇنىڭدىكى ئالماشلارنى تېپىڭ ھەمدە جۈملىدىكى ۋەزىپىسىنى ئېيتىپ بېرىڭ.

# توققۇزىنچى باب رەۋىش توغرىسىدا ئومۇمىي چۈشەنچە

## §1. رەۋىشنىڭ مەنىسى

شەيئىلەر ھەرىكىتىنىڭ ۋاقتى، ئورنى، ئۇسۇلى، ھالىتى، سۈپىتى ۋە شەيئىلەر بەلگىسىنىڭ دەرىجىسىنى بىلدۈرىدىغان سۆز تۈركۈمى رەۋىش دەپ ئاتىلىدۇ.

رەۋىشلەرگە قانداق؟ قانداق قىلىپ؟ قانداقچە؟ قاچان؟ قاچانغىچە؟ قاچاندىن بېرى؟ قەيەردە؟ قەيەرگىچە؟ قەيەردىن؟ دېگەنگە ئوخشاش سوئاللار قويۇلىدۇ.

## §2. رەۋىشنىڭ تۈرلىرى

ئۇيغۇر تىلىدىكى رەۋىشلەر مەنىسىگە ئاساسەن تۆۋەندىكى تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ:

### 1. ۋاقىت رەۋىشلىرى

شەيئىلەر ھەرىكىتىنىڭ ۋاقتىنى بىلدۈرىدىغان رەۋىشلەر ۋاقىت رەۋىشلىرى دەپ ئاتىلىدۇ.

ئۇيغۇر تىلىدىكى ۋاقىت رەۋىشلىرى: بۈگۈن، ئەتە، ئۆگۈن، ھازىر، بۇلتۇر، بۇيىل، ھېلى، ئابايا، كېيىن، بۇرۇن، ھازىرچە، دەرھال، قىشچە، يازچە، مەڭگۈ، ھەردائىم، ھەمىشە، ھامان، ئەبەدىي، بەزىدە، ئەمدى، ئاۋۋال، دەسلەپ، ئاخشام، گاھىدا، كەچ، كۈنبويى، ئاخىرغىچە، ئەتىگەن، كەچكىچە قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

## 2. ئورۇن رەۋىشلىرى

شەيئىلەر ھەرىكىتىنىڭ ئورنىنى بىلدۈرىدىغان رەۋىشلەر ئورۇن رەۋىشلىرى دەپ ئاتىلىدۇ.

ئۇيغۇر تىلىدىكى ئورۇن رەۋىشلىرى: نېرى، بېرى، ئالدى، سىرت، كەينى، يۇقىرى، تۆۋەن، ئىچكىرى، تاشقىرى، ھەرتەرەپتە، شۇ يەردە، پەستە، تەرەپ ـ تەرەپتىن قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

## 3. ھالەت رەۋىشلىرى

شەيئىلەر ھەرىكىتىنىڭ تۈرلۈك ھالەتلىرىنى بىلدۈرىدىغان رەۋىشلەر ھالەت رەۋىشلىرى دەپ ئاتىلىدۇ.

ئۇيغۇر تىلىدىكى ھالەت رەۋىشلىرى: تېز، چاپسان، مەردانە، بىردەك، بىرلىكتە، ئۇچقاندەك، پائال، قولمۇقول، ۋاللىدە، گۈپپىدە، تىغمۇتىغ، يۈزمۇيۈز، قاتلامۇقاتلام قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

## 4. دەرىجە رەۋىشلىرى

شەيئىلەر ھەرىكىتىنىڭ ۋە شەيئىلەر سۈپىتىنىڭ

دەرىجىسىنى بىلدۈرىدىغان رەۋىشلەر دەرىجە رەۋىشلىرى دەپ ئاتىلىدۇ.

ئۇيغۇر تىلىدىكى دەرىجە رەۋىشلىرى: تازا، پۈتۈنلەي، ئاساسەن، ئۇزۇل-كېسىل، راسا، دەل، ناھايىتى، بەك، تولىمۇ، ئىنتايىن، قەتئىي، سەل-پەل، خويمۇ، خېلى، تېخىمۇ، ئاجايىپ، جەزمەن، ھەرگىز، چوقۇم، زادى، پەقەت قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

## 5. سەۋەب-مەقسەت رەۋىشلىرى

شەيئىلەر ھەرىكىتىنىڭ سەۋەبى ياكى مەقسىتىنى بىلدۈرىدىغان رەۋىشلەر سەۋەب-مەقسەت رەۋىشلىرى دەپ ئاتىلىدۇ.

ئۇيغۇر تىلىدىكى سەۋەب-مەقسەت رەۋىشلىرى: ئەتەي، قەستەن، ئامالسىزلىقتىن، بىكاردىن-بىكار، دۈشمەنلىك بىلەن، ئاتايىن، بىلەلمىگەنلىكتىن، ياخشى بولسۇن دەپ، ئېھتىياتسىزلىقتىن، ئۈگىشىلىپ قالارمىكىن دەپ، مەقسەتلىك ھالدا، ھېچ گەپتىن ھېچ گەپ يوق قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

1-**كۆنۈكمە:** ① رەۋىشنىڭ ھەربىر تۈرى ئۈچۈن ئۈچتىن جۈملە تۈزۈڭ.

② «ياخشى، چىرايلىق، نۇرغۇن، توغرا» دېگەن سۆزلەرنى بىر جۈملىدە سۈپەت رولىدا، بىر جۈملىدە رەۋىش رولىدا كەلتۈرۈپ جۈملە تۈزۈڭ.

## §3. رەۋىشنىڭ گىراماتىكىلىق
## خۇسۇسىيەتلىرى

1. رەۋىشلەر جۈملىدە كۆپ ھالاللاردا پېئىللغا، سۈپەت ۋە رەۋىشلەرگە باغلىنىپ، ھالەت بولىدۇ.

**مەسىلەن:** ئەكرەم بۈگۈن كەلدى. بىز قەتئىي ئىرادىلىك بولۇشىمىز لازىم.

2. رەۋىشلەر ئىسىم ۋە سۈپەتكە خاس قوشۇمچىلار بىلەن تۈرلىنىدۇ. لېكىن بۇ خىل تۈرلىنىش شۇ سۆز تۈركۈملىرىگە ئوخشاش سىستېمىلىق بولمايدۇ.

**مەسىلەن:** ئەكبەر بۇرۇن كەپتۇ. مەن كېيىنرەك كەلدىم.

3. رەۋىشلەر ياسىغۇچى قوشۇمچىلارغا ئىگە.

**مەسىلەن:** -لارچە، -لەرچە، -چىلاپ، -چىلەپ، -چىلىغا، -چىلىگە، -لاپ، -لەپ، -ىدە، -ئى، -ئەن، -چە، -ىچە.

**2-كۆنۈكمە:** رەۋىش ياسايدىغان ھەربىر قوشۇمچىغا بىردىن ياسالما رەۋىش تۈزۈڭ.

# ئونىنچى باب پېئىل ھەققىدە ئومۇمىي چۈشەنچە

## §1. پېئىلنىڭ مەنىسى

شەيئىلەر ھەرىكىتى ۋە ھالىتىنى بىلدۈرىدىغان سۆز تۈركۈمى پېئىل دەپ ئاتىلىدۇ.

**مەسىلەن:** ماڭ-، تۇر-، ياز-، ئوقۇ-، ئاچ-، كۆر-، يۇر-، ئولتۇر-، ئىشلە-، ئورۇندا-، ھۆرمەتلە-، ئويغا-، تۈزلە-، باردى، تۇردى، سىزدى، ئاڭلىدى، ئالمىدى ،كەتمىدى...

پېئىللار نېمە قىلدى؟ نېمە قىلىۋاتىدۇ؟ نېمە قىلىدۇ؟ نېمە قىلدى؟ نېمە بولدى؟ نېمە بولۇۋاتىدۇ؟ نېمە بولماقچى؟ دېگەنگە ئوخشاش سوئاللارغا جاۋاب بولۇپ كېلىدۇ.

## §2. شەخسلىك پېئىللار ۋە شەخسسىز پېئىللار

ئۇيغۇر تىلىدىكى پېئىللار مەنىسى ۋە رولىغا ئاساسەن

شەخسلىك پېئىللار ۋە شەخسسىز پېئىللار دېگەن ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ.
ھەرىكەتنىڭ مەلۇم شەخس (ئادەم)كە تەۋە ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدىغان پېئىللار شەخسلىك پېئىللار دەپ ئاتىلىدۇ.
**مەسىلەن:** مەن قايتتىم، بىز قايتتۇق، سەن قايتتىڭ، سىلەر قايتتىڭلار، سىز قايتتىڭىز، سىلى قايتتىلا، ھەرقايسىلىرى قايتىشتىلا، ئۇ قايتتى، ئۇلار قايتتى.

ھەرىكەتنىڭ مەلۇم شەخسكە تەۋە ئىكەنلىكىنى بىلدۈرمەيدىغان، ئىسىم، سۈپەت، رەۋىشلەرنىڭ رولىدىمۇ كېلەلەيدىغان پېئىللار شەخسسىز پېئىللار دەپ ئاتىلىدۇ.
**مەسىلەن:** يېزىش، يازماق، يازغان، يازماس، يېزىپ، يازغانسېرى

### §3. پېئىلنىڭ بولۇشلۇق ۋە بولۇشسىز شەكىللىرى

ئۇيغۇر تىلىدىكى پېئىللاردا ئىپادىلەنگەن ھەرىكەتنىڭ مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەنلىكى ياكى ئىنكار قىلىنغانلىقىغا ئاساسەن پېئىللار بولۇشلۇق پېئىل ۋە بولۇشسىز پېئىل دېگەن ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ.
ھەرىكەتنىڭ مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەنلىكىنى بىلدۈرىدىغان پېئىل بولۇشلۇق پېئىل دەپ ئاتىلىدۇ.
**مەسىلەن:** توختى مەكتەپتىن كەلدى. بىز يىغىنغا قاتناشتۇق.

ھەرىكەتنىڭ ئىنكار قىلىنغانلىقىنى بىلدۈرىدىغان پېئىل بولۇشسىز پېئىل دەپ ئاتىلىدۇ.

بولۇشسىز پېئىل بولۇشلۇق پېئىلنىڭ ئاخىرىغا «-ما/-مە» قوشۇمچىلىرىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

**مەسىلەن:** مەن يالغان سۆزلىمىدىم. ئۇلار تېخى كەلمىدى.

## §4. پېئىلنىڭ زامان شەكىللىرى

ھەرىكەتنىڭ سۆزلىنىۋاتقان ۋاقىت بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى بىلدۈرىدىغان گىرامماتىكىلىق شەكىللەر پېئىلنىڭ زامان شەكىللىرى دەپ ئاتىلىدۇ. پېئىلنىڭ زامان شەكىللىرى ئۈچ تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

### 1. پېئىلنىڭ ئۆتكەن زامان شەكلى

ھەرىكەتنىڭ سۆزلىنىۋاتقان ۋاقىتتىن بۇرۇن بولغانلىقىنى ياكى بولمىغانلىقىنى بىلدۈرىدىغان زامان شەكلى پېئىلنىڭ ئۆتكەن زامان شەكلى دەپ ئاتىلىدۇ.

**مەسىلەن:** ماڭدىم، ماڭدۇق، ماڭدىڭىز، ماڭدىلا...

### 2. پېئىلنىڭ ھازىرقى زامان شەكلى

ھەرىكەتنىڭ سۆز قىلىنىۋاتقان ۋاقىتتا بولۇۋاتقان ياكى بولمايۋاتقانلىقىنى بىلدۈرىدىغان زامان شەكلى پېئىلنىڭ ھازىرقى زامان شەكلى دەپ ئاتىلىدۇ.

**مەسىلەن:** ئىشلەۋاتىمەن. كۆزلەۋاتىمەن، كۆرۈۋاتىمىز.

### 3 . پېئىلنىڭ كېلىدىغان زامان شەكلى

ھەرىكەتنىڭ سۆز قىلىنىۋاتقان ۋاقىتتىن كېيىن بولىدىغان ياكى بولمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدىغان زامان شەكلى پېئىلنىڭ كېلىدىغان زامان شەكلى دەپ ئاتىلىدۇ.

**مەسىلەن:** قايتىدۇ، بىلمەكچى، كېلىدۇ، بەرمەكچىمەن.

**ئەسكەرتىش:** پېئىللارنىڭ زامان شەكلى ئۆز مەنىسىدە قوللىنىلغاندىن سىرت، بەزىدە بىرخىل زامان شەكلى ئىككىنچى بىرخىل زامان مەنىسىدىمۇ قوللىنىلىدۇ.

**مەسىلەن:** ئەلىشىر نەۋايى 1441 ـ يىلى ھىراتتا تۇغۇلغان. ئۇ ئەدەبىي ئىجادىيەتتە پارلاق ئۇتۇقلەرنى قالدۇرۇپ، 1501 ـ يىلى ۋاپات بولىدۇ.

**1 ـ كۆنۈكمە:** «ئوقۇ ـ» دېگەن پېئىلنى بىرلىك، كۆپلۈك، ئۈچ شەخس ۋە زامان شەكىللىرى بويىچە تۈرلەپ، جۈملە تۈزۈڭ.

## §5. پېئىلنىڭ راي شەكىللىرى

جۈملىدە ئىپادىلەنگەن ھەرىكەتكە نىسبەتەن سۆزلىگۈچىنىڭ قانداق پوزىتسىيەدە ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدىغان گىراماتىكىلىق شەكىللەر پېئىلنىڭ راي شەكىللىرى دەپ ئاتىلىدۇ.

پېئىللارنىڭ راي شەكىللىرى بايان رايى، شەرت رايى ۋە بۇيرۇق رايى دېگەن ئۈچ تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

**1. بايان رايى**

سۆزلىگۈچىنىڭ جۈملىدىكى ھەرىكەت توغرىسىدىكى بايانىنى بىلدۈرىدىغان راي شەكلى پېئىلنىڭ بايان رايى دەپ ئاتىلىدۇ.

**مەسىلەن:** كېۋەز تېرىقچىلىقى سۇپەتلىك ئاخىرلاشتى.

**2. شەرت رايى**

مەلۇم بىر ھەرىكەتكە قارىتا ئىككىنچى بىر ھەرىكەتنىڭ شەرت ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدىغان راي شەكلى پېئىلنىڭ شەرت رايى دەپ ئاتىلىدۇ.

پېئىلنىڭ شەرت رايى شەكىللىرى مۇرەككەپ جۈملىلەردە قوللىنىلىدۇ. پېئىلنىڭ شەرت رايى شەكىللىرى پېئىل ئۆزىكى (پېئىلنىڭ ئەڭ دەسلەپكى شەكلى)گە «-سا/ -سە» قوشۇمچىلىرىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. پېئىلنىڭ شەرت رايى شەكىللىرىدە بولۇشلۇق-بولۇشسىزلىق، بىرلىك-كۆپلۈك، تەۋەلىك مەنىلىرىمۇ ئىپادىلىنىدۇ.

**مەسىلەن:** سەن قاچان ماڭساڭ، مەنمۇ شۇ چاغدا ماڭىمەن. سىز كەلمىسىڭىز، مەنمۇ بارمايمەن.

**3. بۇيرۇق رايى**

سۆزلىگۈچىنىڭ جۈملىدىكى ھەرىكەتكە قارىتا بۇيرۇق، تەلىپىنى بىلدۈرىدىغان راي شەكلى پېئىلنىڭ بۇيرۇق رايى

دەپ ئاتىلىدۇ.

پېئىللارنىڭ بۇيرۇق رايى پېئىل ئۆزىكىگە تۆۋەندىكى قوشۇمچىلارنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

-اي، -ەي، -ي، -ايلى، -ەيلى، -ىيلى، -غىن، -قىن، -گىن، -كىن، -ڭ، -ىڭ، -ۇڭ، -ۈڭ، -ڭلار، -ىڭلار، -ۇڭلار، -سىلا، -سىلە، سۇن

**2-كۆنۈكمە:** «ئىشلە» دېگەن پېئىلنى ئۈچ راي بىلەن تۈرلەپ، ئۈچ جۈملە تۈزۈڭ.

## §6. پېئىلنىڭ دەرىجە شەكىللىرى

جۈملىدە ئىپادىلەنگەن ھەرىكەت بىلەن ھەرىكەت ئىگىسى ئوتتۇرىسىدىكى ھەر خىل مۇناسىۋەتنى بىلدۈرىدىغان گىراماتىكىلىق شەكىللەر پېئىلنىڭ دەرىجە شەكىللىرى دەپ ئاتىلىدۇ.

ئۇيغۇر تىلىدىكى پېئىللارنىڭ دەرىجە شەكىللىرى تۆۋەندىكىچە بولىدۇ:

### 1. ئەسلىي دەرىجە

دەرىجە قوشۇمچىلىرى قوشۇلمىغان شەكىل ئارقىلىق ھەرىكەتنى ئېنىق ئىپادىلەيدىغان دەرىجە شەكلى ئەسلىي دەرىجە بولىدۇ.

**مەسىلەن:** قار ياغدى. مەن رەسىم سىزدىم. چىراغ ئۆچتى.

پېئىلنىڭ ئەسلىي دەرىجە شەكلى باشقا دەرىجە شەكىللىرىنىڭ ھاسىل بولۇشىغا ئاساس بولىدۇ.

**2. مەجھۇل دەرىجە**

ھەرىكەتنىڭ نامەلۇم شەيئى تەرىپىدىن ئورۇندالغانلىقىنى بىلدۈرىدىغان دەرىجە شەكلى مەجھۇل دەرىجە بولىدۇ.

پېئىلنىڭ مەجھۇل دەرىجە شەكلى ئاخىرقى بوغۇمىدا «ل» تاۋۇشى بولغان پېئىل ئۆزەكلىرىگە «-ن / -ىن» قوشۇمچىسىنىڭ قوشۇلۇشى، باشقا پېئىل ئۆزەكلىرىگە « -ل/ -ىل / ۇل/ ۈل » قوشۇمچىلىرىنىڭ قوشۇلۇشىدىن ھاسىل بولىدۇ.

**مەسىلەن:** يوشۇرۇن خەۋپنىڭ ئالدى ئېلىندى. ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش خىزمىتى باشلاندى.

**ئىزاھات: پېئىلنىڭ يىلتىزى، باشقا سۆز تۈركۈملىرىدىن ياسالغان پېئىللارنىڭ ئەڭ دەسلەپكى شەكلى ئۆزەك دەپ ئاتىلىدۇ.**

**3. ئۆزلۈك دەرىجە**

ھەرىكەتنىڭ جۈملە ئىگىسى تەرىپىدىن ئورۇندالغانلىقىنى ۋە ھەرىكەتنىڭ شۇ ئىگە تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنغانلىقىنى ياكى شۇ ھەرىكەتنىڭ ئورۇندىغۇچىغا ئۆتكەنلىكىنى بىلدۈرىدىغان دەرىجە شەكلى ئۆزلۈك دەرىجە بولىدۇ.

پېئىلنىڭ ئۆزلۈك دەرىجىسى پېئىل ئۆزىكىگە «-ن، -ىن، -ۇن، -ۈن، -ل، -ىل، -ۇل، -ۈل» قوشۇمچىلىرىنىڭ قوشۇلۇشىدىن ھاسىل بولىدۇ.

**مەسىلەن:** ماختا + ن + دى = ماختاندى، ياسا + ن + دى = ياساندى؛ كىي + ىن + دى = كىيىندى، ئىل + ىن + دى = ئىلىندى؛ توي + ۇن + دى = تويۇندى، تۇت + ۇن + دى = تۇتۇندى

**ئەسكەرتىش:** ① ئۆزلۈك دەرىجىنى ھاسىل قىلغۇچى بەزى قوشۇمچىلار بىلەن مەجھۇل دەرىجىنى ھاسىل قىلغۇچى بەزى قوشۇمچىلار شەكىلداش بولغانلىقتىن، بۇ ئىككى خىل دەرىجە شەكلىنى جۈملىدىكى مەنىسىگە قاراپ پەرقلەندۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. **مەسىلەن:**

گۈل ئېچىلدى. بېلىق قارماققا ئىلىندى. (ئۆزلۈك)

يىغىن ئېچىلدى. چاپان ئىلغۇچقا ئىلىندى. (مەجھۇل)

② ئۇيغۇر تىلىدىكى «شادلاندى، ئىككىلەندى» پېئىللىرى ئۆزلۈك دەرىجىدىكى پېئىللارغا شەكىل جەھەتتىن ئوخشايدۇ، ئۆزلۈك دەرىجە مەنىسىنىمۇ ئىپادىلەيدۇ؛ لېكىن ئۇلار ياسىلىش تەرتىپى جەھەتتىن «ئىككىلە + ن + دى» شەكلىدە ئەمەس، «ئىككىلەن + دى» شەكلىدە بولغانلىقتىن، بۇلارنى (پېئىلنىڭ ئۆزىكىنى كۆزدە تۇتۇپ) ئۆزلۈك دەرىجە دېمەي، ئەسلىي دەرىجە دېيىشكە توغرا كېلىدۇ.

③ تىلىمىزدىكى بەزى پېئىللار ئۆزلۈك دەرىجە بويىچە ئۆۋەتلەشمەيدۇ.

**مەسىلەن:** ماڭ ـ، ياز ـ، ئىشلە ـ، ئوقۇ ـ . . .

**4. ئۆملۈك دەرىجە**

ھەرىكەتنىڭ بىرقانچە شەخس تەرىپىدىن بىرلىكتە ئورۇندالغانلىقىنى بىلدۈرىدىغان پېئىل دەرىجىسى ئۆملۈك دەرىجە بولىدۇ.

پېئىللارنىڭ ئۆملۈك دەرىجە شەكلى پېئىل ئۆزەكلىرىگە «-ش، -ىش ، -ۇش، -ۈش» قوشۇمچىلىرى ۋە شەخس، سان، زاماننى ئىپادىلىگۈچى قوشۇمچىلارنىڭ قوشۇلۇشى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. **مەسىلەن:**

ئوينا + ش + تى = ئويناشتى، سانا + ش + تى = ساناشتى. ياز + ىش + تۇق = يېزىشتۇق، قوي + ۇش + تى = قويۇشتى.

<u>**ئەسكەرتىش:**</u> «سۆزلەش-، ياردەملەش-» پېئىللىرى ئىسىملارغا بىۋاسىتە «-لاش، -لەش» قوشۇمچىسىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ياسالغانلىقى ئۈچۈن ئۆملۈك دەرىجە ھېسابلانماي، ئەسلىي دەرىجە ھېسابلىنىدۇ.

**5. مەجبۇرىي دەرىجە**

ھەرىكەتنى جۈملىنىڭ ئىگىسى ئورۇندىماي باشقا بىر شەخسكە ئورۇنداتقانلىقىنى بىلدۈرىدىغان پېئىل دەرىجىسى مەجبۇرىي دەرىجە بولىدۇ.

پېئىللارنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسىنى ھاسىل قىلىدىغان قوشۇمچىلار: -دۇر، -دۈر، -غۇز، -گۈز، -ار، -ەر، -اي، -ەي، -تۇر، -تۈر، -قۇز، -كۈز.

ئەسكەرتىش: پېئىل دەرىجىلىرىدە قاتلىنىش ئەھۋالى

كۆرۈلـــدۇ، بـۇ خـىـل ئەھۋالغـا قارىتـا شـۇ پېئىــل شـەكلىگە قوشـۇلغان ئەڭ ئـاخىرقى قوشـۇمچىنىڭ رولىغـا قـاراپ ھۆكـۈم قىلىنىدۇ.

**مەسىلەن:** ① يېشىندۈردى ـ ئۆزلۈك مەجبۇرىي دەرىجە

② كۆرۈشتۈردۇق ـ ئۆملۈك مەجبۇرىي دەرىجە

③ ياسىتىلدى ـ مەجبۇرىي مەجھۇل دەرىجە

④ ساناتقۇزدۇم ـ قوش مەجبۇرىي دەرىجە

⑤ چاپتۇرۇشتى ـ مەجبۇرىي ئۆملۈك دەرىجە

⑥ ياساندۇرۇلدى ـ ئۆزلۈك، مەجبۇرىي، مەجھۇل دەرىجە

⑦ تونۇشتۇرۇلدى ـ ئۆملۈك، مەجبۇرىي، مەجھۇل دەرىجە

**3 ـ كۆنـۈكمە:** تۆۋەنـدىكى پېئىـل ئـۆزەكلىرىنى دەرىـجە شەكىللىرى بويىچە نۆۋەتلەشتۈرۈڭ.

ئېيت ـ، كىي ـ، ياز ـ، ئۆزگەر ـ، ئوينا ـ، ئوقۇ ـ

## §7. مۇستەقىل پېئىللار ۋە ياردەمچى پېئىللار

ئۇيغۇر تىلىدىكى پېئىللار جۈملە بۆلىكى بولالىشى ياكى بولالماسلىقىغا قاراپ، مۇستەقىل پېئىل ۋە ياردەمچى پېئىل دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

### 1. مۇستەقىل پېئىللار

ئـۆز ئالـدىغا جـۈملە بـۆلىكى بولالايـدىغان پېـئىللار مۇستەقىل پېئىللار دەپ ئاتىلىدۇ.

مەسىلەن: مەن ماقالە يازدىم. بىز ئەتە ئېكسكۇرسىيەگە بارىمىز. بوران چىقىۋاتىدۇ. ئۇلار بىزدىن ئەھۋال ئىگىلىگىلى كەپتۇ.

2. ياردەمچى پېئىللار

ئۆز ئالدىغا جۈملە بۆلىكى بولالمايدىغان پېئىللار ياردەمچى پېئىللار دەپ ئاتىلىدۇ.

مەسىلەن: ئۇ تولىمۇ تەرسا ئادەم ئىكەن. مەن تۇرسۇن بىلەن تۇنۇگۈن كۆرۈشكەنىدىم.

ياردەمچى پېئىللار لېكسىكىلىق مەنە ئاڭلاتمايدۇ، باشقا سۆزلەر بىلەن بىرىكىپ گىرامماتىكىلىق مەنە ئاڭلىتىدۇ.

ئۇيغۇر تىلىدىكى ياردەمچى پېئىللاردىن «ئىدى، ئىكەن، ئىمىش»لەر ئايرىم بىر بىرلىك سۈپىتىدە گەۋدىلىنىدۇ.

ئۇيغۇر تىلىدىكى «ئال ـــ ، قال ـ ، باق ـ ، يات ـ ، باشلا ـ ، بەر ـ ، تاشلا ـ ، كۆر ـ ، قوي ـ ، كەت ـ ، بول ـ ، چىق ـ ، كەل ـ ، ئۆت ـ ، ئولتۇر ـ ، يۈر ـ ، تۇر ـ» قاتارلىق مۇستەقىل پېئىللار ئۆز مەنىسىنى يوقىتىپ، باشقا پېئىل ۋە سۆز تۈركۈملىرى بىلەن قوشۇلۇپ قوشما خەۋەر بولغاندا ياردەمچى پېئىل رولىدا كېلىدۇ.

مەسىلەن: مەن ئۇنى سىناپ باقتىم. بىز ئەتە يولغا چىقماقچى بولدۇق. ئۇ ئۇخلىغان بولۇۋالدى.

4 ـ كۆنۈكمە: «بول ـ ، قىل ـ ، تۇر ـ ، يەت ـ » پېئىللىرىنى بىرىنچى جۈملىدە مۇستەقىل پېئىل، ئىككىنچى جۈملىدە ياردەمچى پېئىل رولىدا كەلتۈرۈڭ.

## §8. پېئىلنىڭ شەخسسىز شەكىللىرى

جۈملىدىكى ھەرىكەتنىڭ مەلۇم شەخسكە تەۋە ئىكەنلىكىنى بىلدۈرمەيدىغان، ئىسىم، سۈپەت، رەۋىشنىڭمۇ رولىدا كېلىدىغان پېئىللار شەخسسىز پېئىللار دەپ ئاتىلىدۇ.

پېئىلنىڭ شەخسسىز شەكىللىرى پېئىللىق خۇسۇسىيەتكىمۇ ئىگە بولغان، ئىسىم، سۈپەت، رەۋىشنىڭ بەزى خۇسۇسىيەتلىرىگىمۇ ئىگە بولغان مورفولوگىيەلىك شەكىللەر ھېسابلىنىدۇ. پېئىلنىڭ شەخسسىز شەكىللىرى تۆۋەندىكى تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ.

### 1. سۈپەتداش

پېئىل ھەم سۈپەتلىك خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە، جۈملىدە پېئىل ھەم سۈپەت رولىدا كېلىدىغان شەخسسىز پېئىل سۈپەتداش دەپ ئاتىلىدۇ.

سۈپەتداشلار پېئىللارغا « ـغان، ـقان، ـگەن، ـكەن، ـار، ـەر، ـماس، ـمەس، ـىدىغان، ـيدىغان » قوشۇمچىلىرىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ھاسىل بولىدۇ: (شەخسسىز پېئىل ھاسىل قىلىدىغان قوشۇمچىلار سۆز ياسىماستىن، بەلكى سۆز تۈرلەيدۇ، شۇڭا ‹ھاسىل بولىدۇ› دەپ ئېلىندى. تۆۋەندىمۇ شۇنداق )

سۈپەتداشلار تۆۋەندىكىدەك ئالاھىدىلىككە ئىگە:

1) سۈپەتداشلار بولۇشلۇق ـ بولۇشسىز شەكىللەر بويىچە، دەرىجە، زامان شەكىللىرى بويىچە تۈرلىنىدۇ.

**مەسىلەن:** ئوقۇغان، ئوقۇمىغان، يېزىلغان، يېزىشقان، يازدۇرغان، سىزغان، سىزىۋاتقان، سىزىدىغان، سىزمايدىغان.

2) سۈپەتداشلار سۈپەت ئورنىدا قوللىنىلىدۇ.

**مەسىلەن:** ئوقۇغان ئادەم، كۆرۈلگەن ھادىسە، كېلىدىغان زامان، ئاقار يۇلتۇز، ئۇچار گىلەم، سۇنماس ئىرادە، توگىمەس ناخشا.

3) سۈپەتداشلار سۈپەتنىڭ سېلىشتۇرما دەرىجىسى بويىچە تۈرلىنىدۇ.

**مەسىلەن:** قىزارغانراق ئالمىدىن تۆت-بەشنى ئۈزگىنە. بىلىدىغانراق بىرەيلەندىن سوراپ باقايلى.

4) بەزى سۈپەتداشلار ئىسىم ئورنىدا قوللىنىلىدۇ.

**مەسىلەن:** ئىشلىگەن چىشلەيدۇ. كېلىدىغانلارنىڭ ھەممىسى كېلىپ بولدى.

## 2. ئىسىمداش

پېئىل ھەم ئىسىملىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولغان، جۈملىدە پېئىل ھەم ئىسىم رولىدا كېلىدىغان شەخسسىز پېئىل ئىسىمداش دەپ ئاتىلىدۇ.

ئىسىمداشلارنىڭ بەزىلىرى پېئىللارغا «-ش، -ىش، -ۇش، -ۈش؛ -ماق، -مەك؛ -غۇ، -قۇ، -گۇ، -كۇ» قوشۇمچىلىرىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ھاسىل بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا «-غان، -قان، -گەن، -كەن» شەكلىدىكى سۈپەتداشلارغا «-لىق، -لىك» قوشۇمچىلىرىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەنمۇ ئىسىمداش ھاسىل بولىدۇ.

ئىسىمداشلار تۆۋەندىكىدەك ئالاھىدىلىككە ئىگە:

1) بەزى ئىسىمداشلار بولۇشلۇق ـ بولۇشسىزلىق، دەرىجە، زامان مەنىلىرىنى ئىپادىلەيدۇ.

مەسىلەن: بېرىش، بارماسلىق، كۆرۈش، كۆرۈلۈش، كۆرۈنۈش، كۆرسىتىش، كۆرگەنلىك، كۆرۈۋاتقانلىق، كۆرىدىغانلىق، كۆرمەكچى بولغانلىق.

2) ئىسىمداشلار ئىسىمنىڭ كۆپلۈك، تەۋەلىك ۋە كېلىش قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلىنىدۇ.

مەسىلەن: بار + مىش + ىم = بېرىشىم، بار + مىش + ىمىز = بېرىشىمىز، ياز + مىش + ىڭىز = يېزىشىڭىز، كەل + مىش + ى = كېلىشى

3) ئىسىمداشلار جۈملىنىڭ ھەممە بۆلىكى بولۇپ كېلەلەيدۇ.

مەسىلەن: ئەختەمنىڭ ئوقۇشى پۈتتى. (ئىگە)

ئۆرۈشنىڭ زىيىنى كۆپ. (ئېنىقلىغۇچى)

كەلگەنلىكىمنى ھېچكىم ئۇقمىسۇن. (تولدۇرغۇچى)

مەن ئەتە ئۆگىنىشكە قاتنىشىمەن. (ھالەت)

كىتاب ئوقۇش ـ ئۆگىنىش. (خەۋەر)

مېنىڭ يۇرتقا بارغۇم بار. (ئىگە)

### 3. رەۋىشداش

پېئىل ھەم رەۋىشلىك خۇسۇسىيەتلىرىگە ئىگە بولغان، جۈملىدە پېئىل ھەم رەۋىش رولىدا كېلىدىغان شەخسسىز پېئىل رەۋىشداش دەپ ئاتىلىدۇ.

رەۋىشداشلار پېئىللارغا تۆۋەندىكى قوشۇمچىلارنىڭ قوشۇلۇشى ئارقىلىق ھاسىل بولىدۇ:

-غۇچە، -قۇچە، -گۇچە، -كۇچە، -غىلى، -قىلى، -گىلى، -كىلى، -غاچقا، -قاچقا، -گەچكە، -كەچكە، -غاچ، -قاچ، -گەچ، -كەچ، -غانسېرى، -قانسېرى، -گەنسېرى، -كەنسېرى، -پ، -ىپ، -ۇپ، -ۈپ، -ا، -ە، -ي.

ئۇنىڭدىن باشقا «-ماق، -مەك» شەكلىدىكى ئىسىمداشلارغا «چى» قوشۇمچىسىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن مەقسەت رەۋىشداشلىرى ھاسىل بولىدۇ.

**مەسىلەن:** ئوقۇماقچى، سۆزلىمەكچى، تۇرماقچى، كەلمەكچى.

**رەۋىشداشلار تۈۋەندىكىدەك ئالاھىدىلىككە ئىگە:**

1) رەۋىشداشلار كۆپلۈك، تەۋەلىك ۋە زامان، راي قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلەنمەيدۇ. بولۇشلۇق-بولۇشسىزلىق ۋە دەرىجە قوشۇمچىسى بىلەن تۈرلىنىدۇ.

**مەسىلەن:** ئوقۇغانسېرى، كەلمىگەچكە، يېزىپ، يېزىلىپ.

2) رەۋىشداشلار قوشما پېئىللارنىڭ ياسىلىشىغا ئاساس بولىدۇ. **مەسىلەن:** ئېلىپ بار-، بېرىپ كەل-، يېزىپ باق-

3) رەۋىشداشلار جۈملىدە پېئىلغا بېقىنىپ ھالەت ۋەزىپىسىدە كېلىدۇ.

**مەسىلەن:** مۇئەللىم بۈگۈنكى دەرسنى ئولتۇرۇپ سۆزلىدى. ئۇلار تاماق يېگىلى كەتتى.

4) مەقسەت رەۋىشداشلىرى خەۋەر بولۇپمۇ كېلىدۇ.

**مەسىلەن:** دادام ئەتە غۇلجىغا ماڭماقچى. مەن پىكىرىمنى ئوتتۇرىغا قويماقچىمەن. ئۇ بۇ يەردىن كەتمەكچى.

5) بەزى رەۋىشداشلار سۈپەتنىڭ سېلىشتۇرما دەرىجىسى بويىچە تۈرلىنىدۇ.

**مەسىلەن:** ئالدىرىمايراق سۆزلەڭ. كۆلۈپرەك ئولتۇرۇڭ. ئويلاپراق گەپ قىلىڭ.

**5-كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى پېئىللارنى شەخسسىز پېئىللارنىڭ ھەربىر تۈرى بويىچە تۈرلەپ جۈملە تۈزۈڭ.

ئوقۇ، ياز، كەل، ئىشلە، تۇر، بول، ماڭ.

## §9. پېئىلنىڭ گىراماتىكىلىق خۇسۇسىيەتلىرى

ئۇيغۇر تىلىدىكى پېئىللارنىڭ باشقا سۆز تۈركۈملىرىدىن پەرقلىنىدىغان تۆۋەندىكىدەك خۇسۇسىيەتلىرى بار.

1. پېئىللار ئۆزىگە خاس شەخس-سان، بولۇشلۇق-بولۇشسىزلىق، زامان، راي ۋە دەرىجە شەكىللىرىگە ئىگە ۋە سۈپەتداش، ئىسىمداش، رەۋىشداش قاتارلىق شەخسسىز شەكىللەرگە ئىگە.

2. ئۇيغۇر تىلىدا پېئىلدىن باشقا سۆز تۈركۈملىرىدە ئۆز ئارا ئۆتۈشۈش ئەھۋالى كۆرۈلىمۇ. پېئىللار (شەخسلىك)

بىلەن باشقا سۆز تۈركۈملىرى ئۆزئارا ئۆتۈشمەيدۇ.

يەنى بولۇشلۇق-بولۇشسىزلىق ئۇقۇمى، زامان ئۇقۇمى ۋە راي ئۇقۇمى پېئىلنىڭ ئۆزىگىلا خاس ئۇقۇم ھېسابلىنىدۇ.

3. پېئىللار باشقا سۆزلەرنى تەشكىللەپ، خەۋەر ۋەزىپىسىنى ئۆتەپ، جۈملىنى جۈملىلىك سالاھىيەتكە ئىگە قىلىدۇ.

4. ئۇيغۇر تىلىدىكى ياردەمچى پېئىللار ئىسىم خاراكتېرىدىكى بىر قىسىم سۆزلەر بىلەن بىرىكىپ، ئۇلارنى پېئىللاشتۇرىدۇ. ئۇ خىل قۇرۇلمىلار جۈملىدە پېئىل ئورنىدا قوللىنىلىدۇ.

**مەسىلەن:** ئادەم ئىكەن، ئادەم بول-، ياخشى بول-، 10 چىق-

ئۇ ياۋاش ئادەم ئىكەن. سادىر ياخشى ئادەم بولدى. بۇ ئىشىمىز تولىمۇ ياخشى بولدى. ماشىنىلارنى سانىسام 10 چىقتى.

5. پېئىللار ئۆزىگە خاس ياسىغۇچى قوشۇمچىلارغا ئىگە.

پېئىل ياسايدىغان قوشۇمچىلار: -شىتۇر، -شتۇر، -مسىرا، -ۇمسىرە، -لا، -لە، -لاش، -لەن، -لان، -سىت، -سىرا، -اي، -ەي، -ي، -ا، -ە، -دا، -داش، -غار، -قۇر، -ىلدا، -ىلدە، -ۇلدا، -ۇلدە، -قىرا، -كىرە، -را، -رە

**6-كۆنۈكمە:** ① تۆۋەندىكى سۆزلەرگە ياردەمچى پېئىللارنى قوشۇپ، جۈملىدە خەۋەر ۋەزىپىسىدە كەلتۈرۈڭ.

توقسان، ئادەم، بولغان، 50 جىڭ، شۇنداق.

② «ئوقۇ» دېگەن پېئىلنى پېئىلنىڭ شەخسسىز شەكىللىرى بويىچە تۈرلەپ، بىردىن جۈملە تۈزۈڭ.

③ پېئىل ياسىغۇچى قوشۇمچىلاردىن پايدىلىنىپ ياسالما پېئىل ياساڭ.

# ئون بىرىنچى باب تەقلىد سۆزلەر ھەققىدە ئومۇمىي چۈشەنچە

## §1. تەقلىد سۆزلەرنىڭ مەنىسى

كىشىنىڭ ئاڭلاش، كۆرۈش ۋە ھېسسىي سېزىمىگە تەقلىد قىلىنغان سۆزلەر تەقلىد سۆزلەر دەپ ئاتىلىدۇ.

**مەسىلەن:** دېرىزە ئەينەكلىرى جاراڭ-جۇرۇڭ قىلىپ چېقىلدى. بېشىم پىر قىلىپ قېيىپ كەتتى. تەكچىدىكى شام پىل-پىل قىلىپ كۆيۈۋاتىدۇ.

## §2. تەقلىد سۆزلەرنىڭ تۈرلىرى

تىلىمىزدىكى تەقلىد سۆزلەر مەنىسىگە ئاساسەن ئاۋاز تەقلىدلىرى، ھالەت تەقلىدلىرى ۋە ھېسسىيات تەقلىدلىرى دېگەن ئۈچ تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

### 1. ئاۋاز تەقلىدلىرى

ھەر خىل ئاۋازلارغا تەقلىد قىلىنغان سۆزلەر ئاۋاز تەقلىدلىرى دەپ ئاتىلىدۇ.

ئاۋاز تەقلىدلىرى ئاڭلاش ئەزالىرىمىزنىڭ سېزىمى ئارقىلىق مېڭىمىزدە پەيدا بولغان ئىنكاسىنى ئىپادىلەيدىغان سۆزلەردۇر.

**مەسىلەن:** شار- شار، جىرىڭ- جىرىڭ، شار- شۇر، ۋاراڭ- چۇرۇڭ، تاراق- تۇرۇق، تىرىق- تىرىق، شىپ- شىپ، پۇش- پۇش، ۋىژ- ۋىژ، تاڭ- تۇڭ، ئىڭە- ئىڭە، غاق- غاق، مە- مە، مۆ- مۆ، هاۋ- هاۋ...

## 2. هالەت تەقلىدلىرى

هەر خىل كۆرۈنۈش- هالەتلەرگە تەقلىد قىلىنغان سۆزلەر هالەت تەقلىدلىرى دەپ ئاتىلىدۇ.

هالەت تەقلىدلىرى كۆرۈش ئەزالىرىمىزنىڭ سېزىمى ئارقىلىق تەبىئەت هادىسىلىرىنىڭ مېڭىمىزدە پەيدا بولغان ئىنكاسىنى ئىپادىلەيدىغان سۆزلەردۇر.

**مەسىلەن:** ۋال- ۋۇل، پار- پۇر، يالت- يۇلت، غال- غال، پىل- پىل، ئىمىر- چىمىر، پىر- پىر، لەپ- لەپ، غىپ- غىپ، لۆم- لۆم...

## 3. هېسسىيات تەقلىدلىرى

كىشىلەرنىڭ هېسسىي سېزىمىگە تەقلىد قىلىنغان سۆزلەر هېسسىيات تەقلىدلىرى دەپ ئاتىلىدۇ.

هېسسىيات تەقلىدلىرى سەزگۈ ئەزالىرىمىزنىڭ سېزىمى ئارقىلىق مېڭىمىزدە پەيدا بولغان ئىنكاسىنى ئىپادىلەيدىغان سۆزلەردۇر.

مەسىلەن: لوق- لوق، سىر- سىر، زىڭ- زىڭ، چىم- چىم،

جىغ ـ جىغ، شۇر ـ شۇر. .

1 ـ **كۆنۈكمە:** تەقلىد سۆزلەرنىڭ ھەربىر تۈرى ئۈچۈن ئۈچتىن جۈملە تۈزۈڭ.

## §3. تەقلىد سۆزلەرنىڭ گىراماتىكىلىق خۇسۇسىيەتلىرى

1. بىر قىسىم تەقلىد سۆزلەر ئىسىم، سۈپەت ۋە رەۋىشنىڭ رولىدا كېلىپ، جۈملىدە شۇ سۆز تۈركۈملىرىگە ئوخشاش ۋەزىپىدە كېلىدۇ.

**مەسىلەن:** ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ ئەمدى بېسىلدى. (ئىگە)
تاراق ـ تۇرۇقنى توختىتىڭلار. (تولدۇرغۇچى)
ماشىنا گۈر قىلىپ ئۆتۈپ كەتتى. (ھالەت)
غۇر ـ غۇر شامال كىشىنى ھۇزۇرلاندۇراتتى. (ئېنىقلىغۇچى)

2. تەقلىد سۆزلەر «قىل» پېئىلى بىلەن بىرىكىپ قوشما پېئىل ھاسىل قىلىدۇ.

**مەسىلەن:** تارس قىلغان، شىر ـ شىر قىلىپ، چىك ـ چىك قىلغان، غاراس ـ غۇرۇس قىلىپ، غىچ قىلىپ، چىم قىلىپ. . .

3. بىر قىسىم تاق تەقلىد سۆزلەرگە پېئىل ياسىغۇچى قوشۇمچىلار قوشۇلۇپ ياسالما پېئىل ھاسىل بولىدۇ.

مەسىلەن: جاراڭ + لا = جاراڭلا، پار + قىرا = پارقىرا، گۇلدۇر + لە = گۇلدۇرلە

4. بىر قىسىم تاق تەقلىد سۆزلەرنىڭ ئاخىرىدىكى ئۈزۈك تاۋۇشنى تەكرارلاپ، «ئىدە» قوشۇمچىسىنى قوشۇش ئارقىلىق رەۋىش ياسىلىدۇ.
مەسىلەن: پاق + (ق) + ىدە = پاققىدە، شار + (ت) + ىدە = شارتتىدە، ۋىل + (ل) + ىدە = ۋىللىدە، گۇپ + (پ) + ىدە = گۇپپىدە...

5. بىر قىسىم تەقلىد سۆزلەرگە سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلارنى قوشۇش ئارقىلىق ئىسىم ۋە سۈپەت ياسىلىدۇ.
مەسىلەن: تاك ـ تاك + چى = تاكتاكچى، جاراڭ + لىق = جاراڭلىق
6. تەقلىد سۆزلەر ياسالمايدۇ.

2 ـ كۆنۈكمە: تەقلىد سۆزلەرنى ئىسىم، سۈپەت ۋە رەۋىشنىڭ رولىدا كەلتۈرۈپ، بىردىن جۈملە تۈزۈڭ.

# ئون ئىككىنچى باب ئىملىق سۆزلەر ھەققىدە ئومۇمىي چۈشەنچە

## §1. ئىملىق سۆزلەرنىڭ مەنىسى

ھېس - تۇيغۇ، خاھىش، بۇيرۇق، چاقىرىق قاتارلىقلارغا ئىما بولۇپ كېلىدىغان سۆز تۈركۈمى ئىملىق سۆز دەپ ئاتىلىدۇ.

مەسىلەن: ئۇھ، ھېرىپ كەتتىم، بىردەم ئارام ئالايلى. (ھېرىش)، بەللى - بەللى، تولىمۇ ياخشى قىپسىلەر. (رازىمەنلىك)

## §2. ئىملىق سۆزلەرنىڭ تۈرلىرى

تىلىمىزدىكى ئىملىق سۆزلەر تۆۋەندىكىدەك ئۈچ تۈرگە بۆلۈنىدۇ:

### 1. ھېس - تۇيغۇ ئىملىقلىرى

كىشىلەرنىڭ ھېس - تۇيغۇلىرىغا ئىما بولۇپ كېلىدىغان سۆزلەر ھېس - تۇيغۇ ئىملىقلىرى دەپ ئاتىلىدۇ.

ھېس - تۇيغۇ ئىملىقلىرى كىشىلەرنىڭ خۇشاللىق، خاپىلىق، قورقۇش، تەنقىد، مەنسىتمەسلىك، قايغۇرۇش، غەزەپلىنىش، پۇشايمان، ئېچىنىش، ھەيران قېلىش، رازىمەنلىك، چارچاش، زوقلىنىش، زېرىكىش، ئەجەبلىنىش قاتارلىقلار ھەققىدىكى نازۇك ئۇقۇملارنى ئىپادىلەيدۇ.

## 2. قاراتما ئىملىقلىرى

كىشىلەرنى قارىتىش-دىققىتىنى جەلىپ قىلىش ئۈچۈن قوللىنىلىدىغان ئىملىقلار قاراتما ئىملىقلار دەپ ئاتىلىدۇ.

ئۇيغۇر تىلىدىكى قاراتما ئىملىقلار «ھاي، ھەي، ئەي، ھوي، ھۇي» قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. بۇلار باشقىلارنىڭ دىققىتىنى سۆزلىگۈچىگە قارىتىش رولىنى ئوينايدۇ.

## 3. بۇيرۇق - چاقىرىق ئىملىقلىرى

ئادەملەرنىڭ ئادەملەرگە، ئادەملەرنىڭ ھايۋانلارغا قىلغان تۈرلۈك بۇيرۇق - چاقىرىقلىرىغا ئىما بولۇپ كېلىدىغان سۆزلەر بۇيرۇق - چاقىرىق ئىملىقلىرى دەپ ئاتىلىدۇ.

1 - **كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى ئىملىقلارنىڭ مەنىسىنى ئىزاھلاڭ.

ھەي، پا، ۋىيەي، ۋاي، ئېھ، ئۇھ، پاھ، بەللى، ھەببەللى، ئىسىت، ھىم، جىم، تىنچ، چۇھ، تاخ، پەش، يەھ-يەھ، كەھ-كەھ.

## §3. ئىملىق سۆزلەرنىڭ گىراممatىكىلىق خۇسۇسىيەتلىرى

1. ئىملىق سۆزلەر جۈملىدىكى باشقا سۆزلەر بىلەن سىنتاكسىسلىق مۇناسىۋەتتە بولمايدۇ. ئۆزىگە خاس ئاھاڭ بىلەن ئېيتىلىدۇ، قىسمەن ئىملىقلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا جۈملە بۆلىكى بولالمايدۇ. مەسىلەن:

ئاھ ئۇرارمەن، ئاھ ئۇرارمەن. ئاھلىرىم تۇتقاي سېنى.

2. بەزى ئىملىقلارنى، يەنى ئاچچىقلىنىش تۇيغۇسىنى، سوغۇقتىن شۈركىنىش تۇيغۇسىنى، بەزى قۇشلارنى قارىتىش ئۈچۈن قوللىنىلىدىغان ئىملىقلارنى ئۆز تەلەپپۇزى بويىچە يېزىقتا ئىپادىلىگىلى بولمايدۇ.

3. ئىملىق سۆزلەرنىڭ بەزىلىرى ئوخشاش بولمىغان تېكىستلەردە ئوخشاش بولمىغان ئىنتوناتسىيەدە تەلەپپۇز قىلىنىپ، بىر نەچچە خىل ئىملىق سۆزنىڭ رولىدا كېلەلەيدۇ.

مەسىلەن: ۋاي-ۋۇي، نېمىدېگەن گۈزەل مەنزىرە-ھە!؟ (زوقلىنىش)

ۋاي-ۋۇي، بۇنى مەنمۇ بىلمەن. (مەنسىتمەسلىك)

4. ئىملىق سۆزلەر ئاساسەن تۈرلەنمەيدۇ.

# ئون ئۈچىنچى باب ياردەمچى سۆزلەر ھەققىدە ئومۇمىي چۈشەنچە

## §1. ياردەمچى سۆزلەرنىڭ مەنىسى

ئايرىم تۇرغاندا لېكسىكىلىق مەنە ئاڭلاتمايدىغان، ئۆز ئالدىغا جۈملە بۆلىكى بولالمايدىغان. پەقەت مۇستەقىل سۆزلەرگە ياكى جۈملىلەرگە قوشۇلۇپ قوشۇمچە مەنە بىلدۈرىدىغان، سۆز ۋە جۈملىلەرنى باغلاش رولىنىلا ئوينايدىغان سۆزلەر ياردەمچى سۆزلەر دەپ ئاتىلىدۇ.

ئۇيغۇر تىلىدىكى ياردەمچى سۆزلەر سۆز بىلەن سۆزنى، سۆز بىلەن سۆز بىرىكمىسىنى ۋە جۈملىلەرنى ئۆزئارا باغلاش، جۈملىدىكى سۆزلەرنىڭ جۈملىدىكى خەۋەر بۆلەك بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى روشەنلەشتۈرۈش، بىر پۈتۈن جۈملىگە قوشۇمچە مەنە يۈكلەش رولىنى ئوينايدۇ.

## §2. ياردەمچى سۆزلەرنىڭ تۈرلىرى

تىلىمىزدىكى ياردەمچى سۆزلەر رولىغا ئاساسەن تىركەلمىلەر، باغلىغۇچىلار ۋە يۈكلىمىلەر دېگەن ئۈچ تۈرگە

بۆلۈنىدۇ.

### 1. تىركەلمىلەر

ئىسىم ياكى ئىسىم خاراكتېرىدىكى سۆزلەرگە قوشۇلۇپ، شۇ سۆزنىڭ جۈملە ياكى سۆز بىرىكمىسىدىكى باشقا سۆزلەر بىلەن بولغان ھەر خىل مۇناسىۋىتىنى بىلدۈرىدىغان ياردەمچى سۆزلەر تىركەلمىلەر دەپ ئاتىلىدۇ.

ئۇيغۇر تىلىدىكى تىركەلمىلەر: ئۈچۈن، دائىر، قارىتا، كۆرە، نىسبەتەن، باشقا، ئىبارەت، ئوخشاش، كېيىن، قەتئىينەزەر، ئارقىلىق، ھەققىدە، توغرۇلۇق، قاتارلىق، كەبى، ئائىت، قەدەر، ئېتىبارەن، بىلەن، تارتىپ، قارىغاندا...قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

ئۇيغۇر تىلىدىكى «تارتىپ، قارىغاندا، باشلىق، كۆرە، تەرىپىدىن» قاتارلىق بىر قىسىم سۆزلەر بەزىدە تىركەلمە رولىدا كېلىدۇ، بەزىدە مۇستەقىل سۆز رولىدا كېلىدۇ. ئۇ سۆزلەرنىڭ قانداق رولدا كەلگەنلىكى قانداق مەنە ئىپادىلەۋاتقانلىقى ئەمەلىي تېكىست ئارقىلىق مەلۇم بولىدۇ.

**مەسىلەن:** تىراكتور ئازگالغا چۈشۈپ كەتكەن ھارۋىنى تارتىپ چىقتى. (مۇستەقىل سۆز)

5-ئاينىڭ 1-كۈنىدىن تارتىپ ئەتىگەن سائەت 7:30 دا ئىشقا چىقىمىز. (ياردەمچى)

ئاغدۇرۇلغان ماشىنىنىڭ ئاستىدىن ئەكرەمنى تارتىپ چىقاردۇق. (مۇستەقىل سۆز)

بۇ دوقمۇشتا ئەتىگەندىن تارتىپ يىرىم كېچىگىچە ئادەم ئۈزۈلمەيدۇ. (ياردەمچى سۆز)

## 2. باغلىغۇچىلار

سۆزلەرنى، سۆز بىرىكمىلىرىنى ۋە مۇرەككەپ جۈملە تەركىبىدىكى ئاددىي جۈملىلەرنى ئۆزئارا باغلاش رولىنى ئوينايدىغان ياردەمچى سۆزلەر باغلىغۇچىلار دەپ ئاتىلىدۇ.

باغلىغۇچىلار سۆز، سۆز بىرىكمىلىرى ۋە ئاددىي جۈملىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرنى ئايدىڭلاشتۇرۇشتا ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدۇ. بەزى سىنتاكسىسلىق قۇرۇلمىلاردا باغلىغۇچىنىڭ رولى شۇقەدەر مۇھىمكى، ئۇ باغلىغۇچىسىز ئۇ خىل قۇرۇلمىنىڭ بولۇشىنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس.

تىلىمىزدىكى باغلىغۇچىلار رولىغا ئاساسەن تۆۋەندىكىدەك تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ:

1) بىرىكتۈرگۈچى باغلىغۇچىلار: — «ۋە، ھەم، ھەمدە، يەنە» بۇ باغلىغۇچىلار سۆزلەرنى، سۆز بىرىكمىلىرىنى ۋە جۈملىلەرنى ئۆزئارا تەڭداش مۇناسىۋەتتە باغلايدۇ. «بىلەن» باغلىغۇچىسى سۆز ۋە سۆز بىرىكمىلىرىنىلا باغلايدۇ.

تىلىمىزدىكى «بىلەن» ياردەمچى سۆزى بەزىدە تىركەلمە رولىدا كېلىدۇ، بەزىدە باغلىغۇچى رولىدا كېلىدۇ. «بىلەن» سۆزى تىركەلمە رولىدا كەلگەندە ئىسىم ياكى ئىسىم خاراكتېرىدىكى سۆزلەرگە قوشۇلۇپ، پېئىلغا بېقىنىپ كېلىدۇ؛ باغلىغۇچى رولىدا كەلگەندە ئىككى ئىسىم ياكى ئىسىم خاراكتېرىدىكى سۆزلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا كېلىدۇ.

**مەسىلەن:** مۇئەللىم ياسىن بىلەن سۆھبەتلەشتى. (تىركەلمە).

مۇھەممەتتۇرسۇن بىلەن ئابلىز بىر ئورۇندا ئىشلەيدۇ. (باغلىغۇچى)

2) قارىمۇقارشى باغلىغۇچىلار: ــ «ئەمما، لېكىن، بىراق، ئەكسىچە، دېگەن بىلەن، ۋاھالەنكى، ئەپسۇسكى، ئۇ، بۇ» قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

3) كۈچەيتكۈچى باغلىغۇچىلار: ــ «ھەتتا، ئۇنىڭ ئۈستىگە، بەلكى، بولۇپمۇ، خۇسۇسەن» قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

4) تاللاش ـ ئايرىش باغلىغۇچىلىرى: «يا، ياكى، گاھ،گاھى» قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

5) سەۋەب ـ نەتىجە باغلىغۇچىلىرى: «چۈنكى، شۇڭا، سەۋەبى، شۇنىڭ ئۈچۈن، شۇڭلاشقا» قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا ئۇيغۇر تىلىدا «يەنى، دېمەك، جۈملىدىن، قىسقىسى، شۇنىڭدەك، شۇنداقلا» قاتارلىق سۆزلەرمۇ جۈملىدە باغلىغۇچى رولىدا كېلىپ، ھەر خىل گرامماتىكىلىق مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ.

### 3. يۈكلىمىلەر

سۆزلەرگە، سۆز بىرىكمىلىرىگە ياكى جۈملىلەرگە قوشۇلۇپ، قوشۇمچە مەنە بىلدۈرىدىغان ياردەمچى سۆزلەر يۈكلىمە دەپ ئاتىلىدۇ.

يۈكلىمىلەر سۆزنىڭ ھەر خىل گرامماتىكىلىق شەكىللىرىگە ۋە جۈملىنىڭ ئاخىرىغا قوشۇلۇپ، شۇ سۆز ياكى جۈملىگە مەنىۋى تۈس بېرىدۇ. ئايرىم يۈكلىمىلەر سۆزنىڭ مەلۇم گرامماتىكىلىق شەكلىنىمۇ ياسايدۇ. يۈكلىمىلەر تۈۋەندىكىدەك مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ.

1) «-دۇ، -غۇ، چۇ، -ما، -مۇ» يۈكلىمىلىرى سوراق مەنىسىنى ئىپادىلەيدۇ.

مەسىلەن: بۇ خەتنى كىم يازغاندۇ؟ ئەمدى كەلدىڭىزما؟ سىز ئىشچىمۇ؟ باشقىلار تاپشۇرۇپ بولدى، سىزچۇ؟ مېنى تونۇمىدىڭىزمۇ؟

2) «-غۇ، -قۇ، -لا» يۈكلىمىلىرى كۈچەيتىش، تەكىتلەش مەنىلىرىنى بىلدۈرىدۇ.

مەسىلەن: ئاۋۇ كېتىۋاتقان ئايشەمغۇ؟ بۇ ھەممەيلەنگە تونۇشلۇققۇ؟ ھەممە چاتاقنى سەنلا تېرىۋاتىسەن. سەن ھازىرلا يولغا چىق.

3) «-زە» يۈكلىمىسى تەنە، نارازىلىقنى بىلدۈرىدۇ.

مەسىلەن: مېنىزە ھېچ ئىشنى ئۇقمايدۇ دەيدىكەنسەن.-ھە!؟

4) «-ئا، -ئە، -چۇ» يۈكلىمىلىرى ئۆتۈنۈش مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ.

مەسىلەن: ماڭا ھېكايە سۆزلەپ بېرىڭە. سىز سۆزلەپ بېقىڭە. پارڭ سالمىساڭلارچۇ؟ مېنى خىجىل قىلمىسىڭىزچۇ؟

5) «-دە، -تە، -ھە» يۈكلىمىلىرى ئەجەبلىنىش مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ.

مەسىلەن: ئەسلىي گەپ مۇنداق ئىكەن-دە!؟ بۇ نېمىدېگەن سەتچىلىك-ھە!؟

## §3. ياردەمچى سۆزلەرنىڭ گىراممانىكىلىق خۇسۇسىيەتلىرى

1. ياردەمچى سۆزلەر لېكسىكىلىق مەنە ئاڭلاتمايدۇ، گىراممانىكىلىق مەنە ئاڭلىتىدۇ، جۈملە بۆلىكى بولالمايدۇ. ياردەمچى سۆزلەرنىڭ مەنىسى كونكرېت تىل شارائىتىدا روشەنلىشىدۇ.

2. ياردەمچى سۆزلەر تۈرلەنمەيدۇ.

3. بىر قىسىم ياردەمچى سۆزلەر شەكىل جەھەتتىن قوشۇمچىغا ئوخشايدۇ، ئەمما تەلەپپۇزدا ئۇرغۇ ئارقىلىق، يېزىقتا تىنىش بەلگىلىرى ئارقىلىق قوشۇمچىلاردىن پەرقلىنىدۇ.

4. «دە، تە، ھە» يۈكلىمىلىرى ئالدىدىكى سۆزدىن سىزىقچە ئارقىلىق ئايرىلىپ يېزىلىدۇ.

**1 ـ كۆنۈكمە:** «ـ ما، ـ لا، ـ غۇ، ـ ئا» يۈكلىمىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تۆت جۈملە تۈزۈڭ.

**2 ـ كۆنۈكمە:** «ـ ما، ـ لا، ـ غۇ، ـ ئا» لارنى ياسىغۇچى قوشۇمچە رولىدا كەلتۈرۈپ سەككىز ياسالما سۆز ياساڭ.

**3 ـ كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئوقۇپ، ياردەمچى سۆزلەرنى تېپىڭ.

مەن ئوقۇشنى ۋە ئىشلەشنى ياخشى كۆرىمەن. قار قېلىن ياغدى، لېكىن سوغۇق بولمىدى. ئۇ دەرسلەرنى

ياخشــى تەكــرار قىلغىنىــى ئۇچــۇن ئىمتىھانــدىن ئۆتەلــدى. توشقاننى ئادەملەرمۇ، ئىتلارمۇ، تۈلكىمۇ، بۆركۈتمۇ ــ ھەممىسى ئوۋلايدۇ. ھەم كەچ كىــرەي دەپ قالــدى، ھەم قــاتتىق يــامغۇر يېغىشــقا باشــلىدى. ئــۇلار ئــابرۇي ئۇچــۇن ئەمەس، بەلكــى ئازادلىق ئۈچۈن جەڭ قىلدى. بازارغا يا مېنى بارغىلى قوي، يا ئۆزۈڭ بار.

**4 ـ كۆنــــۈكمە:** تۆۋەنـــــدىكى جــــۈملىلەر ئىچــــدىن ئىركەلمىلەرنــى تېپىــــپ، ئۇلارنىــــڭ قايســى ســۆز تۈركــۈمىگە ياندىشىپ كەلگەنلىكنى ئېيتىپ بېرىڭلار.

مەن تىــل توغرۇلــۇق ئىزدەنــدىم. بىــز مۇشــۇ يــول ئارقىلىق غەلىبە قىلالايمىز. سەن ئۈنىڭغا قارىتــا سەممىمي پوزىتسىيەدە بولغىن. بۇگۈن سىنتاكســىس ھەققىــدە ئومــۇمىي چۈشەنچە بېرىلىدۇ. بىز خەلق ئۈچۈن ئىشلەيمىز.

**5 ـ كۆنــۈكمە:** تۆۋەنــدىكى باغلىغۇچىلارنىــڭ ھەربىــرىگە بىردىن جۈملە تۈزۈڭ.

بولۇپمۇ، ياكى، چۈنكى، بىراق، ھەمدە، ئەمما، لېكىن.

**6 ـ كۆنــۈكمە:** تۆۋەنــدىكى جــۈملىلەردىن يــۈكلىمىلەرنى تېپىڭلار.

تاپشۇرۇقنى ئىشلەپ بولدىڭىزمۇ؟

ئۇنىڭ سۆزى توغرىغۇ دەيمەن؟

سىز جاۋاب بېرىپ بېقىڭا.

ئــۇ ئىشــكتىن كىــردى ـ دە، ئــاغزى ـ ئاغزىغــا تەگــمەي

سۆزلەپ كەتتى.

ساندۇقنى ئاۋايلاپ يەرگە قويدۇقتە، ئاغزىنى ئاچتۇق.

يەنە كىچىككىنە قالماسمىز ـ ھە!

ئەسلىي مەقسىتىڭ مۇنداق ئىكەن ـ دە!

سەنزە بۇ ئىشنى ياخشى قىلمىدىڭ.

مەن بارمايمەن دېدىمغۇ؟

# ئون تۆتىنچى باب سىنتاكسىس ھەققىدە ئومۇمىي چۈشەنچە

## §1. سىنتاكسىس توغرىسىدا

سىنتاكسىس ــ تىل ئىلمىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى. ئۇ سۆزلەرنى تەشكىللەپ، تۇراقسىز سۆز بىرىكمىسى ۋە جۈملە ھاسىل قىلىش ئۇسۇللىرىنى، جۈملىدىكى سۆزلەرنىڭ باغلىنىشى ۋە مۇناسىۋەتلىرى، ئاددىي جۈملىنىڭ مەنىسىگە ۋە تۈزۈلۈشىگە ئاساسەن تۈرگە بۆلۈنۈشى، جۈملىنىڭ بۆلەكلىرى، مۇرەككەپ جۈملە ۋە ئۇنىڭ تۈرلىرى ھەمدە تىنىش بەلگىلىرىنىڭ ئىشلىتىلىش قائىدىلىرى قاتارلىقلارنى ئۆزىنىڭ مەزمۇنى ۋە تەتقىقات ئوبيېكتى قىلىدۇ.

## §2. جۈملە

سۆزلىگۈچىنىڭ تولۇق ئاياغلاشقان بىر ئوي-پىكرىنى ئىپادىلەيدىغان تىل بىرلىكى جۈملە دەپ ئاتىلىدۇ.

جۈملە ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق سۆز ۋە سۆز بىرىكمىسىنىڭ مەلۇم سىنتاكسىسلىق يول بىلەن

بىرىكىشىدىن ھاسىل بولىدۇ.

**مەسىلەن:** قوڭغۇراق چېلىندى. مۇئەللىم سىنىپقا كىردى. بىز مۇئەللىمگە ھۆرمەت بىلدۈردۇق. ئۇ دەرسنى ناھايىتى ياخشى سۆزلىدى.

جۈملە ئاياغلاشقان پىكىرنى ئىپادىلەيدىغان ئەڭ چوڭ تىل بىرلىكى بولۇش سۈپىتى بىلەن تۆۋەندىكىدەك خاس ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە:

1. جۈملە خەۋەر بىلەن ئىگىنىڭ سىنتاكسىسلىق باغلىنىشىدىن ھاسىل بولغان بايانىي مۇناسىۋەتنى ئىپادىلەيدۇ. بۇنداق مۇناسىۋەت جەريانىدا بەزى ھاللاردا ئىگە چۈشۈپ قېلىشى مۇمكىن.

**مەسىلەن:** دەرس قالدۇرۇشقا بولمايدۇ. (ئىگىسىز جۈملە) جۈملىدە خەۋەر بولمىسا بولمايدۇ، يەنى ئۇيغۇر تىلىدا خەۋەرسىز جۈملە تۈزۈلمەيدۇ.

2. جۈملە ئۆزىنىڭ مەزمۇنىغا خاس ئىنتوناتسىيە (ئاھاڭ) بىلەن تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. ھەر بىر جۈملە ئاياغلاشقاندا، بىر ئاز توختايمىز، ئاندىن ئىككىنچى جۈملىنى باشلايمىز.

3. يېزىقتا ھەربىر جۈملىنىڭ مەزمۇنىغا قاراپ چېكىت (.)، پەش (،)، سوئال بەلگىسى (؟) ياكى ئۈندەش بەلگىسى (!) قويۇلىدۇ.

## §3. جۈملىنىڭ مەنىسىگە ئاساسەن تۈرلەرگە بۆلۈنۈشى

سۆزلىگۈچىنىڭ پىكىر قىلىشتىكى مەقسىتى ۋە

پوزىتسىيەسى داۋاملىق ئوخشاش بولمايدۇ، بۇنداق ئەھۋال جۈملە مەزمۇنىنىڭ ھەر خىل بولۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

جۈملىلەر مەزمۇنى ۋە ئىپتىلىش ئاھاڭىغا ئاساسەن بايان جۈملە، سوئال جۈملە، ئۈندەش جۈملە ۋە بۇيرۇق جۈملە دېگەن تۆت تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

### 1. بايان جۈملە:

پىكىرنى بايان تەرىقىسىدە ئىپادىلەيدىغان جۈملە بايان جۈملە دەپ ئاتىلىدۇ.

بايان جۈملىلەر سۆزلىگۈچىنىڭ ئاڭلىغۇچىغا خەۋەر ياكى بايان قىلماقچى بولغان پىكرىنى ئۆزىنىڭ ئىپادىلەيدىغان مەزمۇنى قىلىدۇ. بايان جۈملىلەرنىڭ خەۋەر بۆلىكى كۆپ ھاللاردا پېئىللاردىن تۈزۈلىدۇ.

**مەسىلەن:** ئوقۇغۇچىلار مەكتەپكە يىغىلدى. مېھرىگۈل ماقالە يازدى. تاجىگۈل بىلەن پاتىگۈل تام گېزىتى ئىشلەۋاتىدۇ. مەن ئەتە شەھەرگە بارماقچىمەن.

**1- كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى سۆزلەردىن پايدىلىنىپ بايان جۈملە تۈزۈڭ.

كەلدى، يېزىۋاتىدۇ، بارماقچى، كۆزلىگەنىدى، بارغانىكەن، ئالالمىدى، كېلىپ تۇرىدۇ، سۆزلەپ بەردى، تەييارلىنىۋاتىمىز، كۆزەتتىم، قارىدۇق.

### 2. سوئال جۈملە

سوئال مەنىسىدىكى پىكىرنى ئىپادىلەيدىغان جۈملە

سوئال جۈملە دەپ ئاتىلىدۇ.

سوئال جۈملىلەر تەركىبىدىكى سوئال مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەر شۇ جۈملىدىكى باشقا سۆزلەرگە قارىغاندا كۈچلۈكرەك ئاھاڭدا ئېيتىلىدۇ. يېزىقتا سوئال جۈملىلەرنىڭ ئاخىرىغا سوئال بەلگىسى (؟) قويۇلىدۇ.

**مەسىلەن:** بوۋا، تەنلىرى ساقمۇ؟ سىز بازارغا باردىڭىزمۇ؟ سەن گەپ قىلمايسەنغۇ؟ ئۆزىڭىزنىڭ گېپىنى قىلسىڭىزچۇ؟

سوئال جۈملىلەر تۆۋەندىكىدەك تۈزۈلىدۇ:

1) سوئال ئالماشلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا تۈزۈلىدۇ. **مەسىلەن:** جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قاچان قۇرۇلغان؟ سىز بۇ يىل قانچە ياشقا كىردىڭىز؟ سىلەرنىڭ ئۆيۈڭلار قەيەردە؟ «ئىز» رومانىنىڭ ئاپتورى كىم؟ سىزنىڭ مەقسىتىڭ نېمە؟

2) جۈملە ئاخىرىغا «ما، مۇ، دۇ، غۇ، قۇ، چۇ، دە، تە، مە» قاتارلىق سوئال مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان يۈكلىمىلەرنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن تۈزۈلىدۇ.

**مەسىلەن:** بۈگۈن كىنو قويۇلامدۇ؟ سوئالغا تولۇق جاۋاب بېرەلمىدىڭىزغۇ؟ ئالىم ئەلاچى بوپتۇ-ھە؟ ھازىر كەلدىڭىزما؟

3) جۈملە ئاخىرىدىكى سۆزنىڭ تەكرارلىنىپ، سوئال ئاھاڭدا ئېيتىلىشى بىلەن ياسىلىدۇ.

**مەسىلەن:** — ھەمدۇللا، تۈنۈگۈن مۇسابىقىگە باردىڭىزمۇ؟

— بارمىدىم.

— بارمىدىم؟

— ھەئە.

سوئال جۈملىلەرنىڭ بەزىلىرى مەنە جەھەتتىن ئېنىق سوئالنى بىلدۈرىدۇ. **مەسىلەن:** سىز تاماق ئېتەلەمسىز؟ ئۆيىڭىز قايسى تاھىيەدە؟

سوئال جۈملىلەرنىڭ بەزىلىرى گۇمانىي سوئالنى بىلدۈرىدۇ. **مەسىلەن:** بۈگۈن يەنە كېچىكىپ قالماسىمىز-ھە؟ ئۇ مەندىن رەنجىپ قالدىمۇ ــ نېمە؟

يەنە بەزى سوئال جۈملىلەر قايتۇرما (قارشىلىق) سوراقنى بىلدۈرىدۇ.

**مەسىلەن:** ــ سەن ئۇ يەرگە نېمە ئۈچۈن باردىڭ؟

ــ سەن بارساڭ بولىدىكەن، مەن بارسام بولمامدىكەن؟

**2-كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى سوئال جۈملىلەرنىڭ قانداق تۈزۈلگەن سوئال جۈملە ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىڭلار.

سىز كىم؟ دەرسنى تەكرارلاپ بولدۇڭمۇ؟ ئۆيىڭىزدىكىلەرنىڭ ئەھۋالى ياخشىمۇ؟ بىز ئۇرۇشمىغانغۇ؟ تاپشۇرۇقنى ئىشلىمىدىم؟ ئەتە يەنە تويپا ياغارمۇ؟ سىنى ئۇرغان كىممۇ؟

### 3. ئۈندەش جۈملە

سۆزلىگۈچىنىڭ خىلمۇخىل تۇيغۇ ۋە ھاياجانلىرىنى ئىپادىلەيدىغان جۈملىلەر ئۈندەش جۈملە دەپ ئاتىلىدۇ.

ئۈندەش جۈملىلەر كۆپ ھاللاردا ئىملىق سۆزلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا تۈزۈلىدۇ. ئۈندەش جۈملىلەر كۆچلۈكرەك ئىنتوناتسىيەدە ئېيتىلىدۇ. ئۈندەش جۈملىلەردىن كېيىن

ئۈندەش بەلگىسى (!) قويۇلىدۇ. ئۈندەش جۈملىلەر تۆۋەندىكىدەك مەزمۇنلارنى ئىپادىلەيدۇ:

1) سۆزلىگۈچىنىڭ خۇشال بولۇش، قانائەتلىنىش ھېس-تۇيغۇلىرىنى ئىپادىلەيدۇ.

**مەسىلەن:** بەللى-بەللى، تازا ئوبدان ئىش بوپتۇ. دىلنار ئۇسسۇلنى ئەجەب ياخشى ئوينىدى-ھە!

2) بەزى ئۈندەش جۈملىلەر ئارزۇ-ئارمانى ئىپادىلەيدۇ.

**مەسىلەن:** بۇ يىل ئالىي مەكتەپكە بارالىسام، قانداق ياخشى بولاتتى-ھە!

3) بەزى ئۈندەش جۈملىلەر سۆزلىگۈچىنىڭ ئەجەبلىنىش ۋە زوقلىنىش تۇيغۇسىنى ئىپادىلەيدۇ.

**مەسىلەن:** نېمىدېگەن ئوماق باللار بۇ! ھوي، سەن چوڭلا ئادەم بولۇپ كېتىپسەنغۇ!

4) بەزى ئۈندەش جۈملىلەر سۆزلىگۈچىنىڭ پۇشايمان، غەزەپ ۋە خاپا بولۇش تۇيغۇلىرىنى ئىپادىلەيدۇ.

**مەسىلەن:** ھەي... بىر كۈن بۇرۇن كەلسەم بوپتىكەن! بۇ يەردىن دەرھال يوقال! خەپ توختا، كۆرگۈلۈكىڭنى بىر كۆرسەتمەيدىغان بولسام!

بەزى جۈملىلەردە سوئال مەنىسىمۇ، ئۈندەش مەنىسىمۇ بولىدۇ. بۇنداق جۈملىلەرگە سوئال بەلگىسىمۇ، ئۈندەش بەلگىسىمۇ قويۇلىدۇ. ئۇنداق جۈملىلەردە سوئال مەنىسى كۈچلۈك بولسا، سوئال بەلگىسى ئالدىغا قويۇلىدۇ؛ ئۈندەش بەلگىسى كۈچلۈك بولسا، ئۈندەش بەلگىسى ئالدىغا قويۇلىدۇ.

**مەسىلەن:** ھەي ئىست، نېمىشقا بالدۇرراق

دېمىگەنسەن!؟ ئۇ ئىش بۇرۇنلا تۈگىگەنىدىغۇ؟!

### 4. بۇيرۇق جۈملە

سۆزلىگۈچىنىڭ بۇيرۇق، تىلەك، شوئار، چاقىرىق، ئۆتۈنۈش، ئۈمىد، مەسلىھەت مەنىسىدىكى پىكىرلىرىنى ئىپادىلەيدىغان جۈملە بۇيرۇق جۈملە دەپ ئاتىلىدۇ.

بۇيرۇق جۈملىلەرنىڭ مەنە دائىرىسى بىر قەدەر كەڭ بولۇپ، بۇيرۇق جۈملە دائىرىسىدىكى بۇيرۇق، شوئار ۋە چاقىرىقنى ئىپادىلەيدىغان جۈملىلەر كۆتۈرەڭگۈ ئاھاڭدا ئېيتىلىدۇ، يېزىقتا بۇنداق جۈملىلەرنىڭ ئاخىرىغا ئۈندەش بەلگىسى قويۇلىدۇ. تىلەك، مەسلىھەت، ئۆتۈنۈش، ئۈمىد مەنىلىرىنى ئىپادىلەيدىغان بۇيرۇق جۈملىلەر پەسرەك ئاھاڭدا ئېيتىلىدۇ. يېزىقتا بۇ خىل جۈملىلەرنىڭ ئاخىرىغا چېكىت قويۇلىدۇ.

بۇيرۇق جۈملىلەردە بۇيرۇق رايىدىكى پېئىللار جۈملىنىڭ خەۋەر بۆلىكى بولۇپ كېلىدۇ.

**مەسىلەن:** دەرھال قايتىپ كەل. گېپىمنى ئاڭلا. مۇھىتنى گۈزەللەشتۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرەيلى! خەلق قەھرىمانلىرى ياشىسۇن!

**3 ـ كۆنۈكمە:** جۈملىنىڭ ھەربىر تۈرى ئۈچۈن ئۈچتىن جۈملە تۈزۈڭ.

## §4. جۈملىنىڭ تۈزۈلۈشىگە قاراپ بۆلۈنۈشى

تىلىمىزدىكى جۈملىلەر ئۆزىنىڭ تۈزۈلۈش شەكلىگە ئاساسەن ئاددىي جۈملە ۋە مۇرەككەپ جۈملە دېگەن ئىككى چوڭ تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

ئاياغلاشقان بىرلا پىكىرنى ئىپادىلەيدىغان جۈملە ئاددىي جۈملە دەپ ئاتىلىدۇ.

**مەسىلەن:** كۈز كەلدى. يوپۇرماقلار سارغىيىشقا باشلىدى. خۇسۇسىي كارخانىچى ھەسەنجان موللاق ئانا مەكتىپى ئۈچۈن ياخشى ئىش قىلىپ بەردى.

ئۇيغۇر تىلىدا پىكىرلەر بەزىدە ئاددىي جۈملە شەكلى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ، بەزىدە ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق ئاددىي جۈملىنىڭ مەلۇم گىراماتىكىلىق قائىدە بويىچە بىرىكىشى ئارقىلىق ئىپادە قىلىنىدۇ.

**مەسىلەن:** خوراز نېمە ئۈچۈن سەھەر تۇرۇپ چىللايدۇ؟ چۈنكى ئۇ كەچتە بالدۇر ئۇخلايدۇ. ئىت كەچتە ئۇخلىماي قاۋايدۇ، شۇڭلاشقا سەھەردە ئورنىدىن تۇرالمايدۇ.

## §5. جۈملىدىكى سۆزلەرنىڭ باغلىنىشى

ھەرقانداق بىر ئاددىي جۈملە ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق سۆز ياكى سۆز بىرىكمىسىنىڭ بىرىكىشىدىن تۈزۈلىدۇ، جۈملىنىڭ بۇنداق تۈزۈلۈشى سىنتاكسىسلىق تۈزۈلۈش دەپ

ئاتىلىدۇ. ئاددىي جۈملە تەركىبىدىكى سۆز ۋە سۆز بىرىكمىلىرى مەنە ۋە تۈزۈلۈش جەھەتتىن بەلگىلىك قائىدىلەر بويىچە باغلىنىپ كېلىدۇ. مانا بۇ سىنتاكسىسلىق باغلىنىش دەپ ئاتىلىدۇ. ئاددىي جۈملە تەركىبىدىكى ھەربىر سۆز ۋە سۆز بىرىكمىسى بەلگىلىك ۋەزىپە ئۆتەيدۇ. مانا بۇ، سىنتاكسىسلىق ۋەزىپە دەپ ئاتىلىدۇ.

جۈملىنىڭ تەركىبىدىكى سۆزلەرنىڭ مەزمۇن ۋە تۈزۈلۈش جەھەتتىن ئۆزئارا چىڭ باغلىنىپ كېلىشى تەلەپ قىلىنىدۇ. ئەگەر جۈملە تەركىبىدىكى سۆز بىرىكمىلىرى بەلگىلىك گىراماتىكىلىق قانۇنىيەت بويىچە باغلانمىغان بولسا، پىكىرنىڭ توغرا، ئېنىق، چۈشىنىشلىك ئىپادىلىنىشىگە دەخلى يېتىدۇ.

ئۇيغۇر تىلىدىكى جۈملىلەردە سۆزلەرنىڭ باغلىنىشى تەڭداش باغلىنىش ۋە بېقىندى باغلىنىش دېگەن ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

### 1. تەڭداش باغلىنىش

جۈملىدە ئوخشاش ۋەزىپىدە كەلگەن سۆز ياكى سۆز بىرىكمىلىرىنىڭ باغلىغۇچىلار ئارقىلىق ياكى باغلىغۇچىلارسىزلا باغلىنىپ كېلىشى تەڭداش باغلىنىش دەپ ئاتىلىدۇ.

مەسىلەن: خالمۇرات، ئادىل، ئابدۇشۈكۈرلەر بىزنىڭ ئۆگىنىش ئۈلگىلىرىمىزدۇر. ئە.زىيائى، ت.ئېلىيوف، ئا. ئۆتكۈرلەر كەينى ـ كەينىدىن ئالەمدىن ئۆتتى.

## 2. بېقىندى باغلىنىش

جۈملىدىكى بىر سۆزنىڭ ئىككىنچى بىر سۆزگە بېقىنىپ كېلىشىدىن ھاسىل بولغان باغلىنىش بېقىندىلىق باغلىنىش دەپ ئاتىلىدۇ.

جۈملىدىكى سۆزلەر بېقىندىلىق باغلىنىشتا كەلگەندە، تەڭسىز (بېقىندىلىق) مۇناسىۋەت ھاسىل بولىدۇ.

**مەسىلەن:** مەن تەتىللىك تاپشۇرۇقنى مۇستەقىل ئىشلىدىم.

بۇ مىسالدا «مەن» دېگەن ئىگە «ئىشلىدىم» دېگەن خەۋەرگە بېقىنغان، «تەتىللىك» دېگەن سۆز «تاپشۇرۇق» دېگەن سۆزگە بېقىنىپ ئۇنى ئېنىقلىغان، «مۇستەقىل» دېگەن سۆز «ئىشلىدىم» دېگەن سۆزگە بېقىنىپ، ئىشلەش ھەرىكىتىنىڭ دەرىجىسىنى بىلدۈرگەن، «تەتىللىك تاپشۇرۇق» دېگەن بىرىكمە «مۇستەقىل ئىشلىدىم» دېگەن بىرىكمىگە بېقىنىپ، جۈملە مەزمۇنىنى تولدۇرۇپ كەلگەن.

جۈملىدىكى سۆزلەر بېقىندى باغلىنىشتا كەلگەندە ھاسىل بولغان قۇرۇلمىلاردىكى تەركىبلەر بىر-بىرىنى ئېنىقلاپ، تولدۇرۇپ كەلگەنلىكى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ بىرى باش سۆز (بېقىندۇرغۇچى) ، يەنە بىرى بېقىندى سۆز (بېقىنغۇچى) ھالىتىدە بولىدۇ.

مۇتەللىپ بىلەن مۇختەر قىزىلسۇ يېزىسىدا ئىشلەيدۇ.

بۇ جۈملىدە تەڭداش باغلىنىشتا كەلگەن سۆزلەرمۇ بار، بېقىندىلىق باغلىنىشتا كەلگەن سۆزلەرمۇ بار.

**4-كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى جۈملىلەردىكى سۆزلەرنىڭ

باغلىنىشىنى ئىسترېلكا بىلەن كۆرسىتىڭ.

ئۇ ھازىر خەتلەرنى سىز ئۆز قولىڭىز بىلەن يازغاندەك توغرا ھەم چىرايلىق يازالايدۇ. پۈتۈن تاپشۇرۇقلارنى ئۆزى مۇستەقىل ئىشلىيەلەيدۇ. ئابدۇشۈكۈر پەقەت ئىككى پۈتىغىلا تايىنىپ كىيىم كىيىش، يۈز-كۆزلىرىنى يۇيۇش، سەي ئوتاش، يەر سۈغىرىش، پۈتى بىلەن يىڭنىگە يىپ ئۆتكۈزۈپ تۈگمە قاداش، كىيىم ياماش، ئارغامچا ئېشىش، زەنجىر ياساش، مال بېقىش ۋە ئۇنى باغلاش، كىر يۇيۇش، سۇ ئۇزۇش، سەي توغراش، ئات مىنىش، هارۋا ھەيدەش، ھەتتا تىراكتور ھەيدەش قاتارلىق ئاددىي ۋە مۇرەككەپ ئىشلارنى قىلالايدۇ.

## §6. بېقىندى باغلىنىشتىكى سۆزلەرنىڭ مۇناسىۋەتلىرى

ئۇيغۇر تىلىدا بېقىندىلىق باغلىنىشتىكى سۆزلەردە تۆۋەندىكىدەك تۆت خىل مۇناسىۋەت بولىدۇ:

### 1. ئىگە-خەۋەر مۇناسىۋىتى

جۈملىنىڭ ئىگىسى بىلەن خەۋىرى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ئىگە-خەۋەر مۇناسىۋىتى دېيىلىدۇ.

ئىگە-خەۋەرلىك قۇرۇلمىلاردا خەۋەر بېقىندۇرغۇچى ئورۇندا، ئىگە بېقىنغۇچى ئورۇندا تۇرىدۇ، ئىگە خەۋەرگە بېقىنىدۇ. ئىگە بىلەن خەۋەر شەخس ھەم سان (بىرلىك ياكى كۆپلۈك) جەھەتتىن بىر-بىرىگە ماسلىشىدۇ.

ئىگە ـ خەۋەرلىك مۇناسىۋەتتىكى قۇرۇلمىلاردا بايانىي خۇسۇسىيەت بار. (ئۇلارنى «سۆز بىرىكمىسى» دەپ قاراشقا بولمايدۇ) ئىگە ـ خەۋەرلىك مۇناسىۋەتتىكى قۇرۇلمىلار ئۆزى تۇرۇۋاتقان جۈملە تەركىبىدىن ئايرىپ چىقىلسا، بىر يىغىق ئاددىي جۈملە بولالايدۇ. **مەسىلەن:**

1. مەن دەم ئېلىش كۈنى مومامنىڭ ئۆيىگە باردىم.
2. سىز ھۆسنخەت يازالامسىز؟
3. بىز خەلق مەيدانىغا باردۇق.
4. سىلەر ئۆيۈڭلەرگە دەرھال قايتىڭلار.
5. ئۇ تەتىلدە ئىنگلىز تىلى كۇرسىغا قاتنىشىپتۇ.

1) مەن باردىم. 2) سىز يازالامسىز؟ 3) بىز باردۇق.
4) سىلەر قايتىڭلار. 5) ئۇ قاتنىشىپتۇ.

## 2. چىرمىشىش مۇناسىۋىتى

جۈملىنىڭ ئىگىلىك كېلىشتىكى ئېنىقلىغۇچىسى بىلەن ئېنىقلانغۇچى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت چىرمىشىش مۇناسىۋىتى دېيىلىدۇ.

**مەسىلەن:** رابىيەنىڭ ئۆيى يىزا مەركىزىگە يىراق. مېنىڭ قىزىم خەنزۇچە مەكتەپتە ئوقۇيدۇ. سىزنىڭ مىجەزىڭىز يوقمۇ؟ ئۇلارنىڭ تەلىپى يوللۇق ئىكەن. بىزنىڭ ناخشىمىز مەڭگۈ ياڭرايدۇ.

بەزى ھاللاردا بېقىنغۇچى سۆزگە ئۇلىنىدىغان ئىگىلىك كېلىشنىڭ قوشۇمچىسى (نىڭ) چۈشۈپ قېلىشى مۇمكىن. **مەسىلەن:** دەرس ۋاقتى، ئىش ھەققى.

### 3. باشقۇرۇش مۇناسىۋىتى

چۈشۈم كېلىش، يۈنىلىش كېلىش، چىقىش كېلىش، ئورۇن - پەيت كېلىشلەرنىڭ بىرىدە كەلگەن ياكى تىركەلمىلەر بىلەن كەلگەن سۆزلەرنىڭ جۈملىدىكى خەۋەر بۆلەك بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى باشقۇرۇش مۇناسىۋىتى ھېسابلىنىدۇ.

**مەسىلەن:** بىز ۋەزىپىنى ئورۇنداپ بولدۇق. سىز ئۆيگە قايتامسىز؟ ئۇلار ماشىنا بىلەن كەپتۇ. بۇ قۇرۇلمىلاردىكى خەۋەر بۆلەك بېقىندۇرغۇچى ھېسابلىنىدۇ.

### 4. ياندىشىش مۇناسىۋىتى

جۈملىدىكى بېقىنغۇچى سۆزنىڭ بېقىندۇرغۇچى سۆزگە شۇ تىل شارائىتىدىكى ئورۇن، تەرتىپ بويىچە باغلىنىپ كېلىشى ياندىشىش مۇناسىۋىتى دېيىلىدۇ.

**مەسىلەن:** دادام ياغاچ قوشۇق ياسايدۇ. قۇربانىنىسا قىزىل ئالما ئۈزدى. ئېرىقتا لاي سۇ ئېقىۋاتىدۇ. تاراققىدە قىلغان ئاۋاز ئاڭلاندى. گۈللەنگەن دىيارىمىزنىڭ ئەتىسى تېخىمۇ گۈزەل بولىدۇ.

يۇقىرىقىلاردىن شۇنداق خۇلاسىگە كېلىمىزكى، جۈملىدىكى سۆز بىلەن سۆز ۋە سۆز بىلەن سۆز بىرىكمىلىرى تەڭداش مۇناسىۋەتتە ياكى بېقىنىش - بېقىندۇرۇش مۇناسىۋىتىدە باغلىنىدۇ. («مۇناسىۋەت» «باغلىنىش»نىڭ ئىچىدە بولىدۇ) جۈملىدىكى سۆزلەرنىڭ ئىگە - خەۋەر مۇناسىۋىتىدە باغلىنىشىدا ئىگە بىلەن خەۋەرنىڭ شەخس ھەم

سان جەھەتتىن ماسلىشىشى ئۆلچەم قىلىنىدۇ. چىرمىشىش مۇناسىۋىتىدە ئىنىقلىنىغۇچى بىلەن ئىنىقلىغۇچىنىڭ تولىمۇ زىچ مۇناسىۋەتتە ئىكەنلىكى، شەكىل جەھەتتىن «نىڭ» بىلەن باغلىنىشى ئۆلچەم قىلىنىدۇ. باشقۇرۇش مۇناسىۋىتىدە بېقىنىدۇرغۇچى سۆزنىڭ بېقىنغۇچى سۆزنى باش كېلىش ۋە ئىگىلىك كېلىشتىن باشقا (تۆت خىل) كېلىشنى ياكى مەلۇم بىر تىركەلمە بىلەن بىللە كېلىشىنى تەلەپ قىلىدىغانلىقى ئۆلچەم قىلىنىدۇ. ياندىشىش مۇناسىۋىتىدە جۈملىدىكى ئىككى سۆزنىڭ ئورۇن، تەرتىپ بويىچىلا باغلىنىپ كېلىدىغانلىقى، يەنى مەلۇم ئىككى سۆزنىڭ شۇ جۈملىدىكى ئورنىنى ئالماشتۇرغىلى بولمايدىغانلىقى ئۆلچەم قىلىنىدۇ.

5ـ **كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئوقۇپ، سۆزلەرنىڭ قانداق باغلىنىش مۇناسىۋىتىدە كەلگەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىڭ.

نۇسرەت قىزىل ياغلىقنى ياخشى كۆرىدۇ. دادام ماڭا يېڭى دوپپا ئېلىپ بەردى. بىزنىڭ ئۆي چوڭ يولنىڭ بويىدا. مەن 50 جىڭ ئۈزۈمنى كۆتۈرەلمەيمەن. غۇر ـ غۇر شامال كىشىنى تولىمۇ ھۇزۇرلاندۇراتتى. تاراقلىغان ئاۋاز مېنى ئويغىتىۋەتتى. بالىسى كۆپ ئادەم قەرزدارغا ئوخشايدۇ. يېڭى قوشنىمىز بىلەن ئىناق ئۆتۈۋاتىمىز. بىزنىڭ سىنىپتا 21 نەپەر ئوغۇل ئوقۇغۇچى بار. ئەركىن چىمەن دوپپا كىيىپ يۈرۈشنى ياخشى كۆرىدۇ. ھەدەم تور رومال زاۋۇتىدا ئىشلەيدۇ.

## §7. تۇراقسىز سۆز بىرىكمىلىرى

ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق سۆزنىڭ بەلگىلىك شارائىتتا بىرىكىشىدىن ھاسىل بولغان سۆز بىرىكمىسى تۇراقسىز سۆز بىرىكمىسى دەپ ئاتىلىدۇ.

جۈملىدىكى تۇراقسىز سۆز بىرىكمىلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئەسلىدىكى لېكسىكىلىق مەنىلىرىنى ساقلىغان ھالدا ئومۇمىي بىر مەنە ئاڭلىتىپ، جۈملىنىڭ بىرلا بۆلىكى بولىدۇ. تۇراقسىز سۆز بىرىكمىلىرىنى قۇرۇلما ۋە مەنە جەھەتتىن پارچىلاشقا بولىدۇ.

ئۇيغۇر تىلىدىكى تۇراقسىز سۆز بىرىكمىلىرى قۇرۇلما ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن ئاددىي سۆز بىرىكمىسى ۋە مۇرەككەپ سۆز بىرىكمىسى دېگەن ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

### 1. ئاددىي سۆز بىرىكمىسى

ئىككىلا مۇستەقىل سۆزدىن تۈزۈلگەن تۇراقسىز سۆز بىرىكمىسى ئاددىي سۆز بىرىكمىسى دەپ ئاتىلىدۇ.

**مەسىلەن:** ئوقۇتۇش بىناسى پۈتتى. يىغىن چوڭ زالدا ئېچىلىدىكەن. تاش ئۆستەڭدە ئېقىۋاتقان سۈزۈك سۇدا بېلىجانلار ئۈزۈپ يۈرەتتى. توپا يولدا غىچىلداپ كېلىۋاتقان كالا ھارۋىسىدا بىر بالا ئۇخلاپ ياتاتتى.

### 2. مۇرەككەپ سۆز بىرىكمىسى

ئىككىدىن ئارتۇق مۇستەقىل سۆزدىن تۈزۈلگەن تۇراقسىز سۆز بىرىكمىسى مۇرەككەپ سۆز بىرىكمىسى دەپ ئاتىلىدۇ.

مەسىلەن: قاپاق تېرەك تۈۋىدە ئېگىز بويلۇق بىركىشى تۇراتتى. قارشى ئېلىشقا چىققان يۇرتداشلار بىلەن قىزغىن كۆرۈشتۇق.

ئۇيغۇر تىلىدىكى تۇراقسىز سۆز بىرىكمىلىرى تەركىبىدىكى بېقىندۇرغۇچى سۆزنىڭ خاراكتېرىگە ئاساسەن يەنە ئىسىم خاراكتېرلىك سۆز بىرىكمىسى ۋە پېئىل خاراكتېرلىك سۆز بىرىكمىسى دېگەن ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

**1. ئىسىم خاراكتېرلىك سۆز بىرىكمىسى**

بېقىندۇرغۇچىسى ئىسىم ياكى ئىسىم خاراكتېرلىك سۆزلەردىن بولغان تۇراقسىز سۆز بىرىكمىسى ئىسىم خاراكتېرلىك سۆز بىرىكمىسى دەپ ئاتىلىدۇ.

**مەسىلەن:** جۇڭگو كومپارتىيەسى بىزنىڭ ئىشلىرىمىزنىڭ رەھبەرلىك يادروسىدۇر. ئەتىيازلىق تېرىلغۇ ئاخىرلاشتى. ئوقۇغۇچىلار قائىدىسىگە رىئايە قىلىشىمىز لازىم.

**2. پېئىل خاراكتېرلىك سۆز بىرىكمىسى**

بېقىندۇرغۇچىسى پېئىل بولغان تۇراقسىز سۆز بىرىكمىلىرى پېئىل خاراكتېرلىك سۆز بىرىكمىسى دەپ ئاتىلىدۇ.

**مەسىلەن:** ئۇ ئۆزىچىلا قايناپ كەتتى. بىز ئىپادە بىلدۈرمەي ئاڭلاپ ئولتۇردۇق. ئۇ سۆزلەۋېتىپ يىغلاپ تاشلىدى. ئۇلار بىزنى كۆرۈپ قالدى.

**6-كۆنۈكمە:** تەركىبىدە ئىسىم خاراكتېرلىك سۆز

بېرىكمىسى بولغان ئالتە جۈملە، پېئىل خاراكتېرلىك سۆز بېرىكمىسى بولغان تۆت جۈملە تۈزۈڭلار.

## ئون بەشىنچى باب جۈملە بۆلەكلىرى توغرىسىدا ئومۇمىي چۈشەنچە

جۈملىدىكى مۇستەقىل سۆزلەر ۋە سۆز بىرىكمىلىرى بەلگىلىك سىنتاكسىسلىق ۋەزىپە ئۆتەيدۇ ھەمدە بەلگىلىك سوئالغا جاۋاب بولۇپ كېلىدۇ.

جۈملىدە ئوخشاش بولمىغان سىنتاكسىسلىق ۋەزىپە ئۆتەيدىغان، مەلۇم سوئالغا جاۋاب بولۇپ كېلىدىغان سۆز ياكى سۆز بىرىكمىلىرى جۈملە بۆلەكلىرى دەپ ئاتىلىدۇ.

جۈملە بۆلىكى سۆز ياكى سۆز بىرىكمىلىرىنىڭ جۈملىدىكى رولى بويىچە تۈرگە بۆلۈنۈشىدىن ئىبارەت.

ئۇيغۇر تىلىدا ئىگە، خەۋەر، ئېنىقلىغۇچى، تولدۇرغۇچى ۋە ھالەتتىن ئىبارەت بەش بۆلەك بار. بۇ بۆلەكلەرنىڭ جۈملىدىكى رولى ئوخشاش ئەمەس، شۇڭلاشقا جۈملە بۆلەكلىرى باش بۆلەك ۋە ئەگەشمە بۆلەك دېگەن ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

### §1. جۈملىنىڭ باش بۆلەكلىرى

جۈملە تۈزۈلۈشىگە ئاساس بولىدىغان، پىكىرنى

ئىپادىلەشتە باش رول ئوينايدىغان بۆلەكلەر باش بۆلەك دەپ ئاتىلىدۇ.

ئىگە بىلەن خەۋەر جۈملىنىڭ باش بۆلىكى ھېسابلىنىدۇ ۋە جۈملە قۇرۇلمىسىنىڭ ئاساسىنى تەشكىل قىلىدىغان، جۈملىنى ئۇيۇشتۇرىدىغان ئىككى مەنە مەركىزى ھېسابلىنىدۇ.

### 1. ئىگە

جۈملىنىڭ كىم ياكى نېمە توغرىسىدا ئېيتىلغانلىقىنى بىلدۈرىدىغان باش بۆلىكى ئىگە دەپ ئاتىلىدۇ.

ئىگە جۈملىدىكى بايان قىلىنغۇچىدىن ئىبارەت. ئىگە جۈملىدە باش كېلىشتە كېلىپ جۈملىنىڭ خەۋىرى بىلەن تەۋەلىك (شەخس) ۋە سان (بىرلىك ياكى كۆپلۈك) جەھەتتىن ماسلىشىدۇ.

**مەسىلەن:** مەن كەلدىم. سەن يازدىڭ. ئۇ باردى. ئۇلار باردى.

جۈملىدىكى ئىگە بىرلا سۆز بىلەنمۇ ئىپادىلىنىدۇ، سۆز بىرىكمىلىرى بىلەنمۇ ئىپادىلىنىدۇ.

بىرلا سۆز بىلەن ئىپادىلەنگەن ئىگە ئاددىي ئىگە دەپ ئاتىلىدۇ. سۆز بىرىكمىسى بىلەن ئىپادىلەنگەن ئىگە مۇرەككەپ ئىگە دەپ ئاتىلىدۇ.

ئۇيغۇر تىلىدىكى ئىسىم ۋە ئىسىم خاراكتېرىدىكى سۆزلەر جۈملىدە ئىگە ۋەزىپىسىدە كېلىدۇ.

**مەسىلەن:** <u>ئابدۇۋەلى</u> ئەلاچى بولۇپ ئوقۇۋاتىدۇ. (ئاددىي ئىگە)

<u>مائارىپ خىزمەتچىلىرى</u> مۇكاپاتلاندى. (مۇرەككەپ ئىگە)

گۈليار ئاپىسىغا ياردەملەشتى.
يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتى ئوقۇتقۇچىلاردىن ھال سورىدى.

ئىسىملار جۈملىدە ئىگە ۋەزىپىسىدە كېلىدۇ.
**مەسىلەن:** گۈلنار ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇيدۇ.
ئەخلاق ئادەم زىنىنتى.
بۇۋىھەجەر، گوزەلنۇر، ئايىمنىسالار پەيزاۋاتتا ئىشلەيدۇ.

سۈپەتلەر جۈملىدە ئىگە ۋەزىپىسىدە كېلىدۇ.
**مەسىلەن:** ياخشى ئىشى بىلەن ياخشى.
كۆك ـ يېقىملىق رەڭ.
مېنىڭ يۈزۈمدە قارا بارمۇ؟

سان جۈملىدە ئىگە ۋەزىپىسىدە كېلىدۇ.
**مەسىلەن:** يىغىنغا قاتنىشىدىغانلاردىن ئۈچەيلەن تېخىچە كەلمەيۋاتىدۇ.

ئالماش جۈملىدە ئىگە ۋەزىپىسىدە كېلىدۇ.
**مەسىلەن:** مەن دائىم ئوقۇغۇچىلىرىمنى ئەسلەيمەن.
سىز بالدۇرراق قايتىڭ.
يىغىنغا ئۇلار قاتناشمايدىغان ئوخشايدۇ.

تەقلىد سۆزلەر ئىگە ۋەزىپىسىدە كېلىدۇ.
**مەسىلەن:** ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ بارغانسېرى كۈچەيدى.

تاراق - تۇرۇق يېرىم كېچىگىچە ئاڭلىنىپ تۇردى.

سان - مىقدار بىرىكمىسى جۈملىدە ئىگە ۋەزىپىسىدە كېلىدۇ.

**مەسىلەن:** ئامۇتنىڭ بىر جىڭى قانچە پۇل؟

گۆشنىڭ بىر كىلوسى 16 يۈەن ئىكەن.

ئىسىمداشلار جۈملىدە ئىگە ۋەزىپىسىدە كېلىدۇ.

**مەسىلەن:** ئالمىنىڭ بەرمىكى بار.

ئۇرۇش كىشىلەرگە ئاپەت ئېلىپ كېلىدۇ.

تاماكا چېكىش- زىيانلىق.

سۈپەتداشلار جۈملىدە ئىگە ۋەزىپىسىدە كېلىدۇ.

**مەسىلەن:** ئىشلىگەن چىشلەيدۇ.

سورىغان بىلىم ئالىدۇ. ئۇيالغان كېيىن قالىدۇ.

كۆرگەن كۆرگىنىنى قىلار، كۆرمىگەن نېمىنى قىلار.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا ئايرىم رەۋىش ۋە ئىملىقلارمۇ بەزىدە ئىگە ۋەزىپىسىدە كېلىدۇ.

**مەسىلەن:** ھۆرۈننىڭ ئەتىسى تۈگىمەيدۇ.

جاھاننى قاپلىسۇن ئاھىم مېنىڭ.

**1 - كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى جۈملىلەرنىڭ ئىگىسىنى تېپىڭ ۋە ئۇ ئىگىنىڭ قايسى سۆز تۈركۈمىگە تەۋە ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىڭ.

ئۇنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتتى. ئەجىرنىڭ تېگى ئالتۇن. پارىخور ئەمەلدارلار جازالاندى. ئىشچان ئىشنى يەيدۇ، ھورۇن بېشىنى (يەيدۇ). يىگىرمە بىرنىڭ ئىچىدە يەتتىدىن ئۈچى بار. بۇ رەختىنىڭ مېتىرى 12 يۈەن ئىكەن. تازىلىقتا ھەممەيلەن قاتناشتى. تادان تۈلكە تۇمشۇقىدىن ئىلىنىدۇ. بۇ كونىلەرمۇ ئۆتۈپ كېتەر. سەن كىشىلەرگە قولۇڭدىن كېلىشىچە ياخشىلىق قىل. تازىلىق ئادەم بىلەن ھايۋانىنى پەرقلەندۈرىدۇ. ھەسەتخورلۇق ناچار ئادەتتۇر. تىرىشچان ئادەم باي بولىدۇ.

2-كۆنۈكمە: ئىسىم، سۈپەت، سان، ئالماش، سان-مىقدار، ئىسىمداش ۋە سۈپەتداش سۆزلەر ئىگە بولغان يەتتە جۈملە تۈزۈڭ.

## 2. خەۋەر

جۈملىدە ئىگىنىڭ ھەرىكىتىنى بايان قىلىش رولىدا كېلىدىغان باش بۆلەك خەۋەر دەپ ئاتىلىدۇ.

خەۋەر بىر پۈتۈن جۈملىنى تەشكىللەش رولىنى ئوينايدۇ ۋە جۈملىنىڭ خاراكتېرىنى بەلگىلەيدۇ. ئۇيغۇر تىلىدا جۈملىنىڭ ئەگەشمە بۆلەكلىرى بولمىسىمۇ، جۈملىگە زور تەسىر كۆرسەتمەيدۇ. لېكىن، خەۋەر بولمىسا، جۈملە تەشكىللەنمەيدۇ، يەنى خەۋەرسىز جۈملە تۈزۈلمەيدۇ.

ئۇيغۇر تىلىدا پېئىللار ئاساسەن خەۋەر ۋەزىپىسىدە كېلىدۇ. باشقا سۆز تۈركۈملىرىنىڭ خەۋەر بولۇپ كېلىشى شەرتلىك ھالدا بولىدۇ. پېئىلدىن باشقا سۆز تۈركۈملىرى

خەۋەر بولۇپ كەلگەندە، ياردەمچى پېئىللار بىلەن بىرىكىدۇ. (هالبۇكى بەزى ئەھۋالدا باشقا سۆز تۈركۈملىرىمۇ مۇستەقىل خەۋەر رولىنى ئۆتەيمۇ كېلىدۇ مەسىلەن: ئۇنىڭ ئىنكاسى ئاستا «رەۋىش خەۋەر بولدى ». مېنىڭ بويۇم ئېگىز. «سۈپەت خەۋەر بولدى»)

جۈملىدە بىرلا سۆز بىلەن ئىپادىلەنگەن خەۋەر ئاددىي خەۋەر دېيىلىدۇ.

مەسىلەن: دەرس باشلاندى. خوراز چىللىدى. كۈن چىقتى.

سۆز بىرىكمىسى شەكلىدە ئىپادىلەنگەن خەۋەر مۇرەككەپ خەۋەر ياكى قوشما خەۋەر دەپ ئاتىلىدۇ.

مەسىلەن: پائالىيەت تېخىمۇ جانلىنىپ كەتتى. ئۇ بىزنى ئۆيىدە كۈتۈپ تۇرماقچى ئىدى.

ئۇيغۇر تىلىدىكى مۇستەقىل سۆزلەرنىڭ ھەممىسى جۈملىدە خەۋەر بولۇپ كېلىدۇ.

1) پېئىللار جۈملىدە خەۋەر بولۇپ كېلىدۇ.

مەسىلەن: دادام ئىشقا ماڭدى. ئۇ توسقان ماشىنىلارنىڭ بىرىمۇ توختىمىدى.

2) ئىسىم ۋە ئىسىم خاراكتېرىدىكى سۆزلەرمۇ جۈملىدە خەۋەر بولۇپ كېلىدۇ. ئىسىم ۋە ئىسىم خاراكتېرىدىكى سۆزلەر خەۋەر بولۇپ كەلگەندە، بىرىككەن ياردەمچى پېئىللار بەزى ھاللاردا چۈشۈپ قالسا، ئۇنىڭ ئورنىدا ھۆكۈم ئىنتوناتسىيەسى قوللىنىلىدۇ.

مەسىلەن: مېنىڭ ئاكام دوختۇر بولدى. ئۇ تولىمۇ ياخشى

ئادەم ئىكەن. مەكتەپ بىلىم بۇلىقىدۇر. ناسىرجاننىڭ پەرىزى توغرا چىقتى. ئاسمىگۈلنىڭ پىكرى يوللۇق ئىدى. ئۇنىڭ ئەلپازى يامان تۇرىدۇ. سەككىزنى بەشكە كۆپەيتسەك قىرىق بولىدۇ. كېلىدىغانلارنىڭ سانى يىگىرمە ئىكەن. مېنىڭ رەت نومۇرۇم 35. بۇ قوغۇن بەش كىلوگىرام كەلدى.

3ـ كۆنۈكمە: تۆۋەندىكىلەرنى خەۋەر ۋەزىپىسىدە كەلتۈرۈپ جۈملە تۈزۈڭ.

دۇنياغا كەلگەنىكەن، قەد كۆتۈردى، ياردەم بەرمەكچى بولدى، يىگىرمە بەشىنچى، ئەمگەكچىلەردىن بولۇشىمىز لازىم، تۈگىتىشىڭلار كېرەك، بولغان ئەمەس، قەدىرلىشىمىز كېرەك، 365 كۈن بولىدۇ، ياخشى ئادەت ئەمەس.

3) ئىگە بىلەن خەۋەرنىڭ ھەر ئىككىسى باش كېلىش شەكلىدىكى ئىسىم ياكى ئىسىم خاراكتېرىدىكى سۆزلەردىن بولسا، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىغا سىزىق (ـ) قويۇلىدۇ.

مەسىلەن: ئادىل ـ دارۋاز. ئاۋۇ ئۆيدە تۇرغان كىشى ـ دادام. بۇ ـ مەكتەپ. ئوقۇتقۇچىلىق ـ بىر خىل سەنئەت. بۇ گەپنى تاپقان ـ سەن! تۇرمۇشنىڭ ئۆزى ـ كۈرەش. تۆت ـ جۈپ سان.

## §2. جۈملىنىڭ ئەگەشمە بۆلەكلىرى

باش بۆلەكلەرگە ئەگىشىپ، جۈملە مەزمۇنىنى كېڭەيتىدىغان، روشەنلەشتۈرىدىغان بۆلەكلەر ئەگەشمە بۆلەك

دەپ ئاتىلىدۇ.

ئەگەشمە بۆلەكلەر جۈملىدىكى رولىغا قاراپ ئېنىقلىغۇچى، تولدۇرغۇچى، ھالەت دېگەن ئۈچ تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

### 1. ئېنىقلىغۇچى

جۈملىدە ئىسىم ۋە ئىسىم رولىدىكى سۆزلەرگە بېقىنىپ، ئۇلارنىڭ تۈرلۈك ئالاھىدىلىكلىرىنى كۆرسىتىدىغان ئەگەشمە بۆلەك ئېنىقلىغۇچى دەپ ئاتىلىدۇ.

ئېنىقلىغۇچىنىڭ گىراماتىكىلىق بەلگىسى — «نىڭ» (تىلىمىزدا يەنە «-دىكى، -تىكى، -دەك، -تەك» قوشۇلغان قۇرۇلمىلارمۇ ئېنىقلىغۇچى بولۇپ كېلىدۇ). ئېنىقلىغۇچى شەكىل جەھەتتىن بەزىلىرى بىر سۆزدىن، بەزىلىرى بىرنەچچە سۆزدىن تۈزۈلىدۇ.

جۈملىدە ئىسىم ۋە ئىسىم خاراكتېرلىك سۆزلەر باش كېلىش ياكى ئىگىلىك كېلىش شەكلىدە كېلىپ، ئېنىقلىغۇچى ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدۇ.

1) ئىسىملار جۈملىدە ئېنىقلىغۇچى بولۇپ كېلىدۇ.

**مەسىلەن:** پاتىگۈلنىڭ خېتى چىرايلىق.

2) سۈپەتلەر جۈملىدە ئېنىقلىغۇچى بولۇپ كېلىدۇ.

**مەسىلەن:** بىز تاتلىق قوغۇن يېدۇق. نىلۇپەر قىزىل ياغلىق سېتىۋالدى. يېزىمىزدا چوڭ ئۆستەڭ چېپىلدى.

3) سان جۈملىدە ئېنىقلىغۇچى بولۇپ كېلىدۇ.

**مەسىلەن:** غاپپارنىڭ 30 كەپتىرى بار ئىكەن.

4) سان-مىقدار بىرىكمىلىرى ئېنىقلىغۇچى بولۇپ كېلىدۇ.

**مەسىلەن:** بۇگۇن تىراكتور 30 مو يەر ھەيدىدى. تۆت دۆۋە ساختا مال كۆيدۈرۈلدى. تۇرسۇن بەش يەشىك ئالمىنى ئاتمىش يۇەنگە ساتتى. 200 جىڭ بۇغداي بىر تاغارغا سىغىدۇ.

5) ئالماشلار جۈملىدە ئېنىقلىغۇچى بولۇپ كېلىدۇ.

**مەسىلەن:** بۇ كىشى دادام بولىدۇ. ئۇ ئادەم كىم؟ قايسى يول يېقىنراق؟ بىزنىڭ ئۆي ئوي مەھەللىدە.

6) سۈپەتداشلار جۈملىدە ئېنىقلىغۇچى بولۇپ كېلىدۇ.

**مەسىلەن:** ئۆلگەن چارۋىلارنى كۆمۈۋەتتۇق. بۇگۈن تىككەن كۆچەت قانچە تۈپ؟ سۇنغان ئەينەكلەر ئالماشتۇرۇلدى. كۆپ سۆزلىگەننىڭ پايدىسى يوق.

7) ئىسىمداشلار جۈملىدە ئېنىقلىغۇچى بولۇپ كېلىدۇ.

**مەسىلەن:** ئالماقنىڭ بەرمىكى بار. چىقماقنىڭ چۈشمىكى بار. ئۇرۇشنىڭ زىيىنىنى مۆلچەرلىگىلى بولمايدۇ.

8) تەقلىد سۆزلەر جۈملىدە ئېنىقلىغۇچى بولۇپ كېلىدۇ.

**مەسىلەن:** ۋاراڭ-چۇرۇڭ ئاۋازلار ئۇزاققىچە بېسىلمىدى. مەن غۇر-غۇر شامالدا لەگلەك ئۇچۇردۇم.

**4-كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى جۈملىلەرنىڭ ئېنىقلىغۇچىسىنى تېپىڭلار ۋە قايسى سۆز تۈركۈمىگە تەۋە ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىڭلار.

پىلانسىز ئىش ــ قېلىپسىز خىش. ئەتىيازنىڭ ھاۋاسى ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. سېۋەتتىكى ئالمىلار لايغا چۈشۈپ كەتتى. زىرائەتلەر كۈچلۈك بوراننىڭ زەربىسىگە ئۇچرىدى. ئاسماندىكى يۇلتۇزلار تاڭ ئاتقاندا نەگە كېتىدۇ؟ ئۇ تېخى چۈشلۈك تاماق يېمەپتۇ. 18-چېسلا قۇربان ھېيت بولىدۇ. ئۇ بىر خالتا

ئوغۇتنى يۇدۇپ ئۆيىگە ماڭدى. موزايلارنىڭ مۆرەشلىرى تۇغۇلغان يېزامنى ئەسلەتتى.

## 2. تولدۇرغۇچى

جۇملىدە پېئىل ۋە پېئىل بىرىكمىلىرىگە بېقىنىپ، پېئىل ئىپادىلىگەن ھەرىكەتنى ئۆز ئۈستىگە ئالغۇچى شەيئىنى بىلدۈرىدىغان ئەگەشمە بۆلەك تولدۇرغۇچى دەپ ئاتىلىدۇ.

تولدۇرغۇچىنىڭ گىراماتىكىلىق بەلگىسى «نى» بولۇپ، ئۇيغۇر تىلىدىكى ئىسىم ۋە ئىسىم خاراكتېرىدىكى سۆزلەر تولدۇرغۇچى ۋەزىپىسىدە كېلىدۇ. جۇملىدە تۆۋەندىكى سۆز تۈركۈملىرى تولدۇرغۇچى بولۇپ كېلىدۇ.

1) ئىسىملار جۇملىدە تولدۇرغۇچى ۋەزىپىسىدە كېلىدۇ.

**مەسىلەن:** بىز ئوقۇتقۇچىمىزنى ھۆرمەتلەيمىز. مەن موماملىنىڭ ئوتۇنلىرىنى يېرىپ بەردىم.

2) سۈپەتلەر جۇملىدە تولدۇرغۇچى بولۇپ كېلىدۇ.

**مەسىلەن:** ھەرقانداق ئەھۋال ئاستىدا ھەق بىلەن ناھەقنى ئايرىلاشتۇرۇۋەتمەسلىك لازىم.

3) سان جۇملىدە تولدۇرغۇچى بولۇپ كېلىدۇ.

**مەسىلەن:** ئەيسا بىرىنچىلىكنى قولدىن بەرمىدى. سىز ماڭا ماركىدىن تۆتنى ئالغاچ كېلىڭ.

4) سان ـ مىقدار بىرىكمىلىرى جۇملىدە تولدۇرغۇچى بولۇپ كېلىدۇ.

**مەسىلەن:** كۆمۈرنىڭ ئىككى توننىسىنى مەن ئالاي. تېرەكلەرنىڭ تۆت تۈپىنى بۇ يىل كېسەيلى.

5) ئالماشلار جۈملىدە تولدۇرغۇچى بولۇپ كېلىدۇ.

**مەسىلەن:** مەن بۈگۈن سىزنى كۆپ ئىزدەپ كەتتىم. بىز ئۇلارنى ياخشى كۆتىمىز. سەن ئۇنى تونۇمسەن؟

6) تەقلىد سۆزلەر جۈملىدە تولدۇرغۇچى بولۇپ كېلىدۇ.

**مەسىلەن:** تاراق - تۇرۇقنى توختاتساڭلارچۇ؟ ۋاراڭ - چۇرۇڭنى، ئەلۋەتتە، ھېچقايسىمىز خالىمايمىز.

7) سۈپەتداشلار جۈملىدە تولدۇرغۇچى بولۇپ كېلىدۇ.

**مەسىلەن:** يېڭى كەلگەنلەرنى مېھمانخانىغا ئورۇنلاشتۇردۇق. ئۆيگە كەتكەنلەرنى يەنە بىردەم ساقلايلى.

8) ئىسىمداشلار جۈملىدە تولدۇرغۇچى بولۇپ كېلىدۇ.

**مەسىلەن:** ئېرشات پۇتبول ئويناشنى ياخشى كۆرىدۇ. سىز سۇ ئۈزۈشنى بىلەمسىز؟ مەن ھۆسنخەت يېزىشنى مەشىق قىلىۋاتىمەن.

جۈملىدىكى تولدۇرغۇچىلارنىڭ بەزىلىرى بىرلا سۆزدىن تۈزۈلگەن بولىدۇ.

بىرلا سۆزدىن تۈزۈلگەن تولدۇرغۇچى ئاددىي تولدۇرغۇچى دەپ ئاتىلىدۇ. بەزى تولدۇرغۇچىلار سۆز بىرىكمىسى شەكلىدە بولىدۇ.

ئىككىدىن ئارتۇق سۆزنىڭ بىرىكىشىدىن تۈزۈلگەن تولدۇرغۇچى مۇرەككەپ تولدۇرغۇچى دەپ ئاتىلىدۇ.

**مەسىلەن:** سىز خەتنى چىرايلىق يېزىپسىز. (ئاددىي)

ئابدۇنەبىجان ئۇنىڭغا رېمونت قىلىشنى بىلىدۇ. (مۇرەككەپ)

**5 ـ كۆنۈكمە:** ھەر خىل سۆز تۈركۈملىرىدىن بولغان سۆز ۋە

سۆز بىرىكمىلىرىنى تولدۇرغۇچى رولىدا كەلتۈرۈپ ئون جۈملە تۈزۈڭ.

**6-كۆنۈكمە:** تەركىبىدە «نى» قوشۇمچىسى چۈشۈپ قالغان تولدۇرغۇچىلارنى كەلتۈرۈپ ئون جۈملە تۈزۈڭ.

### 3. ھالەت

جۈملىنىڭ خەۋىرىدە ئىپادىلەنگەن ھەرىكەتنىڭ تۈرلۈك بەلگە-ھالەتلىرىنى بىلدۈرىدىغان ئەگەشمە بۆلەك ھالەت دەپ ئاتىلىدۇ.

ھەرىكەتنىڭ تۈرلۈك بەلگە-ھالەتلىرى دىگەندە جۈملىنىڭ خەۋىرىدە ئىپادىلەنگەن ھەرىكەتنىڭ ئورنى، ۋاقتى، ئۇسۇلى، دەرىجىسى، چېكى، سەۋەبى ياكى مەقسىتى، نىشان-يۆنىلىشى قاتارلىقلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ. جۈملىدىكى ھالەتنىڭ گىراماتىكىلىق مەزمۇن دائىرىسى بىر قەدەر كەڭ بولۇپ، ئۇ باش كېلىش، ئىگىلىك كېلىش ۋە چۈشۈم كېلىشتىن باشقا كېلىشلەردە كەلگەن سۆزلەردىن تۈزۈلۈپ، ئۆزى بېقىنغان بۆلەكنى، جۈملىدىن خەۋەرنى يۇقىرىدا ئېيتىلغان تەرەپلەردىن ئېنىقلايدۇ.

جۈملىنىڭ ھالەت بۆلىكى شەكىل جەھەتتىن بەزىدە بىر سۆزدىن تۈزۈلگەن بولىدۇ، بەزىدە سۆز بىرىكمىسى شەكلىدە بولىدۇ.

**مەسىلەن:** مەن ئاتا-ئانامنى <u>كۆرگىلى</u> بارىمەن. بىز سىلەر بىلەن <u>دوست بولۇش ئۈچۈن</u> كەلدۇق. ئۇلارنىڭ

ھەممىسى ئۈرۈمچىدىن كەپتۇ. بىز ئەھۋالنى تېزدىن ياخشىلاشقا تىرىشىمىز.

1) رەۋىشلەر جۈملىدە ھالەت ۋەزىپىسىدە كېلىدۇ.

**مەسىلەن:** ماشىنا ئاستا-ئاستا قوزغالدى. مەن ئۇنىڭ ئالدىدا ماڭدىم. مەريەم دەرھال قايتىپ كەلسۇن.

2) رەۋىشداشلار جۈملىدە ھالەت ۋەزىپىسىدە كېلىدۇ.

**مەسىلەن:** ئۆزلىرى ئولتۇرۇپ سۆزلىسىلە. بىز پاراڭلاشقاچ ماڭدۇق.

3) سۈپەتلەر جۈملىدە ھالەت ۋەزىپىسىدە كېلىدۇ.

**مەسىلەن:** بىز رەتلىك كىيىنىشىمىز كېرەك. سىز بۇ گەپنى ياخشىراق ئويلىنىپ بېقىڭ.

4) سۈپەتداشلار جۈملىدە ھالەت ۋەزىپىسىدە كېلىدۇ.

**مەسىلەن:** ئۇلار يامغۇر يېغىۋاتقاندا كەلدى.

5) ئىسىملار جۈملىدە ھالەت ۋەزىپىسىدە كېلىدۇ.

**مەسىلەن:** بىز كوچىدىن كەلدۇق. ئۇلار مەكتەپتىن قايتىپ كەلدى. ئەنۋەر ئاقسۇ پېداگوگىكا مەكتىپىدە ئىشلەيدۇ.

6) ئىسىمداشلار ھالەت ۋەزىپىسىدە كېلىدۇ.

**مەسىلەن:** مەھەللىمىزدىن بەشەيلەن ئۆگىنىشكە قاتناشتى. جەڭچىلەر ئۇرۇشقا ماڭدى.

7) سانلار جۈملىدە ھالەت ۋەزىپىسىدە كېلىدۇ.

**مەسىلەن:** ئابدۇشۈكۈر بوكس مۇسابىقىسىدە بىرىنچىلىككە ئېرىشتى. مېھمانلار ئىككىدىن-ئۈچتىن كېلىشكە باشلىدى.

8) سان-مىقدار بىرىكمىلىرى جۈملىدە ھالەت

ۋەزىپىسىدە كېلىدۇ.

**مەسىلەن:** ئۇ كىشى سىزنى ئىزدەپ ئۈچ قېتىم كەلدى.

مەن گۆشتىن بىر كىلوگىرام ئالىمەن.

پويىز بىر سائەتتە 70 كىلومېتىر ماڭىدۇ.

**7 ـ كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى سۆزلەرنى ھالەت ۋەزىپىسىدە كەلتۈرۈپ جۈملە تۈزۈڭ.

قاتتىق، ئۇرغۇن، سەھەر،زورمۇزور، بىر سائەت، بىرى، يىراقتىن، قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، ۋارقىراپ، سۆزلەشكىلى.

ئۇيغۇر تىلىدىكى ھالەتلەر ئىپادىلىگەن مەزمۇن دائىرىسىگە قاراپ تۆۋەندىكى تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ:

**(1) سۈپەت ھالىتى**

سۈپەت ھالىتى جۈملىدىكى ھەرىكەتنىڭ ئورۇندىلىش ئۇسۇلى ۋە دەرىجىسى جەھەتتىكى ھالەتلەرنى بىلدۈرىدۇ. سۈپەت ھالىتى سۈپەت سۆزلىرى، دەرىجە رەۋىشلىرى ۋە ھالەت رەۋىشلىرى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ.

سۈپەت ھالەت رولىدا كەلگەندە، شەيئىنىڭ بەلگىسىنى بىلدۈرمەي ھەرىكەتنىڭ بەلگىسىنى بىلدۈرىدۇ. دەرىجە رەۋىشلىرى ھالەت رولىدا كەلگەندە، بەلگىنىڭ دەرىجە جەھەتتىكى پەرقىنى بىلدۈرىدۇ ياكى سۈپەتنىڭ مەنىسىنى كۈچەيتىدۇ.

**مەسىلەن:** غالىپ رەسىمنى چىرايلىق سىزىپتۇ. ئۇ دۇتارنى قەۋەتلا ئوبدان چالدى. بوران بەك قاتتىق چىقىۋاتىدۇ.

**8 ـ كۆنۈكمە:** تەركىبىدە سۈپەت ھالىتى بولغان ئون جۈملە تۈزۈڭ.

### (2) ۋاقىت ھالىتى

ۋاقىت ھالىتى جۈملىدىكى ھەرىكەتنىڭ ۋاقتىنى بىلدۈرىدۇ. ۋاقىت رەۋىشلىرى ۋە ۋاقىت، پەسىلنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەر ۋاقىت ھالىتى ۋەزىپىسىدە كېلىدۇ.

**مەسىلەن:** مەن بۈگۈن نۆۋەتچىلىك قىلىمەن. پاتىگۈل بايا كېتىپ قالدى. تاجىگۈل چۈشتە دەم ئالمىدى.

**9 ـ كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى سۆزلەردىن پايدىلىنىپ جۈملە تۈزۈڭ.

ھامان، بايا، ئىلگىرى، كۈندۈزدە، گاھىدا، كېلەر يىلى، بەزىدە، كەچقۇرۇن، باھاردا، ھېلى، بۈگۈندىن تارتىپ، ئەمدىلا.

### (3) ئورۇن ھالىتى

ئورۇن ھالىتى جۈملىدىكى ھەرىكەتنىڭ ئورنىنى بىلدۈرىدۇ. ئورۇن رەۋىشلىرى، ئورۇن ـ پەيت كېلىش، چىقىش كېلىش، يۆنىلىش كېلىش بىلەن تۈرلەنگەن ئىسىملار، «ـ غىچە، ـ قىچە، ـ گىچە، ـ كىچە» قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلەنگەن ئورۇن ـ تەرەپ ئىسىملىرى ۋە «ياققا قاراپ، تەرەپكە قاراپ» سۆزلىرى بىلەن قوشۇلۇپ كەلگەن ئورۇن ـ تەرەپ ئىسىملىرى جۈملىدە ئورۇن ھالىتى ۋەزىپىسىدە كېلىدۇ.

**مەسىلەن:** پەستە قوشنىلارنىڭ باللىرى ئويناۋاتقانىكەن.

قىزىل قۇياش شەرقتىن كۆتۈرۈلدى. مەن ئۇنىڭ يېنىدىن نېرى كەتتىم. زۆھرەگۈل ھەدەم تاشقورغاندا ئىشلەيدۇ.

**10-كۆنۈكمە:** تەركىبىدە ھەر خىل شەكىلدىكى ئورۇن ھالىتى بولغان ئون جۈملە تۈزۈڭ.

### (4) سەۋەب ھالىتى

سەۋەب ھالىتى جۈملىدىكى ھەرىكەتنىڭ سەۋەبىنى بىلدۈرىدۇ. ئۇنىڭ شەكىللىرى تۆۋەندىكىچە:

1) «-لىق، -لىك» بىلەن ئاخىرلاشقان ئىسىمداشلار 3-شەخس تەۋەلىك قوشۇمچىسى «ى» بىلەن تۈرلىنىپ يەنە «ئۈچۈن» سۆزى بىلەن بىرىكىش ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ.

**مەسىلەن:** مۇنىرە تىرىشىپ ئوقۇغانلىقى ئۈچۈن ئالىي مەكتەپكە قوبۇل قىلىندى. مۇيەسسەر سىنىپ خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىگەنلىكى ئۈچۈن مۇكاپاتلاندى.

2) «-لىق، -لىك» بىلەن ئاخىرلاشقان ئىسىمداشلارغا يەنە «-دىن، -تىن» قوشۇمچىسىنىڭ قوشۇلۇشى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. **مەسىلەن:** ئۇ ئۆزىگە ئىشەنگەنلىكتىن شۇنداق دەيدۇ. پەرۋىش ياخشى بولغانلىقتىن مول ھوسۇل ئېلىندى.

**11-كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى سۆز ۋە سۆز بىرىكمىلىرىنى سەۋەب ھالىتى قىلىپ جۈملە تۈزۈڭ.

تىرىشمىغانلىقى ئۈچۈن. ياخشىلىغانلىقتىن، چارە تاپالمىغانلىقىمىزدىن، ئۆسكەنلىكتىن، ئۆگەنگەنلىكى ئۈچۈن، ئىشلىمىگەنلىكتىن.

(5) مەقسەت ھالىتى

مەقسەت ھالىتى جۈملىدىكى ھەرىكەتنىڭ مەقسىتىنى بىلدۈرىدۇ. مەقسەت رەۋىشلىرى، «دەپ» شەكلىدە ئاخىرلاشقان رەۋىشداشلار ۋە «ئۈچۈن» تىركەلمىسى قوشۇلۇپ كەلگەن ئىسىمداشلار جۈملىدە مەقسەت ھالىتى بولۇپ كېلىدۇ.

**مەسىلەن:** مەن سىز بىلەن كۆرۈشكىلى كەلدىم. ئۇ چېچىنى ياساتقىلى كېتىپتۇ. بىز سىلەردىن ئۆگىنىش ئۈچۈن كەلدۇق. مەن ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشەي دەپ كېتىۋاتىمەن.

12 ـ **كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى سۆز ۋە سۆز بىرىكمىلىرىنى مەقسەت ھالىتى قىلىپ جۈملە تۈزۈڭ.

خەلق مەنپەئىتى ئۈچۈن، مەسلىھەت بېرەر دەپ، قاتناشقىلى، كەلمەي قالمىسۇن دەپ، سۆزلىشىش ئۈچۈن، ئويناتقىلى.

13 ـ **كۆنۈكمە:** ھالەتنىڭ ھەربىر تۈرى ئۈچۈن ئىككىدىن جۈملە تۈزۈڭ.

## §3. جۈملىنىڭ تەڭداش بۆلەكلىرى

جۈملىدە بىر ـ بىرىگە بېقىنمايدىغان، ئوخشاش سىنتاكسىسلىق ۋەزىپىدە كەلگەن بۆلەكلەر جۈملىنىڭ تەڭداش بۆلەكلىرى دەپ ئاتىلىدۇ.

**مەسىلەن:** مېنى تۇغقانلىرىم، دوستلىرىم ۋە قوشنىلىرىم

ئۆزىتىپ چىقتى.

جۈملىنىڭ تەڭداش بۆلەكلىرى تۆۋەندىكىدەك ئالاھىدىلىككە ئىگە:

1. جۈملىنىڭ تەڭداش بۆلەكلىرى بىر-بىرىگە بېقىنمايدۇ، ئۆز ئارا تەڭ دەرىجىدە باغلىنىپ، ئورتاق ھالدا باشقا بىر بۆلەك بىلەن سىنتاكسىسلىق مۇناسىۋەتتە بولىدۇ ھەم بىر خىللا سوئالغا جاۋاب بولۇپ كېلىدۇ.

2. جۈملىنىڭ تەڭداش بۆلەكلىرى ئېغىزدا ئىنتوناتسىيە، يېزىقتا باغلىغۇچىلار ۋە تىنىش بەلگىلىرى ئارقىلىق باغلىنىدۇ.

3. جۈملىنىڭ تەڭداش بۆلەكلىرىگە قوشۇمچە قوشۇشتا، بەزىدە ھەربىر بۆلەككە ئايرىم-ئايرىم قوشۇلىدۇ، بەزىدە ئەڭ ئاخىرقى بۆلەككىلا قوشۇلىدۇ.

**مەسىلەن:** بىز بۈگۈن زال، يول ۋە مەيداننى تازىلىدۇق. مەن جۇڭگونىڭ چوڭ شەھەرلىرى بولغان بېيجىڭغا، شاڭخەيگە، تيەنجىنگە بارغان.

تەڭداش بۆلەكلەرنىڭ ئورنىنى جۈملە مەزمۇنىغا قاراپ ئالماشتۇرۇشقا بولىدۇ. تىلىمىزدىكى جۈملە بۆلەكلىرىنىڭ ھەممىسى تەڭداش بۆلەك بولۇپ كېلىدۇ.

**14-كۆنۈكمە:** ھەر خىل ۋەزىپىدىكى تەڭداش بۆلەك بولغان بەش جۈملە تۈزۈڭ.

## §4. جۈملىنىڭ كېڭەيگەن بۆلەكلىرى

ئەسلىدە بىر ئاددىي جۈملە بولسىمۇ، لېكىن باشقا بىر ئاددىي جۈملىنىڭ تەركىبىدە كېلىپ، مەلۇم بىر ئەگەشمە بۆلەكلىك ۋەزىپە ئۆتەيدىغان قۇرۇلما (جۈملە شەكلى) كېڭەيگەن بۆلەك دەپ ئاتىلىدۇ.

جۈملىدە كېڭەيگەن بۆلەك بولۇپ كېلىدىغان ئاددىي جۈملە ئەسلىدىكى جۈملىگە خاس خۇسۇسىيىتىنى يوقاتقان بولىدۇ. (ئۇ شۇ جۈملە تەركىبىدە تۇرغاندا ئايرىم جۈملە ھېسابلانمايدۇ) ئۇ خىل قۇرۇلما جۈملىنىڭ مەلۇم بىر ئەگەشمە بۆلىكىنىڭ رولىدا كېلىدۇ.

ئاپتور سۆزىنىڭ تەركىبىدە كەلگەن كۆچۈرمە جۈملىلەر كېڭەيگەن بۆلەك ھېسابلىنىدۇ. كېڭەيگەن بۆلەكلەر ئېنىقلىغۇچى، تولدۇرغۇچى ۋە ھالەت ۋەزىپىسىدە كېلىدۇ.

**مەسىلەن:** ھۇرۇننىڭ ھۇنىرى ئۇيقۇ دېگەندەك ئۇ تېخى ئۇخلاپ يېتىپتۇ. (ئېنىقلىغۇچى)

سۇ كەلگۈچە تۇغان سال دېگەننى مەلۇم بىر ئىشنى قىلىشتىن بۇرۇن پۇختا تەييارلىق قىلىش كېرەك دەپ چۈشىنىمىز. (تولدۇرغۇچى)

غۇنچەم سانىماي سەككىز دېمەڭلار دەپ ھەممىمىزنىڭ ئاغزىنى تۇۋاقلىدى. (ھالەت)

**15 ـ كۆنۈكمە:** تەركىبىدە ھەر خىل ۋەزىپىدىكى كېڭەيگەن بۆلەك كەلگەن ئالتە جۈملە تۈزۈڭ.

## §5. جۈملە بىلەن گىراماتىكىلىق باغلىنىشى يوق سۆز ۋە بىرىكمىلەر

ئۇيغۇر تىلىدىكى جۈملىلەر تەركىبىدە مەلۇم سىنتاكسىسلىق ۋەزىپە ئۆتەپ، بەلگىلىك سوئالغا جاۋاب بولۇپ كېلىدىغان سۆز ۋە بىرىكمىلەردىن باشقا جۈملە بۆلەكلىرى بىلەن گىراماتىكىلىق باغلىنىشى بولمايدىغان، ئۆز ئالدىغا جۈملە بۆلىكى بولالمايدىغان سۆز ۋە بىرىكمىلەرمۇ بولىدۇ. بۇنداق سۆز ۋە بىرىكمىنىڭ بەزىلىرى سۆز شەكلىدە، بەزىلىرى سۆز بىرىكمىسى شەكلىدە، ھەتتا بەزىلىرى جۈملە شەكلىدە ئۇچرايدۇ. ئۇنداق بىرىكمىلەر جۈملىدە ئىپادىلەنگەن پىكىرگە قارىتا سۆزلىگۈچىنىڭ پوزىتسىيەسى، ھېس-تۇيغۇسى، پىكىرنىڭ كىمگە، نېمىگە قارىتىلغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ ياكى جۈملىدىكى مەلۇم بىر بۆلەكنىڭ مەنىسىنى ئىزاھلايدۇ.

جۈملە بۆلەكلىرى بىلەن سىنتاكسىسلىق مۇناسىۋەتتە بولمايدىغان. جۈملە بۆلەكلىرىدىن ئۆزىگە خاس ئىنتوناتسىيە ۋە تىنىش بەلگىلىرى ئارقىلىق ئايرىلىپ تۇرىدىغان تەركىبلەر جۈملە بىلەن گىراماتىكىلىق باغلىنىشى يوق سۆز ۋە بىرىكمىلەر دەپ ئاتىلىدۇ.

جۈملە بىلەن گىراماتىكىلىق باغلىنىشى يوق سۆز ۋە بىرىكمىلەر تۆۋەندىكىدەك خۇسۇسىيەتلىرى بىلەن جۈملە بۆلەكلىرىدىن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ:

1. جۈملە بىلەن گىراماتىكىلىق باغلىنىشى يوق سۆز

ۋە بىرىكمىلەر جۈملىدە بىرەر سىنتاكسىسلىق ۋەزىپە ئۆتىمەيدۇ، ئۇلار جۈملە تەركىبىدىن چىقىرىۋېتىلسىمۇ، جۈملىنىڭ مەنىسى ۋە تۈزۈلۈشىگە ھېچقانداق تەسىر يەتمەيدۇ.

**مەسىلەن:** بىز ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇپ ئۆگىنىمىز، ئەلۋەتتە.

2. جۈملە بىلەن گىرامماتىكىلىق باغلىنىشى يوق سۆز ۋە بىرىكمىلەر ئەدەبىي ئېغىز تىلىدا ئىنتوناتسىيە ئارقىلىق، ئەدەبىي يېزىق تىلىدا تىنىش بەلگىلىرى ئارقىلىق ئۆزى تۇرۇۋاتقان جۈملىدىكى بۆلەكلەردىن ئايرىلىپ تۇرىدۇ.

**مەسىلەن:** دوستۇم، مەن سېنى مەڭگۈ ھۆرمەتلەيمەن.

مېنىڭچە، ئابدۇللانىڭ پىكرى توغرا بولمىدى. بەللى، ئەمدى تازا بەلەن بولدى.

جۈملە بىلەن گىرامماتىكىلىق باغلىنىشى يوق سۆزلەر ئىپادىلىگەن مەنىسىگە ئاساسەن قاراتما سۆز، قىستۇرما سۆز، ئىملىق سۆز ۋە ئىزاھلىغۇچى سۆز دېگەن تۆت تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

## 1. قاراتما سۆز

جۈملىدە ئىپادىلەنگەن پىكىرنىڭ كىمگە، نېمىگە قارىتىلغانلىقىنى كۆرسىتىش ياكى باشقىلارنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلىش ئۈچۈن قوللىنىلىدىغان، جۈملە بىلەن گىرامماتىكىلىق باغلىنىشى يوق سۆز قاراتما سۆز دەپ ئاتىلىدۇ.

قاراتما سۆزلەر تۈزۈلۈش شەكلى جەھەتتىن بەزىدە بىر سۆز شەكلىدە، بەزىدە سۆز بىرىكمىسى شەكلىدە قوللىنىلىدۇ.

ئۇيغۇر تىلىدا ئىسىملار قاراتما سۆز بولۇپ كېلىدۇ.

**مەسىلەن:** ئاسىمگۇل، نەگە ماڭىدىڭىز؟ ساۋاقداشلار، دوسكىغا قاراڭلار. ئىنىم ئابلىز، ياخشى تۇرۇۋاتامسەن؟

قاراتما سۆزلەر كۆپ ھاللاردا جۈملىنىڭ بېشىدا ياكى ئاخىرىدا كېلىدۇ، قىسمەن ھاللاردا جۈملىنىڭ ئوتتۇرىسىدىمۇ كېلىشى مۇمكىن. قاراتما سۆزلەر جۈملىنىڭ بېشىدا كەلسە، قاراتما سۆزدىن كېيىن پەش قويۇلىدۇ. قاراتما سۆزلەر جۈملىنىڭ ئوتتۇرىسىدا كەلسە، قاراتما سۆزنىڭ ئىككى تەرىپىگە پەش قويۇلىدۇ. قاراتما سۆزلەر جۈملىنىڭ ئاخىرىدا كەلسە، قاراتما سۆزدىن بۇرۇن پەش قويۇلىدۇ.

**مەسىلەن:** قىزىم، قاتناش بېكىتىگە قانداق ماڭىدۇ؟

ساڭا ئۇزۇن ئۆمۈر تىلەيمەن، ئانا.

تاللاپ ئال، خېرىدار، دانىسى بىر يۈەن!

**16 ـ كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى جۈملىلەرگە قاراتما سۆز قوشۇپ كۆچۈرۈڭ.

سائىتىڭىز نەچچە بولغاندۇ؟ مەن سېنى بۈگۈن قىلار دەپ ئويلىمىغانىدىم. مەن مەكتەپكە ماڭىدىم. بۈگۈن ئۈرۈمچىگە ئاپتوبۇس قاتنامدۇ؟ ھەممىڭلار قولۇڭلارغا تازىلىق سايمانلىرىنى ئېلىڭلار. ئۆيگە كىرىڭ. تۈنۈگۈن مېنى ئىزدىگەنمىدىڭ؟ سىز دوسكىغا چىقىڭ. مەن سىلەرنىڭ پىكرىڭلارغا قوشۇلمايمەن. بۇنداق قىلساڭ بولمايدۇ.

### 2. قىستۇرما سۆز

جۈملىدە ئىپادىلەنگەن پىكىرگە قارىتا سۆزلىگۈچىنىڭ

پوزىتسىيەسىنى بىلدۈرىدىغان، جۈملە بىلەن گىراماتىكىلىق باغلىنىشى يوق سۆزلەر قىستۇرما سۆز دەپ ئاتىلىدۇ.

قىستۇرما سۆزلەر بەزىدە بىر سۆز شەكلىدە، بەزىدە سۆز بىرىكمىسى شەكلىدە، ئايرىم ئەھۋالدا جۈملە شەكلىدە قوللىنىلىدۇ. قىستۇرما سۆزلەر جۈملىنىڭ بېشىدىمۇ، ئوتتۇرىسىدىمۇ ۋە ئاخىرىدىمۇ كېلىدۇ. قىستۇرما سۆز جۈملىنىڭ بېشىدا كەلسە، قىستۇرما سۆزدىن كېيىن پەش قويۇلىدۇ. قىستۇرما سۆز جۈملىنىڭ ئوتتۇرىدا كەلسە، قىستۇرما سۆزنىڭ ئىككى تەرىپىگە پەش قويۇلىدۇ. قىستۇرما سۆز جۈملىنىڭ ئاخىرىدا كەلسە، قىستۇرما سۆزدىن ئاۋۋال پەش قويۇلىدۇ.

**مەسىلەن:** مېنىڭچە، ئاينۇرنىڭ پىكرى توغرا بولمىدى. ھەرھالدا، ئىشنى پۈتتۈرۈۋالدۇق. سېنى، ئالاھەزەل، بىر سائەت ساقلىدىم. مەنمۇ ئوينىيالايمەن، جۈمۇ. بىز، دەرۋەقە، توغرا قىلماپتۇق.

**ئۇيغۇر تىلىدا تۆۋەندىكىلەر كۆپىنچە قىستۇرما سۆز ياكى قىستۇرما بىرىكمە رولىدا كېلىدۇ:**

ئەمىسە، مەيلى، تېخى، قېنى، ئېھتىمال، ھەرھالدا، جۈمۇ، خۇددى، ھېلى بىكار، زادى، خالاس، ھېلىمۇ، خۇدايىم بۇيرۇسا، مېنىڭچە، خەيرىيەت، ئەلۋەتتە، بەختىمىزگە يارىشا، سۆزسىز، ھېچبولمىغاندا، بەختىمىزگە قارشى، ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، دەرۋەقە، نەزىرىمدە، شۈبھىسىز، بىر تەرەپتىن، يەنە بىر تەرەپتىن، تېگى ـ تەكتىدىن ئالغاندا، بەربىر، شۇنداق قىلىپ، دېگەن بىلەن، نېمىلا قىلغان بىلەن، ئىشقىلىپ، نېمە بولسا بولسۇن، قانداقلا

بولمىسۇن...

**17-كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكىلەرنى قىستۇرما سۆز رولىدا كەلتۈرۈپ جۈملە تۈزۈڭ.

سىزنىڭچە، نېمىلا دېگەن بىلەن، مەن ئىشىنىمەن، بىرىنچىدىن، ئىككىنچىدىن، ئاڭلىشىمچە، ئېھتىمال، بەلكىم.

## 3. ئىملىق سۆز

جۈملىدىكى پىكىرگە قارىتا سۆزلىگۈچىنىڭ تۈرلۈك ھېس-تۇيغۇسىنى بىلدۈرىدىغان، جۈملە بىلەن گىرامماتىكىلىق باغلىنىشى بولمىغان سۆزلەر ئىملىق سۆز دەپ ئاتىلىدۇ.

ئىملىق سۆزلەر بىر سۆز ياكى سۆز بىرىكمىسى شەكلىدە ئىپادىلىنىدۇ. ئىملىق سۆزلەر جۈملىگە خۇشاللىق، ئەجەبلىنىش، زوقلىنىش، ماختاش... تۇيغۇلىرىنى قوشۇپ، پىكىرنىڭ تەسىرچانلىقىنى ئاشۇرىدۇ.

ئىملىق سۆزلەر جۈملىنىڭ بېشىدا كەلسە، ئۇنىڭدىن كېيىن پەش قويۇلىدۇ. ئىملىق سۆزلەر جۈملىنىڭ ئوتتۇرىسىدا كەلسە، ئىملىق سۆزنىڭ ئىككى تەرىپىگە پەش قويۇلىدۇ. ئىملىق سۆزلەر ھاياجانلىق ئاھاڭ بىلەن ئېيتىلسا، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۈندەش بەلگىسى قويۇلىدۇ.

**مەسىلەن:** ئەستا، ئۇنىڭ مۇشۇ ۋاقىتچە كەلمىگىنىنى. ئاپلا، يەنە ئۇنتۇپ قاپتىمەن. بۈگۈن، ئەلۋەتتە، سىلەرنىڭ ئۆيگە بارىمەن. مېنىڭ نەسىھەتلىرىمنى ئەستە چىڭ تۇت،

جۇمۇ. بالام. تۇۋا. قىپقىزىل ساراڭكەنغۇ بۇ!

**18 ـ كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان جۈملە تۈزۈڭ.

خەپ، يائاللا، ئىسىت، ۋايىيەي، ھىم، ۋىيەي، ياپىر، ئەستا.

### 4. ئىزاھلىغۇچى سۆز

جۈملىدىكى مەلۇم بىر بۆلەكنىڭ مەنىسىنى ئىزاھلاش ـ روشەنلەشتۈرۈش رولىدا كېلىدىغان، جۈملە بىلەن گىرامماتىكىلىق باغلىنىشى بولمىغان سۆز ئىزاھلىغۇچى سۆز دەپ ئاتىلىدۇ.

ئىزاھلىغۇچى سۆز جۈملە بۆلەكلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئىزاھلايدۇ. ئىزاھلىغۇچى سۆز جۈملىدە ئىزاھلانغۇچى سۆزدىن كېيىن كېلىدۇ. ئىزاھلىغۇچى سۆز ئەدەبىي ئېغىز تىلىدا باشقا بۆلەكلەردىن ئىنتوناتسىيە ئارقىلىق پەرقلىنىدۇ، ئەدەبىي يېزىق تىلىدا تىرناق ئىچىگە ئېلىنىدۇ ياكى سىزىق ئارقىلىق ئايرىلىدۇ.

**مەسىلەن:** ۋەتىنىمىزنىڭ پايتەختى (بېيجىڭ) ناھايىتى گۈزەل شەھەر ئىكەن. (ئىگىنى ئىزاھلىدى)

بوران ئاپىتى تۈپەيلىدىن زىرائەتلەر زىيانغا ئۇچرىدى ــ قۇم بېسىپ كەتتى. (خەۋەرنى ئىزاھلىدى)

**19 ـ كۆنۈكمە:** تەركىبىدە ئىزاھلىغۇچى بولغان ئون جۈملە تۈزۈڭلار، ھەر خىل بۆلەكلەرنىڭ ئىزاھلىنىشىغا دىققەت قىلىڭلار.

## ئون ئالتىنچى باب ئاددىي جۈملىنىڭ تۈزۈلۈشىگە ئاساسەن بۆلۈنۈشى

ئۇيغۇر تىلىدىكى ئاددىي جۈملىلەر باش بۆلەكلەردىنلا تۈزۈلگەنلىكى ياكى باش بۆلەكلەر بىلەن ئەگەشمە بۆلەكلەر ئارىلىشىپ تۈزۈلگەنلىكىگە ئاساسەن يىغىق ئاددىي جۈملە ۋە يېيىق ئاددىي جۈملە دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ؛ ئىگىسى بار ياكى يوقلۇقىغا ئاساسەن ئىگىلىك ئاددىي جۈملە ۋە ئىگىسىز ئاددىي جۈملە دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ؛ جۈملىگە مۇناسىۋەتلىك بۆلەكلەرنىڭ تولۇق ئېيتىلغان ياكى ئېيتىلمىغانلىقىغا ئاساسەن تولۇق ئاددىي جۈملە ۋە تولۇقسىز ئاددىي جۈملە دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

### §1. يىغىق ئاددىي جۈملە

باش بۆلەكلەردىنلا تۈزۈلگەن ئاددىي جۈملە يىغىق ئاددىي جۈملە دەپ ئاتىلىدۇ.

**مەسىلەن:** ۋاقىت توشتى. يامغۇر ياغدى. قوڭغۇراق چېلىندى. بىلىم ــ كۈچ. تىل ــ ئاچقۇچ.

## §2. يېيىق ئاددىي جۈملە

تەركىبىدە باش بۆلەكمۇ، ئەگەشمە بۆلەكمۇ بولغان ئاددىي جۈملە يېيىق ئاددىي جۈملە دەپ ئاتىلىدۇ.

**مەسىلەن:** بوران گۈركىرەپ چىقىۋاتىدۇ. بىز ئىشىمىزنى تۈگەتتۇق. ئۇلار بۈگۈن دەم ئالدى. بىزنىڭ مۇئەللىم دەرسنى ياخشى سۆزلەيدۇ. ئابدۇرازاق مۇسابىقىدە بىرىنچى بولدى.

ئۇيغۇر تىلىدىكى بەزى يېيىق ئاددىي جۈملىلەردە ئەگەشمە بۆلەكلەردىن بىرىلا بولۇشى مۇمكىن، بەزىلىرىدە ئىككىسى بولۇشى مۇمكىن؛ بەزى يېيىق ئاددىي جۈملىلەردە باش بۆلەك ۋە ئەگەشمە بۆلەكلەرنىڭ ھەممىسى تولۇق بولۇشى مۇمكىن.

**مەسىلەن:** دادام قوينى سويدى. (ئىگە — تولدۇرغۇچى — خەۋەر)

مېنىڭ دادام قوينى سويدى. (ئېنىقلىغۇچى — ئىگە — تولدۇرغۇچى — خەۋەر)

**1-كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى يېيىق ئاددىي جۈملىلەرنىڭ ئەگەشمە بۆلەكلىرىنى ئېلىپ تاشلاپ، يىغىق جۈملىگە ئۆزگەرتىڭلار.

ئۇزاق قىش ئۆتۈپ كەتتى. يېقىملىق باھار پەسلى يېتىپ كەلدى. قۇياش يەر-جاھاننى ئىسسىتىشقا باشلىدى. ئەتراپ يېشىللىققا پۈركەندى. قۇرت-قوڭغۇزلار ئۇيقۇسىدىن ئويغاندى. قۇشلارنىڭ يېقىملىق سايرىغان ئاۋازلىرى ئاڭلاندى. ئېتىزلاردا ئىش قىزىپ كەتتى. دېھقانلارنىڭ

ئەمگەك ناخشىلىرى ئاڭلاندى.

**2-كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى يىغىق ئاددىي جۈملىلەرگە ئەگەشمە بۆلەك قوشۇپ، يېيىق جۈملىگە ئايلاندۇرۇڭلار.

تەتىل توشتى. ئوقۇش باشلاندى. قۇياش كۆتۈرۈلدى. مەن قايتتىم. قۇشلار سايرىدى. يامغۇر ياغماقتا. گۈللەر ئېچىلدى.

## §3. ئىگىلىك ئاددىي جۈملە

ئىگىسى بار ياكى ئىگىسى ئېنىق ئېيتىلمىسىمۇ، خەۋىرىدىن ئىپادىلىنىپ تۇرىدىغان ئاددىي جۈملە ئىگىلىك ئاددىي جۈملە دەپ ئاتىلىدۇ.

**مەسىلەن:** تىل كىشىلەرنىڭ ھايۋانات دۇنياسىدىن ئايرىلىپ چىقىشىغا ياردەم بەرگەن كۈچلەرنىڭ بىرىدۇر. خەنزۇ تىلىنى ياخشى ئۆگىنىڭ. ئانا تىلىمىزنى قەدىرلىشىمىز لازىم. ئۆزىڭىز ياخشى ئويلىنىڭ.

ئىگە تۆۋەندىكىدەك ئەھۋالدا يوشۇرۇن ئىپادىلىنىدۇ:

1) ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىك بىر قانچە ئاددىي جۈملە قاتار كەلگەندە، ئىگە باشتىكى ئاددىي جۈملىدە ئېنىق ئېيتىلىپ، كېيىنكى ئاددىي جۈملىلەردە ئېيتىلمايدۇ.

**مەسىلەن:** ئوپال مەھمۇد كاشغەرىنىڭ ئانا يۇرتى، شانلىق تارىخنىڭ گۇۋاھچىسى، مەڭگۈ قەدىرلىنىدىغان مۇقەددەس دىياردۇر.

2) ئىگىسى خەۋەردىكى تەۋەلىك قوشۇمچىسىدىن

ئىپادىلىنىپ تۇرىدىغان جۈملىلەردە ئىگە ئېنىق ئېيتىلمايدۇ.

**مەسىلەن:** ئۇنى ئىشلەتتۇق. ياخشى ئاسىرىمىدۇق. تەتىلدە مومامنىڭ ئۆيىدە تۇردۇم.

## §4. ئىگىسىز ئاددىي جۈملە

گىراماتىكىلىق ئىگىسى يوق ئاددىي جۈملە ئىگىسىز ئاددىي جۈملە دەپ ئاتىلىدۇ.

**مەسىلەن:** ئۇنىڭ گېپىنى چۈشەنگىلى بولمىدى. بۇ مەسىلىنى قايتا مۇزاكىرە قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

**3 ـ كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكىلەردىن ئىگىسى ئېنىق جۈملىلەرنى ئايرىم، يوشۇرۇن جۈملىلەرنى ئايرىم كۆچۈرۈڭ.

ئوقۇغۇچىلار ئىمتىھانغا تەييارلىنىۋاتىدۇ. دەرسكە كېچىكمەڭلار. مەيداننى پاكىز تازىلاپتۇ. بىز بىللە ئولتۇرۇپ مۇڭداشتۇق. مېھمىنى قوغداش كېرەك. كوچەت تىكىشكە قاچان چىقىسىلەر؟ پات ـ پات كېلىپ تۇرۇڭلار. بۇ كىشىنى تونۇيدىغانسىز؟ مەن يەنە كېلىمەن.

**4 ـ كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكىلەر ئىچىدىن ئىگىسىز جۈملىلەرنى تېپىپ چىقىڭلار.

سىزنىڭ پىكرىڭىزگە قوشۇلۇشقا بولىدۇ. ئەتە دەم ئېلىش كۈنى. قاچان كۆرۈشسەك بولار؟ ئالىمجانغا مەكتەپتىن چېكىنىشكە توغرا كەلدى. ئۇنىڭ ئۆزى بىلەن كۆرۈشۈش كېرەك. ئۇنىڭغا كۆپرەك تەربىيە بېرىش لازىم. ياتاققا دەرھال

بېرىپ كەلسەڭ. بۇ ئىشنى قايتا مۇزاكىرە قىلىشقا توغرا كەلدى.

### §5. تولۇق ئاددىي جۈملە

شۇ جۈملىگە مۇناسىۋەتلىك بۆلەكلىرى تولۇق ئىپتىلىغان ئاددىي جۈملە تولۇق ئاددىي جۈملە دەپ ئاتىلىدۇ.

**مەسىلەن:** ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ئەپەندى1995 ـ يىل 25 ـ ئۆكتەبىردە ئالەمدىن ئۆتتى. قانۇن ئالدىدا ھەممە ئادەم باراۋەر بولۇشى كېرەك.

### §6. تولۇقسىز ئاددىي جۈملە

شۇ جۈملىدە مۇناسىۋەتلىك بۆلەكلىرى تولۇق ئىپتىلىمىغان ئاددىي جۈملە تولۇقسىز ئاددىي جۈملە دەپ ئاتىلىدۇ.

تولۇقسىز ئاددىي جۈملىلەر بەدىئىي ئەسەرلەردە، ئېغىز تىلى ۋە يېزىق تىلىمىزدىكى دىيالوگلاردا كۆپ قوللىنىلىدۇ.

**مەسىلەن:**

ــ ئەتە ئۆيگە بارامسىز؟

ــ بارمايمەن.

**5 ـ كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى قېلىپ بويىچە ئىككىدىن جۈملە تۈزۈڭ.

1) ئىنىقلىغۇچى ــ ئىگە ــ تولدۇرغۇچى ــ ھالەت ــ

خەۋەر
2) ئىگە ــ تولدۇرغۇچى ــ خەۋەر
3) ئېنىقلىغۇچى ــ ئىگە ــ ھالەت ــ خەۋەر

**6 ـ كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى تولۇقسىز جۈملىلەرنى تولۇق جۈملىگە ئۆزگەرتىڭلار.
ــ ئېتىڭىز نېمە؟
ــ ئابلىز.
ــ نەدىن كەلدىڭىز؟
ــ خوتەندىن.
ــ بۇ يەردە ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىڭىز بارمۇ؟
ــ يوق.

**7 ـ كۆنۈكمە:** ئۆزۈڭلار بىر پارچە دىيالوگ يېزىڭلار. ئۇنىڭ تەركىبىدە ھەم تولۇق، ھەم تولۇقسىز جۈملىلەر بولسۇن.

## ئون يەتتىنچى باب مۇرەككەپ جۈملە ھەققىدە ئومۇمىي چۈشەنچە

بىز پىكىرلىرىمىزنى ئاددىي جۈملە شەكلى ئارقىلىقمۇ ئىپادىلەيمىز. ئىككى ياكى ئۈنىڭدىن ئارتۇق ئاددىي جۈملىدىن تەركىب تاپقان مۇرەككەپ جۈملىلەر ئارقىلىقمۇ بىر قەدەر كەڭ مەنىدىكى مۇرەككەپ پىكىرلەرنى ئىپادىلەيمىز. بىر جۈملىنىڭ ئاددىي جۈملە ياكى مۇرەككەپ جۈملە ئىكەنلىكى ئۈنىڭدا ئىپادىلەنگەن پىكىرنىڭ بىر ياكى بىردىن ئارتۇق ئىكەنلىكىگە قاراپ پەرقلەندۈرۈلىدۇ.

مەنە جەھەتتىن باغلىنىشلىق بولغان ئىككى ياكى ئۈنىڭدىن ئارتۇق ئاددىي جۈملىنىڭ مەلۇم سىنتاكسىسلىق مۇناسىۋەتتە بىرىكىشىدىن تۈزۈلۈپ، مۇرەككەپ پىكىرنى ئىپادىلەيدىغان جۈملە مۇرەككەپ جۈملە دەپ ئاتىلىدۇ.

مۇرەككەپ جۈملە مەنە ۋە ئىنتوناتسىيە جەھەتتىن بىر پۈتۈنلۈككە ئىگە ئەڭ چوڭ تىل بىرلىكى بولۇپ، ئۇ سىنتاكسىسنىڭ ئەڭ مۇھىم تەتقىقات ئوبيېكتى ھېسابلىنىدۇ. مۇرەككەپ جۈملىلەر مەزمۇن جەھەتتىن مۇناسىۋەتلىك بولغان ئىككى ياكى ئۈنىڭدىن ئارتۇق ئاددىي جۈملىنىڭ بىرىكىشىدىن تۈزۈلىدۇ.

**مەسىلەن:** يامغۇر توختىدى، بۇلۇتلار ئاستا ـ ئاستا تارقىدى: غۇر ـ غۇر شامال چىقتى، يوللار قۇرۇشقا باشلىدى.

مۇرەككەپ جۈملىلەر تۆۋەندىكىدەك ئالاھىدىلىككە ئىگە بولىدۇ:

1. مۇرەككەپ جۈملىلەر ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق ئاددىي جۈملىنىڭ مەنتىقىگە ئۇيغۇن ھالدا بىرىكىشىدىن تۈزۈلۈپ، مۇرەككەپ پىكىرنى ئىپادىلەيدۇ.

2. مۇرەككەپ جۈملە تەركىبىدىكى ئاددىي جۈملىلەر مەزمۇن جەھەتتىن ئۆزئارا زىچ باغلىنىشلىق بولىدۇ.

3. مۇرەككەپ جۈملە تەركىبىدىكى ئاددىي جۈملىلەر ئېغىز تىلىدا ئىنتوناتسىيە ئارقىلىق، يېزىقتا تىنىش بەلگىلىرى ئارقىلىق بىر ـ بىرىدىن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ.

4. مۇرەككەپ جۈملە تەركىبىدىكى ئاددىي جۈملىلەرنىڭ ئۆز ئالدىغا ئايرىم ئىگىسى بولۇشىمۇ مۇمكىن ياكى بىر ئىگە بىر قانچە ئاددىي جۈملىگە ئورتاق بولۇشىمۇ مۇمكىن.

5. بەزى مۇرەككەپ جۈملىلەر ئاددىي جۈملىلەرنىڭ تەڭداشلىق مۇناسىۋەتتە باغلىنىپ كېلىشى ئارقىلىق تۈزۈلىدۇ، بەزى مۇرەككەپ جۈملىلەر ئاددىي جۈملىلەرنىڭ بېقىندىلىق مۇناسىۋەتتە باغلىنىپ كېلىشى ئارقىلىق تۈزۈلىدۇ: يەنە بەزى مۇرەككەپ جۈملىلەر ئاددىي جۈملىلەرنىڭ تەڭداشلىق ھەم بېقىندىلىق مۇناسىۋەتتە (ئىككى خىل مۇناسىۋەتتە) باغلىنىپ كېلىشىدىن تۈزۈلىدۇ.

**مەسىلەن:** يېڭى ئۆي پۈتتى، بىز يېڭى ئۆيگە كۆچتۇق.

ھەممىمىزگە مەلۇمكى، دۇنيانى ئەمگەك ياراتقان.

قانۇن بولمىسا، تەرتىپ بۇزۇلىدۇ، جەمئىيەت قالايمىقانلىشىدۇ.

ئۇيغۇر تىلىدىكى مۇرەككەپ جۈملە تەركىبىدىكى تارماق جۈملىلەرنىڭ قانداق مۇناسىۋەتتە باغلانغانلىقى ئۆلچەم قىلىنىپ تۆرگە بۆلۈنىدۇ. ئاشۇ ئۆلچەم بويىچە تىلىمىزدىكى مۇرەككەپ جۈملىلەر تەڭداش مۇرەككەپ جۈملە، بېقىندىلىق مۇرەككەپ جۈملە ۋە ئارىلاش مۇرەككەپ جۈملە دېگەن ئۈچ تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

## §1. تەڭداش مۇرەككەپ جۈملە

ئاددىي جۈملىلەرنىڭ تەڭداشلىق مۇناسىۋەتتە باغلىنىشىدىن تۈزۈلگەن مۇرەككەپ جۈملە تەڭداش مۇرەككەپ جۈملە دەپ ئاتىلىدۇ.

تەڭداش مۇرەككەپ جۈملىلەر تۆۋەندىكىدەك ئالاھىدىلىككە ئىگە:

1. تەڭداش مۇرەككەپ جۈملىلەر تەركىبىدىكى ئاددىي جۈملىلەر بىر-بىرىگە بېقىنمايدۇ، مەنە ۋە تۈزۈلۈش جەھەتتە مۇستەقىللىقىنى ساقلايدۇ. (زۆرۈر تېپىلغاندا، ئايرىپ قوللىنىشقىمۇ بولىدۇ)

2. تەڭداش مۇرەككەپ جۈملە تەركىبىدىكى ئاددىي جۈملىلەر ئېغىز تىلىدا ئىنتوناتسىيە ئارقىلىق، يېزىقتا باغلىغۇچىلار ۋە تىنىش بەلگىلىرى ئارقىلىق ئۆزئارا باغلىنىپ كېلىدۇ.

تەڭداش مۇرەككەپ جۈملە ئۆز تەركىبىدىكى ئاددىي جۈملىلەرنىڭ باغلىنىش شەكلىگە ئاساسەن تۆۋەندىكى ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ:

**1. باغلىغۇچىلار ئارقىلىق باغلانغان تەڭداش مۇرەككەپ جۈملە**

تەركىبىدىكى ئاددىي جۈملىلەر باغلىغۇچىلار ئارقىلىق باغلىنىپ كەلگەن مۇرەككەپ جۈملە باغلىغۇچى ئارقىلىق باغلانغان تەڭداش مۇرەككەپ جۈملە دەپ ئاتىلىدۇ.

**مەسىلەن:** ئۇ تىرىشىپ ئۆگىنىدۇ ۋە بەدەن چېنىقتۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىدۇ.

بەزىلەر ئۆزى باشقىلارغا ياردەم قىلمايدۇ، ئەكسىچە باشقىلارغا ياردەم قىلغانلارنى مەسخىرە قىلىدۇ.

**1-كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى باغلىغۇچىلاردىن پايدىلىنىپ، باغلىغۇچى ئارقىلىق باغلانغان ئالتە تەڭداش مۇرەككەپ مۇرەككەپ جۈملە تۈزۈڭ.

ۋە، ھەمدە، بىراق، ئەكسىچە، بولۇپمۇ، شۇڭلاشقا، چۈنكى، شۇنداقلا، ياكى، ۋاھالەنكى، ئۇ، يۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە.

**2. باغلىغۇچىسىز باغلانغان تەڭداش مۇرەككەپ جۈملە**

تەركىبىدىكى ئاددىي جۈملىلەر باغلىغۇچىسىز (مەزمۇن ۋە ئورۇن تەرتىپى بويىچىلا) باغلانغان مۇرەككەپ جۈملىلەر باغلىغۇچىسىز باغلانغان تەڭداش مۇرەككەپ جۈملە دەپ ئاتىلىدۇ.

باغلىغۇچىسىز باغلانغان تەڭداش مۇرەككەپ جۈملىلەر تۆۋەندىكىلەرنى بىلدۈرىدۇ:

1) ئىش ۋە ھەرىكەتنىڭ بىر مەزگىلدە بولۇۋاتقانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**مەسىلەن:** مەن ماقالە يېزىۋاتىمەن، مۇنىرە رەسىم سىزىۋاتىدۇ.

2) ئىش ۋە ھەرىكەتنىڭ بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى بولغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**مەسىلەن:** قوڭغۇراق چېلىندى، ئوقۇتقۇچى سىنىپقا كىردى، دەرس باشلاندى.

3) قارىمۇقارشى مەنىدىكى ۋە بولۇشلۇق-بولۇشسىزلىق مەنىسىدىكى ئىش-ھەرىكەتنى بىلدۈرىدۇ.

**مەسىلەن:** ئاسماننى بۇلۇت قاپلىدى، يامغۇر ياغمىدى.

**2-كۆنۈكمە:** باغلىغۇچىسىز باغلانغان تەڭداش مۇرەككەپ جۈملە شەكلىدىكى ماقال-تەمسىلدىن ئوننى تېپىپ كېلىڭلار.

## §2. بېقىندىلىق مۇرەككەپ جۈملە

تىلىمىزدىكى مۇرەككەپ جۈملىلەرنىڭ يەنە بىر تۈرى بېقىندىلىق مۇرەككەپ جۈملە بولۇپ، بۇ تۈردىكى جۈملىنىڭ مەنىسى، تۈزۈلۈشى تەڭداش مۇرەككەپ جۈملىلەرگە نىسبەتەن مۇرەككەپرەك بولىدۇ.

تەركىبىدىكى ئاددىي جۈملىلەر بېقىنىش ۋە بېقىندۇرۇش مۇناسىۋىتىدە ئۆزئارا باغلىنىپ كەلگەن مۇرەككەپ جۈملە بېقىندىلىق مۇرەككەپ جۈملە دەپ ئاتىلىدۇ.

بېقىندىلىق مۇرەككەپ جۈملە بېقىندۇرغۇچى تارماق جۈملە ۋە بېقىنغۇچى تارماق جۈملىدىن ئىبارەت ئىككى خىل تەركىبتىن تۈزۈلىدۇ.

بېقىندىلىق مۇرەككەپ جۈملە تەركىبىدىكى مەلۇم تارماق جۈملە باشقا بىر تارماق جۈملىنى ئۆزىگە بېقىندۇرۇپ كېلىدۇ ۋە شۇ مۇرەككەپ جۈملىنىڭ تۈزۈلۈشىدە ئاساسلىق ئورۇندا تۇرىدۇ.

بېقىندىلىق مۇرەككەپ جۈملە تەركىبىدىكى ئىككىنچى بىر ئاددىي جۈملىنى ئۆزىگە بېقىندۇرۇپ كەلگەن جۈملە باش جۈملە دەپ ئاتىلىدۇ.

**مەسىلەن:** مەكتەپ تەربىيەسى بىلەن ئائىلە تەربىيەسى بىرلەشتۈرۈلسە، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەترابلىق يېتىلىشى ئۈچۈن پايدىلىق بولىدۇ. (ئاستى سىزىلغىنى باش جۈملە)

بېقىندىلىق مۇرەككەپ جۈملىدىكى باش جۈملىگە بېقىنىپ كەلگەن جۈملە بېقىندى جۈملە دەپ ئاتىلىدۇ.

**مەسىلەن:** مەن ساڭا شۇنى دەپ قويايكى، ئەمدى ھەرگىز يۈز-خاتىر قىلمايمەن. (ئاستى سىزىلغىنى بېقىندى جۈملە)

بېقىندىلىق مۇرەككەپ جۈملە تەركىبىدىكى تارماق جۈملىلەرنىڭ ئورنى مۇقىم بولمايدۇ. كۆپ ھاللاردا بېقىندى جۈملە ئاۋۋال، باش جۈملە كېيىن كېلىدۇ.

**مەسىلەن:** زىرائەتلەر دان سۈيىگە قانمىسا (بېقىندى جۈملە)، هوسۇل يۇقىرى بولمايدۇ (باش جۈملە).

بېقىندىلىق مۇرەككەپ جۈملە تەركىبىدىكى تارماق جۈملىلەر «كى، سەۋەبى، چۈنكى» قاتارلىق باغلىغۇچىلار بىلەن باغلىنىپ كەلگەندە، باش جۈملە ئاۋۋال، بېقىندى جۈملە كېيىن كېلىدۇ.

ئۇيغۇر تىلىدىكى بېقىندىلىق مۇرەككەپ جۈملىلەر تۆۋەندىكىدەك تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ:

## 1. قوشۇمچىنىڭ ۋاستىسى بىلەن باغلانغان بېقىندىلىق مۇرەككەپ جۈملە

بۇ خىل مۇرەككەپ جۈملە تەركىبىدىكى جۈملىلەر پېئىللارنىڭ شەرت رايى قوشۇمچىلىرى ۋە بىر قىسىم رەۋىشداش قوشۇمچىلىرىنىڭ ۋاستىسى بىلەن ئۆزئارا باغلىنىپ كېلىدۇ. بېقىندى جۈملىسى ئاۋۋال، باش جۈملىسى كېيىن كېلىدۇ.

**مەسىلەن:** سەركە هوشيار بولسا، پادا ئاداشمايدۇ.

خوتەن ئاسمىنىنى تۇمان قاپلاپ كېتىپ، ئايروپىلان ئۇچالمىدى.

## 2. «كى» باغلىغۇچىسى ئارقىلىق باغلىنىپ كەلگەن بېقىندىلىق مۇرەككەپ جۈملە

بۇ خىل مۇرەككەپ جۈملە تەركىبىدىكى ئاددىي جۈملىلەر «كى» باغلىغۇچىنىڭ ۋاستىسى بىلەن ئۆزئارا باغلىنىدۇ، بېقىنىش ۋە بېقىندۇرۇش مۇناسىۋىتى مەزمۇن جەھەتتە

ئىپادىلىنىدۇ. باش جۈملە ئاۋۋال، بېقىندى جۈملە ئاخىرىدا كېلىدۇ. بېقىندى جۈملە تۈزۈلۈش جەھەتتە پىكىر تولۇق ئاياغلاشقان شەكىلدە بولىدۇ.

**مەسىلەن:** مەن ئۇ كىشىنى شۇنىڭ ئۈچۈن ھۆرمەتلەيمەنكى، ئۇ مېنىڭ مەنىۋى يۆلەنچۈكۈم.

### 3. قوشۇمچە، ياردەمچى پېئىل، يۈكلىمە ۋە باغلىغۇچى ئارقىلىق باغلانغان بېقىندىلىق مۇرەككەپ جۈملە

يۇرتىمىزدا توك بولسا ئىدى، ئىشلىرىمىز بۇنچە قېيىنلىشىپ كەتمىگەن بولاتتى. يامغۇر يېغىۋاتقان بولسىمۇ، بىز يولىمىزنى داۋاملاشتۇرۇۋەردۇق. سىز ياردەملەشمىسىڭىزمۇ، ئۆزۈم تۈگىتەلەيمەن.

تىل تاۋۇشلىرى بىلەن ھەرپلەرنىڭ مۇناسىۋىتى ناھايىتى زىچ بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار بىرنەرسە ئەمەس.

يۇقىرىقى مىساللار تەركىبىدىكى بېقىندى جۈملىلەر شەرت رايى قوشۇمچىسى، ياردەمچى پېئىل، يۈكلىمە ۋە باغلىغۇچى ئارقىلىق باش جۈملىگە باغلانغان.

**3-كۆنۈكمە:** قوشۇمچە بىلەن باغلانغان بېقىندىلىق مۇرەككەپ جۈملىدىن ئۈچنى؛ قوشۇمچە ۋە ياردەمچى پېئىل بىلەن باغلانغان بېقىندىلىق مۇرەككەپ جۈملىدىن ئىككىنى؛ «كى» بىلەن باغلانغان بېقىندىلىق مۇرەككەپ جۈملىدىن ئۈچنى؛ قوشۇمچە، يۈكلىمە ۋە باغلىغۇچى ئارقىلىق باغلانغان بېقىندىلىق مۇرەككەپ جۈملىدىن ئىككىنى (جەمئىي 10 جۈملە) تۈزۈپ كېلىڭلار. (ئىجادىي بولۇشىغا ئەھمىيەت بېرىڭ)

## §3. ئارىلاش مۇرەككەپ جۈملە

تەركىبىدىكى ئاددىي جۈملىلەر ئۆزئارا تەڭداشلىق ھەم بېقىندىلىق مۇناسىۋەتتە باغلىنىپ كەلگەن مۇرەككەپ جۈملە ئارىلاش مۇرەككەپ جۈملە دەپ ئاتىلىدۇ.

ئارىلاش مۇرەككەپ جۈملىلەر ئىككىدىن ئارتۇق (ئەڭ ئاز بولغاندا ئۈچ) ئاددىي جۈملىنىڭ بىرىكىشىدىن تۈزۈلىدۇ.

**مەسىلەن:** سىلەرنىڭ نۇرغۇن ئارتۇقچىلىقىڭلار بار، كۆرسەتكەن ناھايىتى چوڭ خىزمىتىڭلار بار، لېكىن شۇنى ئېسىڭلاردا چىڭ تۇتۇشۇڭلار لازىمكى، مەغرۇرلىنىشقا بولمايدۇ.

بۇ مىسالدا بىرىنچى ۋە ئىككىنچى ئاددىي جۈملىلەر تەڭداش مۇناسىۋەتتە. ئۈچىنچى ۋە تۆتىنچى ئاددىي جۈملىلەر بېقىندىلىق مۇناسىۋەتتە ئۆزئارا باغلىنىپ، ئارىلاش مۇرەككەپ جۈملە ھاسىل قىلغان.

بىلىملىكلەر ئۆلسىمۇ، نامى تىرىك بولىدۇ؛ بىلىمسىزلەر تىرىك بولسىمۇ، نامى ئۆلۈك بولىدۇ.

بۇ مىسالدا ئىككى بېقىندىلىق مۇرەككەپ جۈملە تەڭداش مۇناسىۋەتتە ئۆزئارا باغلىنىپ، ئارىلاش مۇرەككەپ جۈملە ھاسىل قىلغان.

**4-كۆنۈكمە:** ئارىلاش مۇرەككەپ جۈملىدىن بەشنى تۈزۈڭ.

## §4. كۆچۈرمە جۈملە

ئاپتور ئۆز گېپى ئىچىدە ئەينەن ئىشلەتكەن باشقا كىشىلەرنىڭ گەپلىرى كۆچۈرمە جۈملە دەپ ئاتىلىدۇ.

كۆچۈرمە جۈملىنىڭ شەكلى ۋە ئىشلىتىلىشى تۆۋەندىكىدەك بولىدۇ:

1. بەزىدە كۆچۈرمە جۈملە ئاپتور سۆزىدىن كېيىن كېلىدۇ، بۇنداق ئەھۋالدا ئاپتور سۆزىدىن كېيىن قوش چېكىت قويۇلىدۇ، كۆچۈرمە جۈملە قوش تىرناق ئىچىگە ئېلىنىدۇ.

**مەسىلەن:** نەۋايى مۇنداق دېگەنىدى: «ئىنساننىڭ ئەڭ مۇھىم پەزىلەتلىرىدىن بىرى ــ ئاتا-ئانىنى ھۆرمەت قىلىش.»

2. بەزىدە كۆچۈرمە جۈملە ئاپتور سۆزىدىن بۇرۇن كېلىدۇ، بۇنداق ئەھۋالدا «كېلىپ، دەپ، دېدى، دېگەن» قاتارلىق تەركىبلەر قوش تىرناق يېپىلغاندىن كېيىن كەلسە. بۇ تەركىبلەردىن كېيىن ھېچقانداق تىنىش بەلگىسى قويۇلمايدۇ.

**مەسىلەن:** «ئۇستازلار ۋە چوڭلارنى ھۆرمەتلەش كېرەك» دېيدۇ بىزنىڭ ئوقۇتقۇچىمىز. «ئۇنداق بولسا، ئۇلارنىڭ كونكرېت تەلىپى نېمىكەن؟» دەپ سورىدى مۇدىر.

3. بەزىدە كۆچۈرمە جۈملە ئاپتور سۆزىنىڭ ئوتتۇرىسىدا كېلىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا كۆچۈرمە جۈملىنىڭ ئالدىغا قوش چېكىت قويۇلىدۇ.

**مەسىلەن:** گوركىي: «تىل ــ ئەدەبىياتنىڭ بىرىنچى ئامىلى» دېگەنىدى.

خەلق ئىچىدە: «سوئال – بىلىمنىڭ ئاچقۇچى» دەيدىغان گەپ بار.

4. قىسمەن ئەھۋالدا ئاپتور سۆزى كۆچۈرمە جۈملىنىڭ ئوتتۇرىسىدا كېلىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا كۆچۈرمە جۈملىنىڭ ئۈزۈلگەن جايىدا تىنىش بەلگىلىرى بولسا، كۆچۈرمە جۈملىدىن كېيىن شۇ خىل بەلگە قويۇلۇپ، ئاندىن كېيىن سىزىق قويۇلىدۇ؛ ئاپتور سۆزىدىن كېيىن پەش، سىزىق قويۇلىدۇ.

**مەسىلەن:** «سىز ئۆمۈرنى قەدىرلەمسىز؟– دېگەنىكەن فرانكلىن،– ئۇنداقتا ۋاقىتنى ئىسراپ قىلماڭ.»

ئەگەر كۆچۈرمە جۈملىنىڭ ئۈزۈلگەن جايىدا تىنىش بەلگىلىرى بولمىسا، ئاپتور سۆزى ھەر ئىككى تەرەپتىن پەش ۋە سىزىق ئارقىلىق ئاجرىتىلىدۇ.

**مەسىلەن:** «بۇ جاپانى مەنلا تارتاي،– دېدى ئۇ قولۇمدىن ئىشەكنىڭ چۇلۋۇرىنى ئېلىپ،– سەن ئوقۇغىن، ئوغلۇم.»

1) كۆچۈرمە جۈملىلەر ئاپتور تەرىپىدىن مەزمۇن ۋە شەكىل جەھەتتىن ھېچقانداق ئۆزگەرتىلمەي قوللىنىلىدۇ.

2) كۆچۈرمە جۈملىلەر ئېغىزدا ئىنتوناتسىيە، يېزىقتا مۇناسىپ تىنىش بەلگىلىرى ئارقىلىق ئاپتور سۆزىدىن پەرقلەندۈرۈلىدۇ.

3) ئاپتور سۆزى (جۈملىسى) ئىچىگە كىرگۈزۈلگەن كۆچۈرمە جۈملىلەر مەيلى ئۇ ئاددىي جۈملە بولسۇن ياكى مۇرەككەپ جۈملە بولسۇن، ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى جۈملىلىك سالاھىيىتىنى يوقىتىپ، جۈملىنىڭ مەلۇم بىرلا بۆلىكى (كېڭەيگەن بۆلەك) سۈپىتىدە ۋەزىپە ئۆتەيدۇ.

**5 ـ كۆنۈكمە:** كۆچۈرمە جۈملىلەرنى ھەر خىل ئۇرۇندا كەلتۈرۈپ تۆت جۈملە تۈزۈڭ.

## §5. ئۆزلەشتۈرمە جۈملە

شەكلىنى ئۆزگەرتىپ، مەزمۇنىنى ساقلاپ قېلىش ئاساسىدا قوبۇل قىلىنغان باشقىلارنىڭ گەپ ـ سۆزلىرى ئۆزلەشتۈرمە جۈملە دەپ ئاتىلىدۇ.

ئۆزلەشتۈرمە جۈملىلەردە ئاپتور باشقىلارنىڭ گېپىنى ئۆز گېپى ئىچىگە سىڭدۈرۈپ ئىشلىتىدۇ. يېزىقتا ئۆزلەشتۈرمە جۈملە ئاپتور سۆزىدىن مەلۇم بەلگە ئارقىلىق ئايرىلمايدۇ. ئۇتۇقتا ئاپتور سۆزى بىلەن بىر تۇتاش ئىنتوناتسىيەدە ئېيتىلىدۇ.

**مەسىلەن:** پلاتون: «ئۆزىنىڭ بىلمەيدىغانلىقىنى بىلمەسلىك قوش بىلمەسلىكتۇر» دېگەنىدى (كۆچۈرمە جۈملە)

پلاتون ئۆزىنىڭ بىلمەيدىغانلىقىنى بىلمەسلىكنىڭ قوش بىلمەسلىك بولىدىغانلىقىنى ئېيتقانىكەن. (ئۆزلەشتۈرمە جۈملە)

«ھەقىقەتكە ھۆرمەت قىلىش ئەقىل ـ پاراسەتكە ئېرىشىشنىڭ بىرىنچى قەدىمىدۇر» دېگەنىدى گېرتسىن. (كۆچۈرمە جۈملە)

پەيلاسوپ گېرتسىن ھەقىقەتكە ھۆرمەت قىلىشنىڭ ئەقىل ـ پاراسەتكە ئېرىشىشتىكى بىرىنچى قەدەم ئىكەنلىكىنى كۆرسەتكەنىكەن. (ئۆزلەشتۈرمە جۈملە)

6 ـ كۆنۈكمە: بىلىم توغرىسىدىكى ماقال ـ تەمسىلدىن بەشىنى تېپىڭلار ۋە ئۇنى ئۆزلەشتۈرمە جۈملە شەكلىدە ئىپادىلەڭلار.

## §6. ئۇيغۇر يېزىقىمىزدا قوللىنىلىدىغان تىنىش بەلگىلىرى

1. چېكىت ( . )

(1) خەۋەر جۈملىلەردىن كېيىن چېكىت قويۇلىدۇ.

**مەسىلەن:** بۈگۈن ئەلكۈيى مۇنبىرى ئېچىلىپتۇ.

(2) يېنىك ئېيتىلغان بۇيرۇق جۈملىلەردىن كېيىن چېكىت قويۇلىدۇ.

**مەسىلەن:** ئىملانى توغرىلىغايسىز.

(3) قىسقارتىپ يېزىلغان خاس ئىسىملارنىڭ ئارىسىغا چېكىت قويۇلىدۇ.

**مەسىلەن:** ئا. ئۆتكۈر م. ھوشۇر

(4) ئوي ـ پىكىرنىڭ رەت تەرتىپىنى بىلدۈرىدىغان قاتار سانلاردىن كېيىن چېكىت قويۇلىدۇ.

**مەسىلەن:** مۇنبەر تۈزۈملىرى:

1. ساغلام تېما يوللاش؛
2. ئۆلچەملىك ئىملادا يېزىش؛
3. مەنبەسى ئېنىق بولۇش؛

(5) بەزىدە چۈشەندۈرۈلمەكچى بولغان ئاتالغۇدىن كېيىنمۇ چېكىت قويۇلىدۇ.

**مەسىلەن:** مۇنبەر باشقۇرغۇچىلىرى ئۆزلىرىنىڭ سالاھىيىتى بويىچە مۇنبەر مەسئۇلى، نازارەتچى، باشقۇرغۇچى، سەھىپە باشقۇرغۇچى دەپ تۆت خىلغا بۆلۈنىدۇ.

مۇنبەر مەسئۇلى. مۇنبەرنىڭ قانۇنىي ئىگىسى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

نازارەتچى. مۇنبەرنىڭ بارلىق ئىشلىرىغا نازارەتچىلىك قىلىدۇ.

باشقۇرغۇچى. مۇنبەردىكى بارلىق تېما ۋە سەھىپىلەرنى باشقۇرۇش ھوقۇقى بولىدۇ.

سەھىپە باشقۇرغۇچى. مۇنبەردىكى مەلۇم بىر سەھىپىنى باشقۇرۇش ھوقۇقى بولىدۇ .

**ئەسكەرتىش:** ئەسەر ماۋزۇسىنىڭ ئارقىسىغا چېكىت قويۇلمايدۇ.

## 2. سوئال بەلگىسى(؟)

(1) سوئال جۈملىلەردىن كېيىن سوئال بەلگىسى قويۇلىدۇ.

**مەسىلەن:** سىز مۇنبەرگە قانداق تېما يوللاپ باقتىڭىز؟

ئادەتتە ئىنكاسنى پۈچەك يازامسىز ياكى خېلى جېنى بار يازامسىز؟

بۇ يەردە شۇنىمۇ ئەسكەرتىپ ئۆتۈش كېرەككى، ① بىردىن ئارتۇق سوئال جۈملىلەردىن تەركىب تاپقان مۇرەككەپ جۈملىلەردە، ئەگەر بۇ سوئال جۈملىلەر بىر ـ بىرىگە مۇناسىۋەتلىك بىر ئومۇمىي ئوي ـ پىكىرنى ئىپادىلىسە، سوئال بەلگىسى ئۇلارنىڭ ئەڭ ئاخىرقىسىدىن كېيىن قويۇلىدۇ.

**مەسىلەن:** دېمەكچى بولغىنىمنى تېمامىدىن ئۇققانسىز، ئەمدى قانداق قىلاي دەيسىز، كۆڭلىڭىزدە ئويلىغانلىرىڭىز باردۇ؟

② بىردىن ئارتۇق سوئال جۈملىلەردىن تەركىب تاپقان قوشما جۈملىلەردە، ئەگەر بۇ سوئال جۈملىلەرنىڭ ھەربىرى مەزمۇن جەھەتتىن مۇستەقىل بولسا ياكى بۆلەرنىڭ ھەربىرى ئالاھىدە تەكىتلەپ ئېيتىلسا، مۇنداق جۈملىلەرنىڭ ھەربىرىدىن كېيىن سوئال بەلگىسى قويۇلىدۇ.

**مەسىلەن:** بۇ نېمە قىلىق ئەمدى؟ مۇشۇنداق ئاممىۋى سورۇندىمۇ ئادەم تىللاپ ئىنكاس يازامسىز؟ تېما ئىگىسى كۆرۈپ قالسا قانداق بولىدۇ؟

(2) قايتۇرما سوراق جۈملىلەردىن كېيىن سوئال بەلگىسى قويۇلىدۇ. **مەسىلەن:** ئەجەبا، بۇنداق يازغىنىم خاتامۇ؟

بۇنداق دېسىڭىز قانداق بولىدۇ؟

### 3. ئۈندەش بەلگىسى (!)

(1) ئۈندەش جۈملىلەرنىڭ ئاخىرىغا ئۈندەش بەلگىسى قويۇلىدۇ.

**مەسىلەن:** پاھ-پاھ، بۇ بېزەكلەر ئەجەب چىرايلىقكەن!

(2) كۆتۈرەڭگۈ ياكى قاتتىق ئاھاڭ بىلەن ئېيتىلغان بۇيرۇق جۈملىلەردىن كېيىن ئۈندەش بەلگىسى قويۇلىدۇ. **مەسىلەن:** قولۇڭنى تارت!

(3) شوئارنى بىلدۈرىدىغان جۈملىلەردىن كېيىن ئۈندەش بەلگىسى قويۇلىدۇ.

**مەسىلەن:** مۇنبىرىمىز گۈللەپ ياشنىسۇن!

(4) ھۆكۈم ياكى كېسىم مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان، ئىنتوناتسىيەسى كۈچلۈك بولغان بەزى جۈملىلەردىن كېيىنمۇ ئۈندەش بەلگىسى قويۇلىدۇ.

**مەسىلەن:** مېنى قانداقمۇ سىزگە سېلىشتۇرغىلى بولسۇن!

(5) ھەم ئۈندەش، ھەم سوئال مەنىسىنى ئىپادىلىگەن جۈملىلەردىن كېيىن، ئۈندەش بەلگىسى بىلەن سوئال بەلگىسى تەڭ قويۇلىدۇ. ئەگەر ئۈندەش مەنىسى كۈچلۈكرەك بولسا، ئاۋۋال ئۈندەش، ئاندىن سوئال بەلگىسى قويۇلىدۇ.

**مەسىلەن:** —ئەي يورۇقچاش، يورۇقچاش! سېنى نېمىشقىمۇ قاشتېشى ئاقىدىغان دەريا دەيدىغاندۇ؟! سەندە ئېقىۋاتقىنى قان - يىرىڭ، يۈرەكنىڭ زەرداب سۈيى ئەمەسمۇ!؟

ئەگەر سوئال مەنىسى كۈچلۈكرەك بولسا، ئاۋۋال سوئال، ئاندىن ئۈندەش بەلگىسى قويۇلىدۇ.

**مەسىلەن:** «ياپراقسىز دەرەخ بولمىغاندەكلا،
دەرەخسىز ياپراق تۇغۇلار نەدىن؟!» (ئا. خوجا)

**4. پەش (،)**

(1) جۈملىلەردىكى تەڭداش بۆلەكلەرنى بىر - بىرىدىن ئايرىش ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ئارىسىغا پەش قويۇلىدۇ.

**مەسىلەن:** بۈگۈن شېئىر، رەسىم، تىل ئۆگىنىش، جاھاندىكى ئىشلار سەھىپىلىرىگە ئۆزگىچە تېمىلار يوللاندى.

(2) قوشما جۈملە تەركىبىدىكى ئاددىي جۈملىلەرنىڭ ئارىلىقىغا پەش قويۇلىدۇ.

**مەسىلەن:** ئۇ بىر توردىشىنى ئىزدەپ، مۇنبەرگە تىزىملىتىپتۇ.

(3) جۈملە تەركىبىدىكى قاراتما سۆزدىن كېيىن پەش قويۇلىدۇ.

**مەسىلەن:** كۈنقىز، بۈگۈن مۇنبەرگە كىرىپسىز-دە؟

«خوش ئاتا، مېھرىبانىم،

غەمگۇزارىم، ياخشى قال.» —نۇزۇگۇم قوشاقلىرىدىن

(4) جۈملىدىكى قىستۇرما سۆزلەردىن كېيىن پەش قويۇلىدۇ. **مەسىلەن:** «بەس، دوستۇم، هايات يولى شۇنداقتۇر،

ئۇنچىۋالا ئېچىنىپ بۇزما كۆڭلۈڭنى.» (ئا.خۇجا)

(5) تەركىبىدىكى ئاددىي جۈملىلەر لېكىن، ئەمما، بىراق، شۇڭا، چۈنكى، ھالبۇكى، ۋاھالەنكى قاتارلىق باغلىغۇچىلار بىلەن باغلانغان مۇرەككەپ جۈملىلەردە، بۇ باغلىغۇچىلار كۆچلۈك تەلەپپۇزدا ئېيتىلسا، ئۇلارنىڭ كەينىگە پەش قويۇلىدۇ.

**مەسىلەن:** مەن ئۇنىڭ تېمىسىغا راۋۇرۇس ئىنكاستىن بىرنى يازدىم، لېكىن، يەنىلا جىلى بولۇپ تۇرۇۋاتىمەن.

(6) تەڭداش بۆلەكلەر ۋە مۇرەككەپ جۈملە تەركىبىدىكى ئاددىي جۈملىلەر «ۋە، ھەم، ياكى، يا، نە، گاھ» قاتارلىق باغلىغۇچىلار بىلەن باغلىنىپ كەلسە، ئادەتتە ئۇلارنىڭ ئارىسىغا پەش قويۇلمايدۇ. لېكىن، بۇ باغلىغۇچىلار تەڭداش بۆلەكلەرنىڭ ياكى قوشما جۈملە تەركىبىدىكى ئاددىي جۈملىلەرنىڭ ئالدىدا تەكرارلىنىپ كەلسە، ئۇ ھالدا بۇ باغلىغۇچىلارنىڭ ئالدىغا پەش قويۇلىدۇ.

**مەسىلەن:** مۇنبەردىكى باشقۇرغۇچىلار خىزمەتتە ھەم يۈرەكلىك بولۇشى، ھەم تەدبىرلىك بولۇشى لازىم.

مەن تېمامنى يا ئەتە، يا ئۆگۈن يوللاي.

(7) ئادەتتە ئىگىدىن كېيىن پەش قويۇلمايدۇ، لېكىن پەش قويۇلمىسا ئۇقۇم مۇجمەللىشىپ قېلىش ئېھتىماللىقى بار بولغان ئىگىدىن كېيىن پەش قويۇلىدۇ.

**مەسىلەن:** بۇ، ئادەم بالىسى ئەمەس.

بۇ جۈملىدە ئەگەر «بۇ» دېگەن ئىگىدىن كېيىن پەش قويۇلمىسا، «بۇ ئادەم بالىسى ئەمەس» دېگەن جۈملىگە ئايلىنىپ قېلىپ، «بۇ ئادەم بالىسى ئەمەس، باشقا نەرسە» دېگەن مەنىنى بىلدۈرۈپ قويىدۇ.

(8) ئاپتور سۆزىدىن كېيىن ياكى پېرسوناژ سۆزىدىن كېيىن، سىزىقتىن بۇرۇن پەش قويۇلىدۇ.

**مەسىلەن:** « — ئەركىن، — قىز جىددىي ھالدا ئەركىنگە تىكىلدى،— مېنىڭ ئۆز ۋاقتىدا سىزگە نېمىشقا قىزىقمىغانلىقىمنى بىلەمسىز؟ سىز بەك ياسىما. نېمىشقا ئۆزىڭىزنى بۇنداق ئالىيجاناب كۆرسىتىسىز؟ مەن سىزنىڭ مۇشۇنداق ياسىما مىجەزلىرىڭىزگە ئۆچ! » (بەرگىيە «ئېھ، ناتونۇش يوللار»دىن)

## 5. چېكىتلىك پەش ( ; )

(1) مەزمۇن جەھەتتىن ھەم مۇستەقىل، ھەم بىر-بىرىگە مۇناسىۋەتلىك بولغان، ئۆي-پىكىرلەرنى ئىپادىلەيدىغان، ئاددىي جۈملىلەردىن تەركىب تاپقان، تۈزۈلۈشى مۇرەككەپرەك بولغان قوشما جۈملىلەردە چېكىتلىك پەش قوللىنىلىدۇ.

**مەسىلەن:** بېغىر رەڭ، ھال ئەتىرگۈللەر خۇش پۇراق چاچماقتا؛ ئېرىقتىكى سۈزۈك سۇلار شىلدىرلاپ ئۇن چىقارماقتا؛ ئەتىيازنىڭ شاملى يۈزلىرىمىزنى سىيلاپ ئۆتمەكتە.

(2) چوڭ تەڭداش بۆلەكلەر بىلەن كىچىك تەڭداش بۆلەكلەر ئارىلاش كەلگەن جۈملىلەردە، كىچىك تەڭداش بۆلەكلەرنىڭ ئارىسىغا پەش، چوڭ تەڭداش بۆلەكلەرنىڭ ئارىسىغا چېكىتلىك پەش قويۇلىدۇ.

**مەسىلەن:** شىنجاڭدا كان مەھسۇلاتلىرىدىن نېفىت، كۆمۈر، ئالتۇن، تۆمۈر، مىس، قاشتېشى قاتارلىقلار كۆپ چىقىدۇ؛ دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىدىن بۇغداي، قوناق، كېۋەز، شال قاتارلىقلار كۆپ چىقىدۇ.

چېكىتلىك پەشنىڭ ئىشلىتىلىش رولى ئومۇمەن چېكىتتىن كىچىك، پەشتىن چوڭ بولىدۇ.

### 6. قوش چېكىت ( : )

(1) ئاپتور سۆزى بىلەن كۆچۈرمە جۈملە ۋە پېرسوناژ سۆزلىرىنىڭ ئارىلىقىغا قوش چېكىت قويۇلىدۇ.

**مەسىلەن:** مۇنبەر مەسئۇلى: «باشقۇرغۇچىلار ئۆز تەرجىمىھالىڭلارنى يوللاپ بەرگەيسىلەر» دېدى.

(2) ئومۇملاشتۇرغۇچى سۆز ۋە جۈملىلەردىن كېيىن قوش چېكىت قويۇلىدۇ.

**مەسىلەن:** پېرسوناژلار ئادەتتە ئىككى خىل بولىدۇ: بىرى، ئىجابىي پېرسوناژ، يەنە بىرى سەلبىي پېرسوناژ.

(3) ئەسكەرتمىلىك سۆزلەردە قوش چېكىت قويۇلىدۇ.

**مەسىلەن:** ئالاقىلاشقۇچى: ئەركىن
تېلېفون نومۇرى: 0991

### 7. قوش تىرناق ( « » )

(1) جۈملە ئىچىدە كەلگەن كۆچۈرمە جۈملە ۋە كىتاب، گېزىت، ژۇرنال ناملىرى، ماقالە ـ ئەسەرلەرنىڭ ماۋزۇلىرى قوش تىرناق ئىچىگە ئېلىپ يېزىلىدۇ.

**مەسىلەن:** مېنىڭ «ئاتەش نەپەسلەر» ناملىق شېئىرىم تورنىڭ تاقىلىشى بىلەن غايىب بولدى.

خەنجەر ماگا: «مۇشۇ كۈنلەردە سەل ئالدىراش بولۇپ قالدىم» دېدى.

(2) بەزى تەنە سۆزلەر قوش تىرناق ئىچىگە ئېلىنىدۇ.

**مەسىلەن:** ئەتىگەن ئۈچۈر يازسام ئەمدى جاۋاب يېزىپسىز، بەك «چاققان» جۇمۇ سىز!

(3) باشقىلارنىڭ دىققىتىنى قوزغاش ئۈچۈن نۇقتىلىق سۆزلەر ياكى ئالاھىدە مەنىگە ئىگە سۆزلەر قوش تىرناققا ئېلىنىدۇ. **مەسىلەن:** سىزنىڭ ئېيتقىنىڭىز «تار مەنىدىكى گىراممانىكا»، مېنىڭ ئېيتقىنىم «كەڭ مەنىدىكى گىراممانىكا».

### 8. يالاڭ تىرناق ( ‹ › )

قوش تىرناق ئىچىگە يەنە تىرناق كېلىش زۆرۈر بولۇپ قالغاندا، يالاڭ تىرناق ئىشلىتىلىدۇ. **مەسىلەن:** سەركەردە ماگا: «مەن مەشئەلنىڭ ‹مەن ۋە سەن› دېگەن تېمىسىنىڭ ئاخىرىنى ساقلاپ ھېرىپ قالدىم» دېدى.

### 9. تىرناق ( ( ) )

(1) جۈملىدە ئىزاھلاشقا تېگىشلىك سۆز- جۈملىلەر تىرناق ئىچىگە ئېلىپ يېزىلىدۇ.

**مەسىلەن:** ھەر كۈنى ئەتىگەن سائەت (ئۈرۈمچى ۋاقتى) يەتتە يېرىمدا پاي بازىرى ئېچىلىدۇ.

(2) كۆچۈرگەن ياكى نەقىل ئالغان جۈملىلەرنىڭ ئاپتورى ياكى ئەسەر نامى تىرناق ئىچىگە يېزىپ كۆرسىتىلىدۇ.

**مەسىلەن:** «موڭغۇللار دەسلەپكى دەۋرلەردە مەدەنىيەتنى ئۇيغۇرلاردىن قوبۇل قىلغان، يېزىقنىمۇ ئۇيغۇرلاردىن ئۆگەنگەن»
(ش.سامى «قامۇسۇل ئەئلەم» 1876 ـ بەت)

(3) دراما ئەسەرلىرىدە پېرسوناژلارنىڭ ھېس- تۇيغۇلىرىنى، ھەرىكىتىنى كۆرسىتىدىغان جۈملىلەر تىرناق ئىچىگە ئېلىپ يېزىلىدۇ.

**مەسىلەن:** زورىخان: (ئاغلىماسلىققا سېلىپ) نۇرۇم، چاي قايناپدىمىكىن. چىقىپ باققىنا (نۇرۇم باغقاچىقىدۇ)

(4) ئوي ـ پىكىرنىڭ رەت تەرتىپىنى بىلدۈرىدىغان قاتار سانلار تىرناق ئىچىگە ئېلىنىدۇ. **مەسىلەن:**

تىرناقنىڭ ئىشلىتىلىشى ھەققىدە قويۇلغان يۇقىرىقى «(1)، (2)، (3)، (4)» دىكى تىرناقلار بۇنىڭغا مىسال بولالايدۇ.

### 10. سىزىقچە ( ـ )

(1) جۈپ سۆزلەرنىڭ ئوتتۇرىسىغا سىزىقچە قويۇلىدۇ.

**مەسىلەن:** كېچە ـ كۈندۈز، ئېگىز ـ پەس، ئويمان ـ چوڭقۇر، دەلىل ـ ئىسپات قاتارلىقلار.

(2) رەقەم بىلەن يېزىلغان تەرتىپ سانلاردىن كېيىن سىزىقچە قويۇلىدۇ. **مەسىلەن:** 1 ـ سىنىپ، 6 ـ ئاي.

(3) سۆزلەردە قۇردىن ـ قۇرغا كۆچۈرۈشتە سىزىقچە قويۇلىدۇ. **مەسىلەن:** بۇ قېتىمقى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا مەن ئۆزۈمنىڭ ئىككى پارچە ئىلمىي ماقالەمنى ئوقۇدۇم.

(4) ئۆزئارا يېقىن بولغان ئىككى سانىنىڭ يانداش كېلىشىدىن تۈزۈلگەن مۆلچەر سانلارنىڭ ئوتتۇرىسىغا سىزىقچە قويۇلىدۇ.

**مەسىلەن:** چوڭ ئۆيدە بەش ـ ئالتە كۈن تۇرۇپ قالدىم.

(5) ئىككى بۆلەكتىن تۈزۈلگەن تەقلىدىي سۆزلەرنىڭ ئوتتۇرىسىغا سىزىقچە قويۇلىدۇ. **مەسىلەن:**

ئوڭ تەرەپتىن پاڭ ـ پۇڭ قىلغان ئوق ئاۋازى ئاڭلاندى.

(6) تەكرار سۆزلەرنىڭ ئوتتۇرىسىغا سىزىقچە قويۇلىدۇ.

**مەسىلەن:** سورا ـ سورا بىلىم ئاپتۇ، ئۇيىلا ـ ئۇيىلا كېيىن قاپتۇ.

**11. سىزىق ( — )**

(1) ئىگىمۇ، خەۋەرمۇ باش كېلىشتە كەلگەن ئىسىم ۋە ئىسىم خاراكتېرىدىكى سۆزلەر بولسا، ئىگىدىن كېيىن سىزىق قويۇلىدۇ.

**مەسىلەن:** كۆپىنچە ئىگە ۋەزىپىسىدە كېلىدىغان سۆز تۈركۈمى — ئىسىم.

(2) ئىزاھلىغۇچى سۆزلەر ئىرناققا ئېلىنمىسا سىزىق قويۇلىدۇ.

**مەسىلەن:** ئوغلۇمنىڭ سىنىپى — چوڭ يىللىق 2-سىنىپ ئىلغار سىنىپ بولۇپ باھالاندى.

(3) دىيالوگلاردا ھەربىر سۆزلىگۈچىنىڭ گېپى باش قۇردىن يېزىلغاندا سىزىق قويۇپ يېزىلىدۇ.

**مەسىلەن:**

— ياق، ئەتىدىن باشلاپ ساڭا تېلېفون قىلمايمەن، سەن بىلەن سۆزلەشمەيمەن.

— نېمىشقا؟

— يەنە نېمىشقا دەيسەنغۇ؟ مەن سەندىن ئايرىلىپ كەتتىم. («مۇز تۇتقان دېرىزە»)

(4) ئاپتور سۆزىدىن كېيىن ياكى پېرسوناژ سۆزىدىن كېيىن كېلىدىغان پەشنىڭ كەينىگە سىزىق قويۇلىدۇ.

**مەسىلەن:** — بېشىم بەك ئاغرىپ كەتتى، — دېدى ئۇ باشلىرىنى سىيلاشتۇرۇپ.

(5) بەزىدە چۈشەندۈرمەكچى بولغان ئاتالغۇدىن كېيىنمۇ سىزىق قويۇلىدۇ.

**مەسىلەن:** چېكىت — جۈملىنىڭ مەنە ئالاھىدىلىكىنى ئىپادىلەيدىغان جۈملە ئاخىرى تىنىش بەلگىلىرىدىن بىرى.

### 12. كۆپ چېكىت (...)

(1) ئوي - پىكىرنىڭ تولۇق ئاياغلاشمىغانلىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن كۆپ چېكىت قويۇلىدۇ.

**مەسىلەن:** «ئۆزۈم بىلمەنكى، مەن يازمىسام مۇ، كەلگۈسىدە ئۇ قەھرىمانلارنى ئەسلەپ يازىدىغانلار چىقىدۇ: ئۇلار ھەققىدە گەپ قىلىدىغان ۋاقىت كېلىدۇ...»

(2) سۆزلىگۈچىنىڭ سۆزىدىكى قورقۇش، جىددىيلىشىش، دۇدۇقلاش سەۋەبىدىن بولىدىغان ئۈزۈلۈشلەرنى ئىپادىلەش ئۈچۈن كۆپ چېكىت قويۇلىدۇ.

**مەسىلەن:**

— بايا كوچىدا تۇرۇپ نېمە ئىش قىلدىڭ؟

— مەن. . .

(3) دىيالوگلاردا جاۋابسىز قالغان جايلارغا كۆپ چېكىت قويۇلىدۇ. **مەسىلەن:** دۈشمەن ئەسكەرلىرى بالىنى سوراق قىلىشقا باشلىدى:

— ئېتىڭ نېمە؟

— . . .

— بۇ يەرگە نېمىشقا كەلدىڭ؟

## ئۈچىنچى بۆلۈم
## جانغا ئەسقاتىملار

### §1. تىلىمىزدىكى بىر قىسىم تاۋۇش قوشۇلۇپ قالىدىغان سۆزلەر

باھا ـ باھايىم، پەلتۇ ـ پەلتۇيۇم، پولۇ ـ پولۇيۇم، تىللا ـ تىللايىم، دۇئا ـ دۇئايىم، سۇ ـ سۇيى، غىزا ـ غىزايىم، كىرا ـ كىرايىم، ماتا ـ ماتايىم، مۇمىيا ـ مۇمىيايىم، مىسرا ـ مىسرايىڭ، ئوقيا ـ ئوقيايىم، ئىشتاھا ـ ئىشتاھايىم، ئىلتىجا ـ ئىلتىجايىم، ئىمزا ـ ئىمزايىم، ئىملا ـ ئىملايىم، يامبۇ ـ يامبۇيۇم، توخۇ ـ توخۇيۇم، ئارزۇ ـ ئارزۇيۇم، جازا ـ جازايىم ، يەئىلدى ـ يېيىلدى. دەئىلدى ـ دېيىلدى، يۇئۇلدى ـ يۇيۇلدى ، دە ـ دېيىش، يە ـ يېيىش، يۇ ـ يۇيۇش، سادا ـ سادايىڭ، خۇدا ـ خۇدايىم . . .

### §2. تىلىمىزدىكى بىر قىسىم تاۋۇش چۈشۈپ قالىدىغان سۆزلەر

1. ئەجىر (ئەجرى) 2. ئەقىل (ئەقلى)

3. بۇرۇن (بۇرنۇڭ)
4. پەخىر (پەخرى)
5. پەسىل (پەسلى)
6. پىكىر (پىكرى)
7. جىسىم (جىسمى)
8. زىھىن (زىھنى)
9. شەكىل (شەكلى)
10. مىھىر (مىھرى)
11. مىكىر (مىكرى)
12. ئوغۇل (ئوغلى)
13. ئۆمۈر (ئۆمرى)
14. ۋاقىت (ۋاقتى)
15. ۋەسىل (ۋەسلى)
16. ئىلىم (ئىلمى)
17. ئىسىم (ئىسمى)
18. قىسىم (قىسمى)
19. قويۇن (قوينى)
20. سىڭىل (سىڭلى)
21. ھۆكۈم (ھۆكمى)
22. كۆڭۈل (كۆڭلى)
23. ئورۇن (ئورنۇم)
24. سىھىر (سىھرى)
25. چىھىر (چىھرى)
26. قەدىر (قەدرى)
27. كەسىپ (كەسپى)
28. جەبىر (جەبرى)
29. زۇلۇم (زۇلمى)
30. ھەجىم (ھەجمى)
31. بويۇن (بوينى)
32. مۇلۈك (مۇلكى)
33. رەھىم (رەھمى)
34. رىزىق (رىزقى)
35. ۋەزىن (ۋەزنى)
36. نەسىل ( نەسلى)

...

## §3. تىلىمىزدىكى تۆت تاۋۇشتىن تۈزۈلگەن بىر بوغۇملۇق سۆزلەر

بەخت، بەخش، بەرق، بەرگ، بەست، بەند، بەھر، بۇرچ، پارس، پەرز، پەرق، پەند، پەيت ، پەيل، پوست، پۇشت، تارت، تاكت، تەخت، تەرك، تورت، تۇرق، تۈرك، جەلپ، جىنس،

خارت، خەلق، خەۋپ، خەير، خۇلق، داڭق، دەرد، دەرس، دەشت، دەۋر، دوست، راست، رەخت، رەنج، زەرب، سەۋر، سەير، سورت، شارت، شەرت، شەرق، شەرم، شەرھ، شەيخ، ئىشتاب، ئىشتات، غەرب، غەرق، غۇرت، قارت، قەتل، قەھر، قەيت، قەلب، قەنت، قەرز، قەست، قوۋم، قۇرب، گىرب، لەۋز، مارت، مارس، مەرد، مەست، مەڭز، مەۋج، مۇشت، نەپس، نەرخ، نەزم، نىسپ (تۇن نىسپى)، هايت، هەرپ، هۆسن، ئىشق، هىيت، ئۆرپ ـ ئادەت، ئۇست، ئىرق (موڭغۇل ئىرقى )، يۇرت، كەنت، كۆكس، كۇرس، كورت، كران، كەيپ، ئاست، ئەپت، ئەرز، ئەرش، ئەرك، ئەكس، ئەمر، ئەۋج، ئەيش...

**دىمەك:** يۇقىرىقى سۆزلەردە تاۋۇش چۈشۈپ قېلىش كۆرۈلمەيدۇ.

## §4. تىلىمىزدىكى سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلار

| | قوشۇمچە | مىساللار1 |
|---|---|---|
| 1 | ـانە، ـەن | ئاقىلانە، دوستانە، ئاساسەن |
| 2 | ـم/ـىم/ـۇم/ـۈم | تاسقام، كىرىم، ئۇقۇم،ئۇنۇم |
| 3 | با ـ ،بە ـ، نا ـ | بامەسلىھەت، بەھۇزۇر، نائىلاج |
| 4 | ـبەخش، ھەمـ | ئارامبەخش، ھەمسۆھبەت |
| 5 | ـباز، ـۋاز | كىتابباز، دارۋاز |
| 6 | بى ـ ، بەت ـ | بىچارە، بەتنام، بەتتام |
| 7 | ـپەز، ـپۇرۇش | ئاشپەز، چايپۇرۇش |

| | | |
|---|---|---|
| 8 | ـ ك، ـ ەك، ـ ۇك | تىرەك، كېسەك، ئۆلۈك |
| 9 | ـ پەرۋەر، ـ پەرەس | ئادالەتپەرۋەر، پۇرسەتپەرەس |
| 10 | ـ چ، ـ مەل | ئىشەنچ، تايانچ، تېجىمەل، |
| 11 | ـ چى، ـ چىلاپ | ياغاچچى، پاقىچىلاپ |
| 12 | ـ چىلىك، ـ چىلىق | كۆپچىلىك، يېقىنچىلىق |
| 13 | ـ چا، ـ چە | سېلىنچا، چۈشەنچە |
| 14 | ـ چاق، ـ چەك | تارتىنچاق، دۇمچەك |
| 15 | ـ چۇق، ـ چۈك | ياسانچۇق، يەمچۈك |
| 16 | ـ چان، ـ چىل | ئىنتىزامچان، راستچىل |
| 17 | ـ لاش، ـ لەش | ماكانلاش ـ، تىكەنلەش ـ |
| 18 | ـ خان، ـ خانا | كىتابخان، دەرسخانا |
| 19 | ـ خور، ـ دان | تەمەخۇر، چايدان |
| 20 | ـ دار، ـ داش | ئەمەلدار، يۇرتداش |
| 21 | ـ دارچىلىق | قوشنىدارچىلىق |
| 22 | ـ داق، ـ دەك | قونداق، كېكىردەك |
| 23 | ـ دۇق، ـ تۈك | قالدۇق، كەمتۈك |
| 24 | ـ دۇرۇق، ـ تۇرۇق | بويۇنتۇرۇق، ئېغىزدۇرۇق |
| 25 | ـ بان، ـ تاق | مېھرىبان، قىلتاق، تومتاق |
| 26 | ـ تاراش/ ـ تىراش | ھەيكەلتاراش، قەلەمتىراش |
| 27 | ـ تاڭ، ـ داڭ | شورتاڭ، ئويداڭ |
| 28 | ـ را، ـ رە، ـ ىرا | ھاڭرا ـ، مۆرە ـ، يالتىرا ـ |
| 29 | ـ زار، ـ ساز | گۈلزار، ماشىناساز(لىق) |
| 30 | ـ ستان، ـ ىستان | قەبرىستان، تۈركمەنىستان |
| 31 | ـ سۇق، ـ ىزىم | تاڭسۇق، كاپىتالىزىم |

| | | |
|---|---|---|
| 32 | ـ سىز، ـ سىمان | ئەقىلسىز، نۇرسىمان |
| 33 | ـ سىت، ـ سىن | كەمسىت، خۇدۈكسىن |
| 34 | ـ سىرا، ـ سىرە | مايسىرا، ئەنسىرە |
| 35 | ـ ۇمسىرا، ـ ۇمسىرە | قورقۇمسىرا، كۈلۈمسىرە |
| 36 | ـ شۇناس | تىلشۇناس، تارىخشۇناس |
| 37 | ـ شا، ـ ش، | ئوڭشا، ئوخشاش |
| 38 | ـ شتۇر، ـ شتۈر | تاتىلاشتۇر، تۈزەشتۈر |
| 39 | ـ ىشتۇر/ ـ ىشتۈر | يىغىشتۇر، يېتىشتۈر |
| 40 | ـ شى، ـ لاق | غىڭشى ـ، ئوتلاق |
| 41 | ـ غى/ ـ قى/ ـ گى/كى | يازغى، سىرتقى،كۈزگى،قەدىمكى |
| 42 | ـ قىرى، ـ كىرى | تاشقىرى، ئىچكىرى |
| 43 | ـ كار/ ـ گەر/ ـ كەر | ھەۋەسكار، ھىيلىگەر، مىسكەر |
| 44 | ـ كەش، ـ گاھ | تەخسىكەش، ئارامگاھ |
| 45 | ـ مان، ـ مەن | ئويمان، سۆزمەن |
| 46 | ـ گەرچىلىك | ئادەمگەرچىلىك |
| 47 | ـ گۈي، ـ گىر | خۇداگۈي، باجگىر |
| 48 | ـ لارچە، ـ لەرچە | باتۇرلارچە، مەردلەرچە |
| 49 | ـ لاپ، ـ لەپ | ئايلاپ، قۇۋۋەتلەپ |
| 50 | ـ لىق، ـ لىك | ئاشلىق، ئەپلىك |
| 51 | ـ لۇق، ـ لۈك | ئاچقۇچلۇق، سۈتلۈك |
| 52 | ـ ىن/ ـ ۇن/ ـ ۈن | ئېقىن، تۈگۈن، تولۇن |
| 53 | ـ نامە، ـ ىچە | شەرتنامە، يازىچە |
| 54 | ـ ام، ـ ما، ـ مە | تۇتام،باسما، سۆزمە، سۈرمە |
| 55 | ـ مىش، ـ مۇش | قىلمىش، ئۆتمۇش |

| | | |
|---|---|---|
| 56 | -مدە، -مىيە | گۇررىدە، تۈركىيە |
| 57 | -مۇر، -مۈر | ئۆسمۈر، ياغمۇر(يامغۇر) |
| 58 | -ۋى/-مىي/-يى | ئەنئەنىۋى، ۋىجدانىي، ياۋايى |
| 59 | -ا، -ە | سانا-، تۈنە- |
| 60 | -ار، -ەر، -ر | ياشار-، كۆكەر-، قىسقار |
| 61 | -ماچ، -مەچ | تولغىماچ، ئەگمەچ |
| 62 | -اڭغىرا -ەڭگىرە | ياشاڭغىرا-، ئېسەڭگىرە |
| 63 | -ەكە، -ەكەش | چۈشەكە-، ئۆچەكەش- |
| 64 | -غار، -قار، | سۇغار-، ئاڭقار- |
| 65 | -قىر، -كىر | مىشقىر-، كېكىر- |
| 66 | -قۇر، -كۈر | باشقۇر-، تەپكۈر |
| 67 | -لا، -لە/-دا، -دە | ئويلا، تەقدىرلە، چىڭدا، ئىزدە |
| 68 | -قا، -ىرقا | چىڭقا-، يېتىرقا- |
| 69 | -لان، -لەن | قوراللان-، غەزەپلەن- |
| 70 | -ىلدا، -ىلدە | پىرىلدا-، لەپىلدە- |
| 71 | -ۇلدا، -ۈلدە | كۇسۇلدا-، گۈرۈلدە- |
| 72 | -ۇق، -ىك | يۇلۇق-، بىرىك- |
| 73 | -ۇت، -ىت | تۇغۇت، چېكىت |
| 74 | -غا/-قا/-گە/-كە | ئىلغا، تۇتقا، سۈپۈرگە، كۈلكە |
| 75 | -غۇ/-قۇ/-گۈ/كۈ | ئاتالغۇ، ئېزىتقۇ، سەزگۈ، تەپكۈ |
| 76 | -غۇچ، -قۇچ، | ئۇتىغۇچ، ئاچقۇچ |
| 77 | -گۈچ، -كۈچ | يەلپۈگۈچ، تەپكۈچ |
| 78 | -غۇچى، -قۇچى | قىرغۇچى، ئۇچقۇچى |
| 79 | -گۈچى، -كۈچى | بۆلگۈچى، كۈتكۈچى |

| | | |
|---|---|---|
| 80 | ـ غۇر، ـ قۇر، | جىمىغۇر، ئۇچقۇر |
| 81 | ـ گۇر، ـ كۇر | سەزگۇر، ئۆتكۇر |
| 82 | ـ غۇن، ـ قۇن | تۇرغۇن، توسقۇن |
| 83 | ـ گۇن، ـ كۇن | سۇرگۇن، كەلكۇن |
| 84 | ـ غىن، ـ قىن | يانغىن، تاشقىن |
| 85 | ـ گىن، ـ كىن | تىزگىن، كەسكىن |
| 86 | ـ ق، ـ اق، ـ ۇق، | سوراق، تۇراق، سۇنۇق |
| 87 | ـ غاق، ـ قاق | توڭغاق، پاتقاق |
| 88 | ـ گەك، ـ كەك | سىيگەك، تېرىككەك |
| 89 | ـ ىق/ ـ ىك/ ۇك | ئېچىق، ئېزىك، كۆنۈك |
| 90 | ـ ڭ، ـ اڭ | قىستاڭ، بوشاڭ |
| 91 | ـ اڭغۇ، ـ ەڭگۇ | سىيرىلاڭغۇ، كۆتۈرەڭگۇ |
| 92 | ـ ڭغۇ، ـ ڭگۇ | يىغلاڭغۇ، تىترەڭگۇ |
| 93 | ـ الغۇ، ـ ەلگۇ | توسالغۇ، كۆنەلگۇ |

## §5. سۆز تۇرلىگۈچى قوشۇمچىلار

### 1) ئىسىملارنىڭ بىرلىك ـ كۆپلۈك بويىچە تۇرلىنىشى

| ئىسىم | بىرلىك | كۆپلۈك |
|---|---|---|
| كىتاب | كىتاب | كىتابلار |
| دەپتەر | دەپتەر | دەپتەرلەر |
| قەلەم | قەلەم | قەلەملەر |

2) ئىسىمنىڭ تەۋەلىك قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلىنىشى

| تۈر | | | قوشۇمچە | مىسال |
|---|---|---|---|---|
| 1 ـ شەخس | بىرلىك | | ـ م/ـ ىم/ ـ ۇم/ـ ۈم | دادام، سىڭلىم، قولۇم. |
| | كۆپلۈك | | ـ مىز، ـ ىمىز | ئانىمىز، كىتابىمىز |
| 2 ـ شەخس | بىرلىك | ئاددىي | ـ ڭ/، ـ ىڭ ـ ۇڭ/، ـ ۈڭ | ئاناڭ، تىلىڭ، پۇتۇڭ، ئۆيۈڭ |
| | | سىپايە | ـ ڭىز، ـ ىڭىز | ئۆكىڭىز، قەلىمىڭىز |
| | | ھۆرمەت | ـ لىرى | قوللىرى |
| | كۆپلۈك | | ـ ڭلار، ـ ىڭلار ـ ۇڭلار، ـ ۈڭلار | ئاكاڭلار، كىتابىڭلار پۇلۇڭلار، كۆزۈڭلار |
| 3 ـ شەخس | | | ـى ، ـ سى | قەلىمى، ئانىسى |

3) ئىسىمنىڭ كېلىش قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلىنىشى

| كېلىش نامى | قوشۇمچە | مىسال |
|---|---|---|
| باش كېلىش | ـ ـ | كىتاب، قەلەم، يول |
| ئىگىلىك كېلىش | ـ نىڭ | كىتابنىڭ، قەلەمنىڭ، يولنىڭ |
| چۈشۈم. . . | ـ نى | كىتابنى، قەلەمنى، يولنى |

| | | |
|---|---|---|
| يۆنىلىش كېلىش | ـ غا/ ـ قا/ ـ گە/ ـ كە | كىتابقا، قەلەمگە، يولغا، مەكتەپكە |
| چىقىش.. | ـ دىن، ـ تىن | يولدىن، مەكتەپتىن |
| ئورۇن ـ پەيت كېلىش | ـ دا/ ـ دە/ ـ تا/ ـ تە | يولدا، مەكتەپتە، سىنىپتا، ئۆيدە |

4) سۈپەتلەرنىڭ دەرىجە بويىچە تۈرلىنىشى

| دەرىجە نامى | قوشۇمچىسى | مىسال |
|---|---|---|
| ئەسلىي دەرىجە | —— | ئاق، قارا، پاكار |
| كېمەيتمە دەرىجە | ـ ۇچ، ـ غۇچ، ـ متۇل | ئاقۇچ، قىزغۇچ، قارامتۇل |
| سېلىشتۇرما دەرىجە | ـ راق، ـ رەك | پاكارراق، ئېگىزرەك |
| ئاشۇرما دەرىجە | ـ پ | قاپقارا، ئاپئاق |
| ئەركىلەتمە دەرىجە | ـ غىنا، ـ قىنا ـ گىنە/ ـ كىنە | ئوماققىنا، ئېگىزگىنە قىزىلغىنا، سۆزۈككىنە |

### 5) سانىنىڭ گىرامماتىكىلىق شەكىللىرى

| | | |
|---|---|---|
| ساناق سان | —— | بىر، ئىككى، ئۈچ |
| مۆلچەر سان | ـ چە، ـ دەك، ـ تەك | ئونچە، يۈزدەك |
| تەرتىپ سان | ـ نچى، ـ ىنچى | بىرىنچى، ئالتىنچى |
| كەسىر سان | ـ دىن، ـ تىن | ئىككىدىن بىر |
| تەقسىم سان | ـ دىن، ـ تىن | ئوندىن، بەشتىن |
| رەۋىش سان | ـ لاپ، ـ لەپ | ئونلاپ، يۈزلەپ |
| كىشىلىك سان | ـ يلەن، ـ ىەيلەن | يەتتەيلەن، بەشەيلەن |
| ئالماش سان | ـ مىز، ـ ىمىز، ـ ڭىلار، ـ ىڭلار، ـى، ـ ىسى | ئىككىمىز، ئونىڭلار ئالتىسى، ئۈچى |

6) پېئىلنىڭ بولۇشلۇق ـ بولۇشسىزلىق بويىچە تۈرلىنىشى

| تۈرى | قوشۇمچىسى | مىسال |
| --- | --- | --- |
| بولۇشلۇق | ـــ | كەل، بار، تۇر، قال |
| بولۇشسىز | ـ ما، ـ مە | كەلمە، بارما، تۇرما |

7) پېئىلنىڭ راي بويىچە تۈرلىنىشى

| تۈرى | قوشۇمچىسى | مىسال |
| --- | --- | --- |
| بايان رايى | ـــ | كەلدى، باردى |
| شەرت رايى | ـ سا، ـ سە | كەلسە، بارسا |
| بۇيرۇق رايى | ـ ۇڭ، ـ ۈڭ، ـ سۇن<br>ـ غىن، ـ قىن، ـ گىن | ئوقۇڭ، كۆرۈڭ،<br>يازسۇن، بارغىن،<br>كەلگىن، ياتقىن |

## 8) پېئىلنىڭ زامان بويىچە تۈرلىنىشى

| تۈرى | قوشۇمچىسى | ئۆلگە |
| --- | --- | --- |
| ئۆتكەن زامان | -دى، -تى، -دۇ، -تۇ | كۆردى، كەتتى، كۆرۈپتۇ |
| ھازىرقى زامان | -ۋات، -ىۋات | يېزىۋاتىدۇ، كېلىۋاتىمەن |
| كېلىدىغان زامان | -ي، -اي، -ەي، -سۇن | يازاي، باراي، كەلسۇن |

## 9) پېئىلنىڭ دەرىجە شەكىللىرى بىلەن تۈرلىنىشى

| تۈرى | قوشۇمچىسى | مىسال |
| --- | --- | --- |
| ئەسلىي دەرىجە | – | ياسا-، ياز-، تۇت-، كۆر- |
| مەجھۇل دەرىجە | -ل، -ىل، -ۇل، -ۈل، -ن، -ىن، -ۇن، -ۈن | ياسال-، يېزىل-، تۇتۇل-، كۆرۈل- |
| ئۆزلۈك دەرىجە | -ل، -ىل، -ۇل، -ۈل، -ن، -ىن، -ۇن، -ۈن | ياسال-، بېرىل-، قۇتۇل-، سۇرۇل-، ياسان-، كۆرۈن- |

| | | |
|---|---|---|
| ئۆملۈك دەرىجە | -ش، -ىش، -ۇش، -ۈش | سۆزلەش-، يېزىش-، تۇتۇش-، كۆرۈش- |
| مەجبۇرىي دەرىجە | -دۇر، -تۇر، -دۈر، -تۈر، -غۇز، -قۇز، -گۈز، -كۈز، -ت، -ار، -ۈر، | تاڭدۇر-، كىيدۈر-، باقتۇر-، كەلتۈر-، ھارغۇز-، تۇتقۇز-، ئىشلەت-، ئۇچۇر-، |

## §6. تارىختىكى ھەرقايسى خانلىقلارنىڭ دەۋرى

1. كۆكتۈرك خانلىقى 552 — 744-يىللار
2. ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى 744 — 840 -يىللار
3. گەنجۇ ئۇيغۇر خانلىقى 850 — 1028- يىللار
4. ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى 848 — 1369 -يىللار
5. قاراخانىيلار خانلىقى 850 — 1212 -يىللار
6. چاغاتاي ئۇيغۇر خانلىقى 1225 — 1368-يىللار
7. سەئىدىيە خانلىقى 1514 — 1680-يىللار
8. ئاپاق خوجا ھاكىمىيىتى 1678 — 1759-يىللار
9. ياقۇپبەگ ھاكىمىيىتى 1867 — 1877-يىللار

## §7. ھىجرىيە يىلى بىلەن مىلادىيە يىلىنى بىر-بىرىگە ئايلاندۇرۇش ئۇسۇلى

نۆۋەتتىكى مىلادىيە يىلىدىن 622 نى ئېلىۋېتىپ، چىققان سانني 0.97 گە بۆلسەك، نەتىجىسى ھىجرىيە يىلى بولىدۇ. مەسىلەن: $(2015-622) \div 0.97 = 1436$

نۆۋەتتىكى ھىجرىيە يىلىنى 0.97 گە كۆپەيتىپ، چىققان سانغا 622 نى قوشساق، نەتىجىسى مىلادىيە يىلى بولىدۇ. مەسىلەن: $1436 \times 0.97 + 622 = 2015$

## §8. ئۇيغۇر 12 مۇقامى

| N | نامى | نەغمە | مىسرا | مەنىسى |
|---|---|---|---|---|
| 1 | راك | 23 | 205 | شىپالىق ئىزدەش |
| 2 | چەبىيات | 23 | 251 | گۈزەللىكنى سېغىنىش |
| 3 | مۇشاۋىرەك | 31 | 363 | مۇڭدىشىش، چىنلىقنى سۆزلەش |
| 4 | چارىگاھ | 18 | 212 | گۈزەل ھاياتقا تەلپۈنۈش |
| 5 | پەنجىگاھ | 25 | 240 | كۆتۈرەڭگۈ، ئەركىن |
| 6 | ئۆزھال | 29 | 224 | ھال-ئەھۋال ئېيتىش |
| 7 | ئەجەم | 17 | 143 | يات، ياۋا، غەيرىي |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| 8 | ئوشاق | 23 | 286 | ئاشىق، پىدائىيلار |
| 9 | بايات | 19 | 119 | ئۆتكەن كۈننى ئەسلەش |
| 10 | ناۋا | 20 | 209 | جاسارەت، كۈچ ـ قۇدرەت |
| 11 | سىگاھ | 6 | 72 | غەپلەت ئۇيقۇسىدىن ئويغىنىش |
| 12 | ئىراق | 8 | 102 | دەريا سۈيىنىڭ قىرغاققا ئۇرۇلۇشى |
| | جەمئىي | 242 | 2470 | |

## §9. 12 مۆچەل يىلنامىسى

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| چاشقان يىلى | 1960 | 1972 | 1984 | 1996 | 2008 | 2020 |
| كالا يىلى | 1961 | 1973 | 1985 | 1997 | 2009 | 2021 |
| يولۋاس يىلى | 1962 | 1974 | 1986 | 1998 | 2010 | 2022 |
| توشقان يىلى | 1963 | 1975 | 1987 | 1999 | 2011 | 2023 |
| بېلىق يىلى | 1964 | 1976 | 1988 | 2000 | 2012 | 2024 |
| يىلان يىلى | 1965 | 1977 | 1989 | 2001 | 2013 | 2025 |
| ئات يىلى | 1966 | 1978 | 1990 | 2002 | 2014 | 2026 |
| قوي يىلى | 1967 | 1979 | 1991 | 2003 | 2015 | 2027 |
| مايمۇن يىلى | 1968 | 1980 | 1992 | 2004 | 2016 | 2028 |
| توخۇ يىلى | 1969 | 1981 | 1993 | 2005 | 2017 | 2029 |

| ئىت يىلى | 1970 | 1982 | 1994 | 2006 | 2018 | 2030 |
|---|---|---|---|---|---|---|
| توڭگۇز يىلى | 1971 | 1983 | 1995 | 2007 | 2019 | 2031 |

## §10. 12 ئاينىڭ ئۇيغۇرچە ئاتىلىشى

1. ئاي ـ قەھرىتان
2. ئاي ـ ھۇت
3. ئاي ـ نورۇز
4. ئاي ـ ئۈمىد
5. ئاي ـ باھار
6. ئاي ـ سەپەر
7. ئاي ـ چىللە
8. ئاي ـ تومۇز
9. ئاي ـ مىزان
10. ئاي ـ ئوغۇز
11. ئاي ـ ئوغلاق
12. ئاي ـ كۆنەك

☆ ئانا تىلىڭ ئۆز كۆزۈڭگە ئوخشايدۇ، قالغان تىللار كۆزئەينەك، دۇربۇن، تېلېسكوپ، مىكروسكوبلارغا ئوخشايدۇ. ئۇلار ھەرقانچە ئىلغار بولسىمۇ، كۆزۈڭ يەنىلا ساق بولۇشى كېرەك.

☆ ئانا تىلىڭ غۇرۇر، مۇھەببەت، ۋىجدان، ئەقىدىنىڭ تىلى. بىلىك، مەرىپەت، ھەقىقەت، قۇدرەت ئۇنىڭدىن باشلىنىدۇ: باشقا تىللار گۇۋاھنامە، شاھادەتنامە، كاپالەتنامە، ھوقۇقنامە تىللىرىدۇر.

*ـــ ئابدۇقادىر جالالىدىن*

## §11. جانغا ئەسقاتىدىغان ئىدىيوملار ۋە ئۇلارنىڭ قىسقىچە مەنىسى

1. **ئارقىسىغا سىيىۋەتمەك**: سۆزىدىن ھەم ئىرادىسىدىن يېنىۋالماق.

2. **ئاسمانغا كۆتۈرمەك**: ھەددىدىن زىيادە ماختىغانلىقنى بىلدۈرىدۇ.

3. **ئېغىز غىرىچلىماق**: بىلەرمەنلىك قىلىپ، باشقىلارنىڭ گېپىگە لوقما سېلىش.

4. **ئېشىغا توپا چاچماق**: باشقىلارنىڭ ئىشىغا پۇتلىكاشاڭ بولماق، زىيانكەشلىك قىلماق.

5. **ئېشىغا چىۋىن چۈشمەك**: بىرەر ئىشنىڭ ھەل بولۇشىغا باشقىلارنىڭ پۇتلىكاشاڭ بولۇپ قالغانلىقنى بىلدۈرىدۇ.

6. **ئاغزى چىڭ**: كىشىلەرگە سىر بەرمەيدىغانلىقنى، سىر ساقلىيالايدىغانلىقنى بىلدۈرىدۇ.

7. **ئاغزى بوش**: سىر ساقلىيالمايدىغان.

8. **ئاغزى-بۇرنى قان بولماق**: ئەجەللىك زەربە بىلەن ئەدىپىنى يېگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

9. **ئاغزى بۇزۇق**: ھايا، ئىزانى بىلمەيدىغان ئەدەپسىز كىشىلەرنى سۆپەتلەش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ.

10. **ئاغزىدا شەھەر ئالماق**: ئاغزىدىلا بار، ئەمەلىيەتتە قولىدىن ئىش كەلمەسلىك.

11. **ئاغزىدىن ئوت يانماق**: ئەيمەنمەستىن، تەپتارتماستىن سۆزلىمەك.

12. **ئاغزى قۇلىقىغا يەتمەك**: ھەددىدىن ئارتۇق خۇشال بولماق، ھاياجانلانماق.

13. **ئاغزى قىچىشماق**: ئىچىدە گەپ ياتماسلىق، ئاڭلىغان، بىلگىنىنى باشقىلارغا دېگۈسى كەلمەك.

14. **ئاغزىنى ئۇششۇتمەك**: بالايىئاپەت تىلىمەك.

15. **ئاغزىنى ياغلىماق**: ھارام نىيەتنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ماددىي نەرسىلەر بىلەن باشقىلارنى چىرىتمەك.

16. **ئاغزى ئىتتىك**: ئويلانماستىن سۆزلەپ قويۇپ، ئاخىرى پۇشايمان قىلماق.

17. **ئاقساقاللىق قىلماق**: باشقىلارنىڭ ئىشىغا ئارىلىشىۋالماق.

18. **ئانىسىنى كۆزىگە كۆرسەتمەك**: كېلىشتۈرۈپ ئەدىپىنى بەرمەك.

19. **ئايغى ياراشماق**: بارغانلا يېرىگە ياخشىلىق ئاتا قىلماق.

20. **بىر چالمىدا ئىككى پاختەكنى سوقماق**: بىر ئىشنى قىلىپ، ئىككى خىل نەتىجىگە ئېرىشمەك.

21. **بارمىقىنى چىشلىمەك**: ھەسرەت ـ نادامەتتە قالماق.

22. **بازارغا سالماق**: باشقىلار ئالدىدا كۆز ـ كۆز قىلماق.

23. **باشقا پىت سىپلىۋالماق**: ئۆزىگە ئورۇنسىز ئاۋارىچىلىك تېپىۋالماق.

24. **سوغۇق سۇ سەپمەك**: بىراۋنىڭ ئاكتىپلىقى ۋە قىزغىنلىقىغا زەربە بەرمەك.

25. **باشقا كۈن چۈشمەك**: قىيىن ئەھۋالغا دۇچ كەلمەك.

26. **بوينى قاتتىق**: گەپ ئاڭلىمايدىغان، گەدەنكەش.

27. **بوينى قىسىلىپ قالماق**: غېرىبسىنىپ قالماق.

28. **بۇرنىدىن يېتىلىمەك**: بىراۋنى ئۆز ئىلكىگە ئېلىۋالماق.

29. **بۇرنىغا سۇ كىرمەك**: ئاچچىق ساۋاقتا ئىگە بولماق.

30. **بۇرنىنىڭ ئۇچىنى كۆرمەك**: يىراق كەلگۈسىنى ئويلىماي، هازىرنىلا ئويلاش.

31. **دوپپىسىغا جىگدە سالماق**: باشقىلارنى ئالدىماق.

32. **بېشىنى يېمەك**: ئۆزى قىلغان يامانلىقنىڭ جازاسىنى كۆرمەك.

33. **بۇرۇنىغا چالما تىزماق**: ئەخمەق قىلماق، ئالدىماق.

34. **بىر تاياقتا هەيدىمەك**: پەرقلىق مۇئامىلە قىلماي، قارىقويۇق مۇئامىلە قىلماق.

35. **پۇتىغا هۆل خىش قويماق**: بىراۋنى ئورۇنسىز ماختاپ ئۆزىنىڭ يامان نىيىتى ئۈچۈن ۋاستە قىلماق.

36. **پۇتى گۆرگە ساڭگىلىماق**: قېرىپ ئۆمرىنىڭ ئاز قالغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

37. **پېشىنى قاقماق**: قېيدىماق، رەت قىلماق.

38. **تاش يۈرەك**: ناهايىتى رەھىمسىز.

39. **تەخسە كۆتۈرمەك**: خۇشامەت قىلماق.

40. **تەرىتى بوش**: ئىرادە، ئىشەنچىسى يوق.

41. **توپىلاڭدا توغاچ ئوغرىلىماق**: مەلۇم بىر پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، بىرەر نەرسىگە ئىگە بولۇۋالماق.

42. **توخۇ يۈرەك**: قورقۇنچاق.

43. **تومۇرىنى تۇتماق**: بىراۋنىڭ پوزىتسىيەسى،

ئىككىنىڭ قانداقلىقىنى بىلىپ باقماق.

44. **تۇخۇمدىن تۈك ئۈندۈرمەك**: بىراۋدىن قەستەن كەمچىلىك ئىزدەش، قەستەن چاتاق تېپىش.

45. **تۆمۈرنى قىزىقىدا سوقماق**: بىرەر ئىشنىڭ شەرت-شارائىتى پىشقان، ۋاقتى-سائىتى كەلگەن ئىكەن پۇرسەتنى كېچىكتۈرمەي شۇئان قىلماق.

46. **تېرە تاراقشىتماق**: ھەيۋە، پوپوزا بىلەن كىشىنى قورقۇتماق.

47. **تىرناق ئاستىدىن كىر ئىزدىمەك**: يامان نىيەت بىلەن باشقىلاردىن ئەيىب تېپىش.

48. **تىلىنى چاينىماق**: دېيىشكە جۈرئەت قىلالماسلىق.

49. **جىگدە پۇراپ قالماق**: بالاغەتكە يېتىپ، مۇھەببەتنى ھېس قىلماق.

50. **چاپان كۆتۈرمەك**: ياخشىچاق بولماق، خۇشامەت قىلماق.

51. **چاۋىسىنى چىتقا يايماق**: خەلقى ئالەم ئالدىدا پاش قىلىۋەتمەك، ئاشكارا قىلىپ رەسۋاسىنى چىقارماق.

52. **خەقنىڭ دېپىغا ئۇسسۇل ئوينىماق**: باشقىلارنىڭ قۇترىتىشى بويىچە ئىش كۆرمەك.

53. **دۈمبىقى يېرىلىپ كەتمەك**: سۈيىقەستلىك پىلانى بىتچىت بولماق.

54. **دىلى سۇنۇق**: مەيۇس، كۆڭلى يېرىم.

55. **زۇۋۇلىسى چوڭ ئۈزۈلگەن**: ئەزەلدىن ئامەتلىك، بەختلىك.

56. **پىت ئۆچەي**: چىدىماس، ھەسەتخور.

57. **سوغۇق قول تەگمەك**: بىر نەرسىنى ئوغرى ئالماق.
58. **ئالدى پەش**: بەك ئالدىراقسان.
59. **قاپىقىدىن مۇز ياغماق**: تەلەتى سوۆرۈن، كىشىلەرگە ئىللىق چىراي ئاچمايدىغان.
60. **قارا باسماق**: بىرەر كېلىشمەسلىككە دۇچ كەلمەك.
61. **قانات قۇيرۇقى يېتىلىپ قالماق**: پىشىپ يېتىلمەك.
62. **قولى ئەگرى**: كىشىلەرنىڭ ئۇششاق - چۈششەك نەرسىلىرىنى ئېلىۋېلىش، ئوغرىلىق قىلىش.
63. **قولى قىسقا**: پۇلى يوق، نامرات بولۇپ قالماق.
64. **قولى ئوچۇق**: مەرد، سېخى.
65. **قولى ئۇزۇن**: كۆپ ئىشلارنى قىلىشقا قۇربى يېتىدىغان.
66. **قۇلىقى ئۇزۇن**: ھەممىدىن خەۋەردار، ھەممە ئىشنى بىلىپ تۇرىدىغان.
67. **قۇلىقى يۇمشاق**: گەپ ئاڭلايدىغان.
68. **قۇيرۇقىنى خادا قىلماق**: قېچىپ كەتمەك.
69. **قىلنى قىرىق يارماق**: بىر ئىشنى ناھايىتى ئىنچىكىلىك بىلەن ئىشلەش.
70. **كونا خامانني سورىماق**: ئۆتۈپ كەتكەن ئىشنى تەگەپ، يېڭىدىن كۆڭۈلسىزلىك پەيدا قىلماق.
71. **كۆز بويىماق**: بىر ئىشنى ئەپلەپ - سەپلەپ ئۆتكۈزمەك.
72. **كۆز- قۇلاق بولماق**: ھالىدىن خەۋەر ئالماق، نازارەت قىلىپ تۇرماق.

73. **كۆزى ئاچ:** نەپسى يامان، تەمەخور.

74. **كۆزى كىچىك:** بېخىل، پىخسىق.

75. **كۆزنى ئېچىپ قويماق:** يېڭىلىقلارنى كۆرسىتىپ قويماق، سەگەكلەشتۈرۈپ قويماق.

76. **كۆلىنى كۆككە سورىماق:** پۈتۈنلەي يوق قىلماق.

77. **كۆنىنىڭ سېرىقىنى كۆرمەك:** 1) هايات قالماق، داۋاملىق ياشىماق. 2) تۇرمۇشى ياخشىلانماق.

78. **گەپ تەشمەك:** مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويماق.

79. **گەپنىڭ بېلىگە تەپمەك:** داۋام قىلىۋاتقان سۆزگە لوقما سېلىپ توختىتىپ قويماق.

80. **لېۋىنى چىشلىمەك:** بەرداشلىق بەرمەك.

81. **مازارغا چالما ئاتماق:** ئۇلۇغ كىشىلەرگە بىھۆرمەتلىك قىلماق.

82. **مىغىزىنى چاقماق:** ھۆزۈرۈ-ھالاۋىتىنى سۈرمەك.

83. **ئوت قۇيرۇقلۇق قىلماق:** قۇتراتقۇلۇق قىلماق، ۋەسۋەسىگە سالماق.

84. **ئوغىسى قاينىماق:** قاتتىق ئاچچىقى كەلمەك.

85. **ئوقۇرى ئېگىز:** نەزىرى ئۇستۇن، ھالى چوڭ.

86. **ئۆپكىسىنى بېسىۋالماق:** ھاياجانغا بېرىلمەي، ئۆزىنى تۇتۇۋالماق.

87. **ئۆپكىسى ئۆرۈلمەك:** كۆڭۈل يېرىملىقى تۈپەيلىدىن يىغلىغۇسى كەلمەك.

88. **ئۆپكىسى يوق:** ئۆزىنى تۇتۇۋالالمايدىغان، ئاسانلا ھاياجانلىنىدىغان.

89. **پۇتىغا پالتا چاپماق:** ئۆز-ئۆزىگە زەرەر يەتكۈزمەك.

ئۆزىنى ئۆزى ھالاكەتكە تۇتۇپ بەرمەك.

90. **ئۇزەڭگىدىن چۈشمەسلىك**: بۇرۇنقى ئورۇن- مەرتىۋىسىدىن ئايرىلغان بولسىمۇ، مەنمەنچىلىكىنى تاشلىماسلىق.

91. **ئېچىشقان يەرگە تۇز سەپمەك**: قوتراتقۇلۇق قىلىپ كۆڭلىنى تېخىمۇ بىئارام قىلماق.

92. **قورسىقىغا جىن كىرمەك**: باشقىچە ئويغا كەلمەك.

93. **ئىشتانغا چىقىرىۋەتمەك**: قاتتىق قورقماق.

94. **ياغ چاينىماق**: تۇرمۇشى راھەتتە ئۆتمەك.

95. **يەرگە قاراتماق**: خىجىل قىلماق.

96. **يولدىن چىقارماق**: بىراۋنى ئازدۇرماق.

97. **يۇمىلاق تاۋۇز**: مۇستەقىل كۆز قارىشى يوق، تۇراقسىز.

98. **يۈرىكى ئېچىشماق**: ئىچى ئاغرىماق.

99. **يۈز تاپماق**: ئابروي-ئىناۋەتكە ئىگە بولماق.

100. **يۈزى تۆكۈلمەك**: ئابرويى يوققا چىقماق.

101. **يۈزىدە تۈكى بار**: سۆز ۋە ھەرىكەتتە باشقىلارنىڭ يۈز-خاتىرىسىنى قىلمايدىغان.

102. **يۈزى يورۇق**: خىجالەتتە قالمىدىغان يېرى يوق.

103. **يېغىرىغا تەگمەك**: بىراۋنىڭ زىتىغا تەگمەك.

104. **يېلى چىقىپ كەتمەك**: ئىرادىسى بوشاپ كەتمەك.

105. **يىلتىز تارتماق**: يەرلەشمەك، ئۆزلەشمەك.

106. **ياغاچ قۇلاق**: گەپ ئاڭلىمايدىغان.

107. **كۆز تەگمەك**: بىرەر پالاكەتكە يولۇقۇش.

108. **ماي تارتماق**: خاپا بولماق.

109. **قىزىل كۆز:** باشقىلارنى ئالدايدىغان، ساختىپەز.
110. **يانتاياق بولماق:** بىراۋنىڭ ئەسكى ئىشلىرى ئۈچۈن ياردەمدە بولماق.
111. **پېيىنى قىرقىماق:** ئەسلىگە كېلەلمەيدىغان دەرىجىدە ئەدىپىنى بەرمەك.
112. **دولىسى ئاپتاپ كۆرمەك:** ياخشى كۈن كۆرمەك.
113. **ئوك كۆزىدە قارىماق:** ياخشى نەزەردە قارىماق، ھالىدىن خەۋەر ئالماق.
114. **قوشقۇنغا ئولتۇرۇۋالماق:** 1) سۆرەلمىلىك قىلماق، 2) بىر ئىشتىن يېنىۋالماق.
115. **قىزىل پاچاق:** ئاكتىپ.

## §12. جانغا ئەسقاتىدىغان ماقال-تەمسىللەر

1. ئات زىنىنتى ئىگەر، يىگىت زىنىنتى ھۈنەر.
2. ئادەم ئەپتىدىن بىلىنەر، ئوت تەپتىدىن.
3. ئاز يېگەن تەنگە سىڭەر، كۆپ يېگەن يەرگە.
4. ئاش كەلسە ئىمان قېچىپتۇ، زاغرا ناندىن مېھمان.
5. ئاتالماس ئوقىدىن كۆرەر، چىچالماس پوقىدىن.
6. ئاچ نېمىنى يېمەيدۇ، توق نېمىنى دېمەيدۇ.
7. ئادەمنى غەم يەيدۇ، تۆمۈرنى نەم.
8. ئارىدا قاڭشار بولمىسا، ئىككى كۆز بىر-بىرىنى يەر.
9. ئالغاندا بىسمىللاھ، بەرگەندە ئەستەغپۇرۇللا.
10. ئاي تۈندە كېرەك، ئەقىل كۈندە.
11. ئاقىل پۇل تاپسا تايغا مىنەر، نادان پۇل تاپسا لايغا.

12. ئالىمنىڭ خۇمارى بىلىم، بەڭگىنىڭ خۇمارى چىلىم.
13. ئانارنى چۆلگە تىك، ئەنجۈرنى كۆلگە.
14. ئايرىلغاننى ئېيىق يەر، بۆلۈنگەننى بۆرە يەر.
15. ئابرۇينى ئالتۇنغا ئال، جاننى كېپەككە سات.
16. ئاتا قارغىشى ئوق، ئانا قارغىشى دوق.
17. ئادەمنى نومۇس ئۆلتۈرەر، توشقاننى قومۇش.
18. ئانا يۇرتۇڭ ئامان بولسا، رەڭگىرويىڭ سامان بولماس.
19. ئالتۇن ئۈزۈككە ياقۇت كۆز.
20. ئالىم بولساڭ، ئالەم سېنىڭكى.
21. ئاقىل ئەل غېمىدە، نادان گال غېمىدە.
22. ئاقىلغا ئىشارەت، نادانغا جۇۋالدۇز.
23. ئاسمان بېسىۋالسا، ئاستىدا يېتىپ مانتا يەر.
24. ئاز يېگەن توق يەيدۇ، كۆپ يېگەن پوق.
25. ئاسمان ئېگىز، يەر قاتتىق: ئۆلەي دېسەم، جان تاتلىق.
26. ئاتام تاپقان پۇل بىكار پۇل، ئۆزۈم تاپقان پۇل شېكەر پۇل.
27. ئالتۇننىڭ پوقىمۇ ئالتۇن.
28. ئاكاڭ كىمنى ئالسا، يەڭگەڭ شۇ.
29. ئات ئالساڭ ئاي كېچەش، خوتۇن ئالساڭ يىل كېچەش.
30. ئالدى ئىشىكتىن يىغىنە پاتمايدۇ، ئارقا ئىشىكتىن پويىز قاتنايدۇ.

31. ئاۋۋال ئىدىم مۇستاپا، ئەمدى بولدۇم پۇل تاپا ( ر ).

32. ئەجىر قىلساڭ تاشقا، ئېغىزىڭ تېگەر ئاشقا.

33. ئەجىر قىلساڭ چۆلگە، پۈركىنىسەن گۈلگە.

34. ئەجىلى پۈتكەن بىر ئۆلەر، ئابرۇيى كەتكەن مىڭ ئۆلەر.

35. ئەمگەك قىلماي ھالاۋەت يوق، ئىناق بولماي سائادەت.

36. ئەقىلسىزنىڭ ئېپى يوق، ئاڭلىغۇدەك گېپى يوق.

37. ئەقىلسىزنىڭ پەمى يوق، گەپ-سۆزىنىڭ تەمى يوق.

38. ئەل ئامان، شەھىرىڭ ئامان.

39. ئەل ئامانلىقنى تىلەر، دۈشمەن يامانلىقنى تىلەر.

40. ئەل قوزغالسا، تەخت قوزغىلار.

41. ئەلگە كىرسەڭ ئېلىڭچە. سۇغا كىرسەڭ بېلىڭچە.

42. ئەخمەقنىڭ دوستى تولا، پىيازنىڭ پوستى.

43. ئەقىللىق دوستىنى ماختار، ئەخمەق خوتۇنىنى.

44. ئەزمە ئويلانغۇچە، تەۋەككۈلچى مۇرادىغا يېتەر.

45. ئەسكى تۇماققا سېسىق كاللا خېرىدار.

46. ئەر قېرىسا قىز ئالار، قىز قېرىسا كىم ئالار.

47. باتۇر بىر قېتىم ئۆلەر، قورقۇنچاق مىڭ قېتىم.

48. بىلىملىك ئۇزار، بىلىمسىز تۇزار.

49. بىلمەسلىك ئەيىب ئەمەس، سورىماسلىق ئەيىب.

50. بۇلبۇلغا باغ ياخشى، قۇزغۇنغا تاغ ياخشى.

51. بۆرە تاپسا تەڭ ئورتاق، قاغا تاپسا دەرەخ ئۇچىدا.

52. بولىدىغان زىرائەت كۆكىدىن مەلۇم.

53. باي كىيسە مۇبارەك، كەمبەغەل كىيسە، نەدىن تاپتىڭ؟

54. بۆرىنى قانچە باقساڭمۇ ئىككى كۆزى جاڭگالدا.

55. بىلىكى چوڭ بىرنى يېڭەر، بىلىمى چوڭ مىڭنى.

56. بەرمىسىمۇ باي ياخشى، يېمىسىمۇ ماي ياخشى.

57. بىلىم ئۆگەنسە كىشى، كۆككە يېتەر بېشى.

58. بار ماختانسا ئېچىلىدۇ، يوق ماختانسا چېچىلىدۇ.

59. بالا ـ قازا كۆرۈنۈپ كەلمەس، پۇت ـ قولنى ساڭگىلىتىپ (كەلمەس).

60. بۆرىنىڭ خىرىس قىلغىنىدىن، تۈلكىنىڭ ھىجايغىنى يامان.

61. بۇزغىنىنىڭ سانى يوق، تۈزگىنىنىڭ تايىنى يوق.

62. بىتەلەي تالقان يېسە، قارنىدىن بوران چىقار.

63. بەڭگى دوڭغاق كېلەر، سوغۇققا توڭغاق كېلەر.

64. بىر ھارغانغا سۆز قىلما، بىر ئاچقانغا.

65. بۇغداي نېنىڭ بولمىسىمۇ، بۇغداي سۆزۈڭ بولسۇن.

66. بۇغداينىڭ باھانىسىدا قارمۇق سۇ ئىچىپتۇ.

67. بوغۇزلايمەن دېسە، قويمۇ تىپىرلايدۇ.

68. پادا باققاندا دوست ئىدۇق، ياڭاق چاققاندا ئايرىلدۇق.

69. پادىشاھ بىلەن تاز چىقىشالماس، ئۆردەك بىلەن غاز.

70. پادىشاھلىق ئەل بىلەن، تۆمۈرچىلىك يەل بىلەن.

71. پاقا سوزۇلۇپ يىلان بولالماس، موماي ياسىنىپ جۇۋان بولالماس.

72. پالتا چۈشكۈچە كۆتەك ئارام ئاپتۇ.

73. پۇل بار چاغدا مىڭ دوست، پۇل تۈگىسە قېنى دوست؟

74. پۇل تاپارغا سەن تۇرساڭ، يەپ ياتارغا مەن تۇراي.

75. پۇت يۈگۈرۈكى ئاشقا، ئېغىز يۈگۈرۈكى باشقا.

76. پىتنىڭ قارغىشىغا ئىت ئۆلمەس.

77. پوققا چالما ئاتسا، يۈزگە چاچرايدۇ.

78. پۇلى بارنىڭ گېپى ئوڭ، پۇلى يوقنىڭ گېپى توڭ.

79. پىچاقنى ئاۋۋال ئۆزۈڭگە سال، ئاغرىمىسا كىشىگە.

80. پۇلنىڭ بىر ئۇچى بىلەكتە، بىر ئۇچى يۈرەكتە.

81. پۇل تاپقۇچە، يۈز تاپ.

82. پىچاق ئىتتىك بولسا، غىلاپىنى كېسەر.

83. تەزىم قىلىپ ئاش-نان يېگۈچە، تىك تۇرۇپ دەشنام يە.

84. تاقىر بولسا تاغلىرىڭ، قۇرۇپ كېتەر باغلىرىڭ.

85. تاياق گۆشتىن ئۆتەر، تىل سۆڭەكتىن.

86. تېرىغان ئوراپ يەر، تېرىمىغان سوراپ يەر.

87. تىكەن بولۇپ پۇتقا كىرگۈچە، چىمەن بولۇپ باشقا قادال.

88. تىلىڭ كۆيسە تۈز يالا، ئىچىڭ كۆيسە مۇز يالا.

89. تار يەردە گۆش يېگۈچە، كەڭ يەردە مۇشت يە.

90. توخۇ داڭگال چۈشەر، ئۆچكە جاڭگال.

91. تويغا بارساڭ تويۇپ بار، بەش بالاڭنى قويۇپ بار.

92. تەۋرەپ كەلگەن ئەلدىن قورق، يامراپ كەلگەن سەلدىن قورق.

93. توشقاندەك يۈز يىل ياشىغۇچە، يولۋاستەك بىر يىل

ياشا.

94. تاللاپ ـ تاللاپ تازغا ئۇچراپتۇ.

95. تۇرغانلارغا تۇۋرۇك بول، ماڭغانلارغا كۆۋرۈك بول.

96. تۇزىنى يەپ، تۇزلۇقىنى چاقما.

97. تىرىك چېغىدا ۋاي داد، ئۆلگەندە پەرياد.

98. تالا مۇشۇكى ئۆي مۇشۇكىنى قوغلاپتۇ.

99. تاپقىنى گۇل كەلتۈرەر، تاپالمىغىنى بىر باش پىياز.

100. تۇگمەنىدە تۇغۇلغان چاشقان، گۇلدۇرمامىدىن قورقماس.

101. تەقدىرگە تايىنىپ ياشىماي، تەدبىرگە تايىنىپ ياشا.

102. جاھان ساڭا باقمىسا، سەن جاھانغا باق.

103. جاندىن كەچمىگۈچە، جانانغا يەتكىلى بولماس.

104. جاھاننى سۇ بېسىۋالسا، ئۇشۇقىغا كەلمەس.

105. جىنىنىڭ قەستى شاپتۇلدا.

106. جان بولسا جاھان، ئاش بولسا قازان.

107. جاھاندا مىڭ كىشى، كۆڭۈلدە بىر كىشى.

108. چاپىقىنى ئالىمەن دەپ قارىغۇ قىپتۇ.

109. چۆلگە يامغۇر ياخشى، يوبدانغا چامغۇر.

110. چېۋىن قونسا غىڭشىيسەن، كالتەك تەگسە جىم.

111. چاشقاننىڭ ئۆلگۈسى كەلسە، مۇشۈكنىڭ قۇيرۇقىنى چىشلەپتۇ.

112. چىراغ تۇۋى قاراڭغۇ.

113. چاپىنىمدا تۆت يانچۇق، خەجلەي دېسەم بىر پۇڭ يوق.

114. خۇشامەتچىدە نومۇس بولماس، قىلغان ئىشى دۇرۇس بولماس.

115. خوراز چىللىمىسىمۇ تاڭ ئاتار.

116. خېنىمنىڭ قېشىنى كۆرۈڭ، تاۋۇقنىڭ تېشىنى.

117. خانغا يارىغان ئېشىم تازغا يارىماپتۇ.

118. دۇنيا كېتەر بوشلۇقتىن، ئىمان كېتەر خۇشلۇقتىن.

119. دوستىنىڭ دوستلۇقى بېشىڭغا كۈن چۈشكەندە بىلىنەر.

120. دۇتار تارىسى ساتاردا يوق، بىلىمسىز كىشى قاتاردا يوق.

121. دۇنيادا ئىككى ئۆلۈم يوق، بىرىدىن قۇتۇلغان ھېچكىم يوق.

122. دىلى ئوچۇقنىڭ قولى ئوچۇق، ئەل سۆيگەننىڭ يولى ئوچۇق.

123. دوست چىللىسا قالما، دۇشمەن چىللىسا بارما.

124. دىل ئازار، خۇدا بىزار.

125. دېدەك مونچاق ئاسسا كىرمىگەن ئۆيى قالماس، قەلەندەر ئات مىنسە چىقمىغان دۆڭى قالماس.

126. دۇتار چالدىم يۇسۇپ ئەھمەدكە، ھېچنېمە كەلمەس قۇرۇق رەھمەتكە.

127. دۆڭنى كۆرۈپ تاغ دېمە، گۈلنى كۆرۈپ باغ دېمە.

128. دۇمباقنىڭ ئاۋازى يوغان، ئىچى بوش: ماختانچاقنىڭ گېپى يوغان، بېلى بوش.

129. رەڭمۇ رەڭ بولاي دەيمەن، ھېچنېمە رەڭ

بولالمايمەن.

130. زاغراڭنى يەپ ناغراڭنى چال.

131. زامان زورنىڭ، تاماشا كورنىڭ.

132. سەۋەب قىلساڭ سىۋەتتە سۇ توختايدۇ.

133. سەۋەب قىلساڭ زاۋال يوق، قىلالمىساڭ ئامال يوق.

134. سۆز قىلىپىدا ياخشى، پىچاق غىلاپىدا ياخشى.

135. سايىنىڭ تۇلكىسى كۆپ، خۇشامەتچىنىڭ كۇلكىسى كۆپ.

136. سەن تاش سانىساڭ، باشقىلار قۇم سانايدۇ.

137. سەۋر قىلساڭ غورىدىن ھالۋا پۇتەر.

138. سەۋزىدىن خەۋەر يوق، گۇرۇچ دەم يەپتۇ.

139. سۇ يەرنىڭ قىنى، يەر دىھقاننىڭ جىنى.

140. سۇغا يىقىلغان يامغۇردىن قورقماس.

141. سورىغان بىلىم ئالار، ئۇيالغان كىيىن قالار.

142. سۇ كەلگۇچە توغان سال.

143. سادىق دەپ ئىسىم قويسا، تۇلكە دەپ لەقەم ئاپتۇ.

144. سۆگەتتىن ئامۇت كۇتمە.

145. سۇنى كۆرمەي ئۆتۈك سالما.

146. سامساق، ئۇنى يىگەننىڭ تىنى ساق.

147. سۇت بىلەن كىرگەن خۇي، جان بىلەن چىقار.

148. سۇ سايغا ئاقار، پۇل بايغا.

149. شىرنىسى يوق مىۋىگە چىۋىنمۇ قونمايدۇ.

150. شامال چىقمىسا، دەرەخ لىڭشىماس.

151. غەيۋەتخورنىڭ تىلىنى كەس، ئاڭلىغۇچىنىڭ

قۇلىقىنى.

152. غەم قىلغۇچە پەم قىل.

153. غوجامنىڭ غوجىسى بار، چامغۇرنىڭ ئۇۋىسى.

154. غوجامنىڭ قورسىقى توق، قۇلى بىلەن ئىشى يوق.

155. قېيىنئانامنىڭ چىشى يوق، گۆشكە ئامراق؛ مۈشۈكنىڭ پۇلى يوق، تۆشكە ئامراق.

156. قاپىقىدىن قار يېغىپتۇ، كىرپىكىدىن مۇز.

157. قارغىش ئالغان يامان، ئالقىش ئالغان ئامان.

158. قىيىن ئىش يوق ئالەمدە، كۆڭۈل قويغان ئادەمگە.

159. قىز چوڭ بولسا كۆز تولا، ئوغۇل چوڭ بولسا سۆز.

160. كەمتەر ئامال تاپار، تەكەببۇر زاۋال تاپار.

161. كېڭەشلىك ئىش بۇزۇلماس.

162. كۆز دېگەن كامار نېمە، كۆرمىسە بىكار نېمە.

163. كۆسەي ئۇزۇن بولسا قول كۆيمەس.

164. كوزا كۈندە سۇنماس، كۈنىدە سۇنار.

165. كېرەكلىك تاشنىڭ ئېغىرى يوق.

166. كىملەرنىڭ ئەزىزلىرى كىملەرگە خار بولماس.

167. كۆزدىن ئايرىغان خۇدايىم ھاسىسىدىن ئايرىماس.

168. كەلمىگەن تەلەيدە ئاناڭنىڭ ھەققى بارمۇ؟

169. كۆپ ئاغرىغان ئەمچى بولۇر، كۆپ يۈرگەن يولچى.

170. كېسەل پاتمانلاپ كىرىپ، مىسقاللاپ چىقار.

171. كۈندۈزى ماڭغان يىلاننىڭ ئۆمرى قىسقا، كېچىسى ماڭغان ئەرنىڭ ئۆمرى قىسقا.

172. كۆرسە ھالى يوق، كۆرمىسە كارى يوق.

173. كىشىنىڭ ئىشىغا تومۇزدىمۇ قولى توڭار.

174. كۆڭۈلچەكنىڭ كۆتى ئوچۇق.

175. كەپتەردە بار كۆڭۈل پاختەكتە يوقمۇ؟

176. كۆڭۈل دېگەن پادىشاھ. كۆيۈپ قالسا تارتىشار.

177. كۆيۈمى يوق تۇغقاندىن يات ياخشى، ئىسسىقى يوق كاڭدىن كات ياخشى.

178. كەتمىنىمنى مەن چاپسام، يېتىپ يەيدۇ خان-غوجام.

179. كىشىنىڭ يېرىگە ئىشلەپ، قالدىم لېۋىمنى چىشلەپ.

180. كۆيدۈرسىمۇ كۈن ياخشى.

181. كەلىمە تەيىننى ياراتماي ئىمانسىز قاپتۇ، چىبەرقۇتنى ياراتماي ئىشتانسىز قاپتۇ.

182. كۈندۈزى مەندەك ئەر يوق، كېچىسى ياتىدىغان يەر يوق.

183. گۇمان ئىماننى قاچۇرىدۇ.

184. گۈلزارلىقتا ئەتىرنىڭ قەدرى يوق.

185. گۆھەر ياتىدۇ سايدا، تونۇمىساڭ نېمە پايدا!

186. گەپ يۈزدە ياخشى، ئۈسسۈل تۈزدە ياخشى.

187. گۆر ئەنسىزلىكىدىن ئۆي ئەنسىزلىكى يامان.

188. گاچا بولسىمۇ، باينىڭ بالىسى سۆزلىسۇن.

189. لەيلىنى كۆرۈش ئۈچۈن مەجنۇننىڭ كۆزى كېرەك.

190. مېلىڭ مىڭغا يەتكۈچە دوستۇڭ مىڭغا يەتسۇن.

191. مەن ئالدىرايمەن ماڭغىلى، ئېشىكىم ئالدىرايدۇ ياتقىلى.

192. مېھمان كەلسە قوندۇرما، قوندۇرساڭمۇ توڭدۇرما.

193. مېھنەت قىلدىڭ خوپ قىلدىڭ، مىننەت قىلدىڭ يوق قىلدىڭ.

194. مەردنى مەيداندا سىنا.

195. مېڭىشقا ئېرىنسەڭ يۈگۈرەيسەن.

196. موزاينىڭ يۈگۈرۈشى سامانلىققىچە.

197. مېۋىلىك دەرەخ ئېگىلىپ تۇرار، مېۋىسىز دەرەخ غادىيىپ تۇرار.

198. ماختانچاقنىڭ ئۆيىگە بارما، كېرىلگەننىڭ تويىغا.

199. مەن قىلارمەن ئوتتۇز، خۇدايىم قىلار توققۇز.

200. ماختانچاق گېلىدىن قېرىيدۇ، خۇشامەتچى بېلىدىن قېرىيدۇ.

201. مېنىڭ ئىشىم سەن بىلەن، سېنىڭ ئىشىڭ كىم بىلەن.

201. مال ئىگىسىنى دورىمىسا ھارام.

203. مۇشۇكنى ھارۋىغا قاتساڭ، كارىۋاتنىڭ ئاستىغا سۆرەيدۇ.

204. مانتىغا پىياز، سامسىغا تۇز، ھەركىمنىڭ يارى ئۆزىگە ئۆز.

205. مۇھەببەت چىراي تاللىماس، ئۇيقۇ جاي.

206. مانتا كۆرمىگەن قاسقانغا دۇم چۈشەر.

207. مۇت، زەھەر بولسىمۇ يۇت.

208. موللا پۇلنى دوست تۇتمايدۇ، قولىغا كىرسە بوش تۇتمايدۇ.

209. موللا كۆپ يەردە قوي ھارام.

210. موللام سەللىسىگە ئىشىنەر، قۇشناچىم

زەللىسىگە.
211. موللىنىڭ دېگىنىنى قىل، قىلغىنىنى قىلما.
212. نەپسى دېگەن بالادۇر، ئاخىر ئوتقا سالادۇر.
213. ناز قىزغا يارىشار، غاز كۆلگە.
214. نادان بىلەن گەپ تالاشقۇچە، ئىت بىلەن سۆڭەك تالاش.
215. نۇرسىز چىراغنى پەرۋانە ئايلانماس.
216. نىيىتى يامانىنىڭ قازىنى تۆشۈك.
217. نېمىنى تېرىساڭ، شۇنى ئالىسەن.
218. نان تۇرۇپ قالسا سۇغا يۇگۇر، سۇ تۇرۇپ قالسا گۆرگە.
219. نەقتىن ھەسەل چىقار، نېسىدىن كېسەل.
220. ھالغا بېقىپ ھەشەم، داپقا بېقىپ سەنەم.
221. ھەر كىشى ئۆز غېمىدە، كور كىشى كۆز غېمىدە.
222. ھەرىكەتتە بەرىكەت، بىكارچىلىقتىن نېرى كەت.
223. ھەسەتخوردا كۆز يوق، قەسەمخوردا سۆز يوق.
224. ھۇرۇننىڭ ئەتىسى تۈگىمەس.
225. ھېسابلىق دوست ئايرىلماس.
226. ھىيلىگەردىن توخۇم ئالساڭ، ئىچىدىن سېرىقى چىقماس.
227. ھاقارەتلىك تۇرمۇشتىن ساداقەتلىك ئۆلۈم ياخشى.
228. ھەر گۈلنىڭ پۇرىقى باشقا.
229. ھەسەلنى كۆپ يېسەڭ ئەمەن تېتىيدۇ.
230. ھاۋانىڭ گۈلدۈرى بار يامغۇرى يوق، قېرىنىڭ جۇدۇنى بار ماغدۇرى يوق.

231. ھالۋىنى ھېكىم يەپتۇ، تاياقنى يېتىم.

232. ھەممە ئىشنى ئوڭ قول قىلسا، ئالتۇن ئۈزۈكنى سول قول سالار.

233. ھەرىمۇ شېرىنىسى بار يەرگە قونىدۇ.

234. ئويلىماي سۆزلىسەڭ، ئاغرىماي ئۆلىسەن.

236. ئوغۇت يىغساڭ تاتىلاپ، ئاش ئالىسەن قاچىلاپ.

237. ئوغرى بولساڭ ئىنساب بىلەن بول، تاۋۇقنى ئالساڭ قوشۇقىنى قوي.

238. ئوغرى قېرىسا سوپى بولار، جالاپ قېرىسا بۇۋى.

239. ئۇستازى زالىم بولسا، شاگىرتى ئالىم بولۇر.

240. ئۇينىڭ مۈڭگۈزىگە ئۇرسا تۇيىقى سىرقىرار.

241. ئۇستا ئوۋچى ئىز تونۇيدۇ، زېرەك يىگىت قىز تونۇيدۇ.

242. ئۆيۈڭ تار بولسىمۇ، كۆڭلۈڭ كەڭ بولسۇن.

243. ئۆزۈڭنى ئەر چاغلىساڭ، ئۆزگىنى شىر چاغلا.

244. ئۆزۈم تاپقان بالاغا، نەگە باراي داۋاغا.

245. ئۆلمىگەن جاندا ئۈمىد بار.

246. ئۆز ئۆيۈمنىڭ خۇشلۇقى، پۇت-قولۇمنىڭ بوشلۇقى.

247. ئۆزۈڭ قىڭغىر بولساڭمۇ، گېپىڭ تۈز بولسۇن.

248. ئۆلۈمدىن باشقىسى تاماشا.

249. ئۆزى ئۇچۇن ئۇخلاپ، كىشى ئۇچۇن چۈش كۆرەر.

250. ئۆرۈك ئۆرۈكنى كۆرسە ئالا بوپتۇ.

251. ئۆزى يوقنىڭ يۈزى يوق.

252. ئۆرۈك باغدا قىممەت، كېيىك تاغدا.

253. ئۆچكە جان قايغۇسىدا، قاسساپ ماي قايغۇسىدا.

254. ئۆي تارلىقىدىن كۆڭۈل تارلىقى يامان.
255. ئۆتمەس ماتا، زورلاپ ساتار.
256. ئۆيگە ئوغرى كىرسە، ئىتنىڭ تەرىتى قىستاپتۇ.
257. ئۆزى ئۆيگە كىرگۈچە كەشى تۆرگە چىقىپتۇ.
258. ئۆردەككە سۇ يۇقماس.
259. ئۇجمە پىش، ئېغىزىمغا چۈش.
260. ئېيتقۇچى ئاقىل بولسا، ئاڭلىغۇچى ماقۇل بولىدۇ.
261. ئېرىقنى ئويۇپ چاپ، سۇنى ئويناپ تۇت.
262. ئېشىكى يوق موللامنىڭ قۇلىقى تىنچ.
263. ئېشەك تەخىيىگە ئېشەكلىكتىن باشقىنى ئۆگەتمەس.
264. ئېشەك ئالدىغا ئۆتۈۋالسا، ئاتنىڭ مېڭىشى بۇزۇلار.
265. ئېشەككە كۈچۈك يەتمىسە ئۇر توقۇمىنى.
266. ئېشەك ئېشەكتىن قالسا قۇلىقىنى كەس.
267. ئىش قورالىڭ ساز بولسا مۇشەققىتىڭ ئاز بولۇر.
268. ئىش ۋاقتىدا ھەييار، ئاش ۋاقتىدا تەييار.
269. ئىشچان ئېشىنى يەر، ھۇرۇن بېشىنى.
270. ئىشلىگەننىڭ يۈزى يورۇق.
271. ئىت سۆڭەك يېسە كۆتى بىلەن كېڭىشەر.
272. ئىللەت تۈزەلمىسە، مىللەت تۈزەلمەس.
273. ئىتنىڭ قارغىشىغا پىت ئۆلمەس.
274. ئىش بىلگەن ئىشنى ھاردۇرار، ئىش بىلمىگەن ئۆزىنى ھاردۇرار.
275. ئىتنىڭ كۆڭلى سۆڭەكتە.
276. ئىتتىرىپ بەرگەننى ئىت يېمەس.

277. ئىشەنگەن تاغدا كېيىك ياتماپتۇ.
278. يامانغا ئات بولغۇچە، ياخشىغا ھاسا بول.
279. يامانغا ياغ ياراشماس، ئۆچكىگە يۇمغاقسۇت.
280. يېڭىنى ئايىغان كونا، كىگىزنى ئايىغان بورا.
281. يىغى ياندىن كېلۇر، بالا قېرىنداشتىن.
282. يېقىن كەلسە چىشلىشەر، يىراق بولسا كىشنىشەر.
283. ياخشى مېھمان غىزا ئۈستىگە، يامان مېھمان ئىزا ئۈستىگە.
284. يەر ھەيدىسەڭ كۈز ھەيدە، كۈز ھەيدىمىسەڭ يۈز ھەيدە.
285. يۈزۈمنىڭ قېلىنلىقى جېنىمنىڭ راھىتى.
286. ياش تۆككۈچە مۇشت تۈگ.
287. يولۋاسنى يەڭگەن باتۇر ئەمەس، ئاچچىقنى يەڭگەن باتۇر.
288. يىلان چېقىۋالغان ئادەم ئارغامچىدىنمۇ قورقىدۇ.
289. يېرىڭ تاش بولسىمۇ ئېچىقىڭ باش بولسۇن.
290. يالغان ئېيتساڭ تۇتۇلىسەن، راست ئېيتساڭ قۇتۇلىسەن.
291. يېگەن ئېغىز ئۇيۇلار.
292. يامان ئاتاق بىلەن يۈرگەندىن ياخشى ئاتاق بىلەن ئۆلگەن ياخشى.
293. ياشلىقىڭدا گۈل قىس، قېرىغاندا غىت قىس.
294. ياراتمىغان چوماق قاڭشارنى يارار.
295. يەكچەشمىنىڭ شەھىرىگە بارساڭ بىر كۆزۈڭنى قىس.

296. ياغاچ پىچاقتا تۆمۈر غىلاپ.

297. ياتنىڭ ياندىن ئۆتەر، تۇغقاننىڭ جاندىن.

298. يولۋاس يوق تاغدا تۈلكە پادىشاھ.

299. ياقىلار ئېتەك بولدى، ئېتەكلەر ياقا.

300. ياخشىدىن ئات قالىدۇ، ياماندىن داد.

301. ياخشى ئىت ئۆلۈكىنى كۆرسەتمەس.

302. يامان ئىشنى يامان تاپار، سېسىق گۆشنى چىۋىن.

303. ياخشى تاماق ئېشىپ قالغۇچە، يامان قورساق يېرىلىپ كەتسۇن.

304. يەي دېسە چىشى ئاغرىيدۇ، بېرەي دېسە ئىچى ئاغرىيدۇ.

305. قورققانغا قوش كۆرۈنەر، كۆلەڭگىسى بەش كۆرۈنەر.

306. قۇلدەك ئىشلەپ، بەگدەك يە.

307. قورققان يەردە جىن بار.

308. قورقۇنچاق ھەسەتخور بولار، نامەرد قەسەمخور.

309. قاشقا سانىساڭ كۆزگە، كىشىگە سانىساڭ ئۆزگە.

310. قەسەمخورنىڭ ئۆمرى قىسقا.

311. قول يەتمىگەن شاپتۇل ئاچچىق.

312. قېرىغاندا قېرى تارتۇق، قىلىقلىرى ئاندىن ئارتۇق.

313. قىزىم ساڭا ئېيتاي، كېلىنىم سەن ئاڭلا.

314. قول قولنى يۇسا، قول يۈزنى يۇيار.

315. قوينۇڭدىن تۆكۈلسە قونجۇڭغا.

316. قوشناڭ قارىغۇ بولسا، كۆزۈڭنى قىس.

317. قېيدىغان ئابدالنىڭ خۇرجۇنىغا زىيان.

318. قىزغا قۇچاق لازىم، قويغا پىچاق لازىم.

319. قۇيرۇقىنى كۆتۈرگەن كالا تېزەكلىمەي قالماس.
320. قۇشناچىمىنىڭ ئىشىنى ئوخشاتقان موللىكامىنىڭ ئوتىيىشى.
321. قۇشقاچ بولسىمۇ قاسساپ سويسۇن، ئالتۇننى زەرگەر سوقسۇن.
322. قوغۇنلۇققا ئوغرى كىرسە، پىششىق-تونىنى تاللىماس.
323. قەھرىمان ئوق يەيدۇ، باللىرى پوق يەيدۇ.
324. تەر تۆكۈپ چاچساڭ ئورۇق، يەر سىڭنى قويماس قورۇق.
325. تۆمۈرنى قىزىقىدا سوق.
326. توغرا سۆز تاشنى يارار، ئەگرى سۆز باشنى.
327. تۆھمەت تاشنى يارىدۇ، بايقىمىساڭ باشنى يارىدۇ.
328. تەدان تۈلكە تۇمشۇقىدىن ئىلىنار.
329. تۆگىنىڭ مازار بىلەن ئىشى يوق، يىپنىڭ كېۋەز بىلەن.
330. تاشمۇ چۈشكەن يېرىدە ئېزىز.
331. تۆگىنىڭ قۇيرۇقى بولغۇچە، خورازنىڭ تاجىسى بول.
332. تىرىك تۆر تالىشار، ئۆلۈك گۆر (تالىشار)
333. ئىككى قوچقار سوقۇشسا بۆرىگە پايدا.

## تۆتىنچى بۆلۈم
## ھەممباب مەشىق سوئاللىرى

### §1. تاللاش سوئالى

**فونېتىكا قىسمى**

*1. سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىشى ھەققىدە تۆۋەندىكىلەردىن توغرىسى:* (   )

A. «بىلىملىك دۆلەتمەن بولۇر، بىلىمسىز سۆلەتمەن بولۇر» دېگەن ماقالىدىكى ئىككى سۆز تەركىبىدىكى سوزۇق تاۋۇش تىل ئالدى جەھەتتىن، ئىككىسى تىل ئارا جەھەتتىن، يەنە ئىككى سۆز ھەم تىل ئورنى، ھەم لەۋ ھالىتى جەھەتتىن ماسلىشىپ كەلگەن.

B. «يەنگە مەڭساق كۆز ئېچىپ، كاپىر، جەدىت دەپ قارغىشۇر، بۇ ھاماقەت دەۋرىدە ئاتەش بولۇپ يانارىمەن» دېگەن مىسرادىكى ئۈچ سۆز تىل ئورنى جەھەتتىن ماسلاشقان، ئىككى سۆز ھەم تىل ئورنى، ھەم لەۋ ھالىتى جەھەتتىن ماسلاشقان.

C. «سۆيگۈنىدىن ئايرىلىپ قېلىش شۇنىڭ ئۈچۈن ئازابلىقكى، قارشى تەرەپ يۈرىكىنى قايتۇرۇۋالغان، سىز بولسىڭىز قايتۇرۇۋالمىغان» دېگەن جۈملىدە بىر سۆز

تەركىبىدىكى سوزۇق تاۋۇش ھەم تىل ئورنى، ھەم لەۋ ھالىتى جەھەتتىن ماسلاشقان، ئۈچ سۆز تەركىبىدىكى سوزۇق تاۋۇش لەۋ ھالىتى جەھەتتىن ماسلاشقان.

D. «ئۆلۈم مېنىڭ، مەنمۇ ئۆلۈمنىڭ، چېكى شۇدۇر ھايات يولۇمنىڭ» دېگەن مىسرادا يەتتە سۆز تەركىبىدىكى سوزۇق تاۋۇش تىل ئورنى جەھەتتىن، تۆت سۆزدىكى سوزۇق تاۋۇش ھەر ئىككى جەھەتتىن ماسلاشقان.

*2. سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىشى ھەققىدە تۆۋەندىكىلەردىن توغرىسى:* ( )

A. «تويدىن كېيىن ناغرا، قىشتىن كېيىن زاغرا» دېگەن تەمسىلدىكى ئۈچ سۆزگە تىل ئارا سوزۇق تاۋۇش «ئې، ئى» لار بىلەنلا تۇزۇلگەن سۆزلەرنىڭ تەركىبىدە «ك، گ» تاۋۇشلىرى بولسا، تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشلۇق قوشۇمچە، «ك، گ» تاۋۇشلىرى بولمىسا، تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇشلۇق قوشۇمچە ئۇلىنىدۇ، دېگەن قائىدىگە ئاساسەن تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشلۇق قوشۇمچە ئۇلىنىدۇ.

B. «مەن ھامان بىركۈنى تۆت بالامنىڭ تېرىسىگە قاراپ ئەمەس، پەزىلىتىگە قاراپ باھالايدىغان ئاشۇنداق بىر دۆلەتتە ياشىشىنى ئارزۇ قىلىمەن» دېگەن جۈملىدە ئالتە سۆز تەركىبىدىكى سوزۇق تاۋۇش تىل ئارقا جەھەتتىن، ئۈچ سۆزدىكى سوزۇق تاۋۇش تىل ئالدى جەھەتتىن، بىر سۆز تەركىبىدىكى سوزۇق تاۋۇش لەۋ ھالىتى جەھەتتىن ماسلاشقان.

C. «قىزلار نېپىز پوستلۇق پىيازغا ئوخشايدۇ، ئۇنىڭ قېتىنى سويغانسېرى كۆزۈڭ ئاچچىق ياشقا تولىدۇ» دېگەن

جۈملىدىكى ئىككى سۆز تەركىبىدىكى سوزۇق تاۋۇش ھەم تىل ئورنى، ھەم لەۋ ھالىتى جەھەتتىن، ئىككى سۆز تەركىبىدىكى سوزۇق تاۋۇش تىل ئارا جەھەتتىن ماسلىشىپ كەلگەن.

D. «ئارەزىنىڭ ياپقاچ كۆزۈمىدىن تۆكۈلىۋر ھەرلەھىزە ياش، بۇيلەكىم پەيدا بولىۋر يۈلتىۋز نىھان بولغاچ قۇياش» دېگەن مىسرادا تۆت سۆزدىكى سوزۇق تاۋۇشتا ماسلىشىش كۆرۈلمىگەن. ئۈچ سۆزدىكى سوزۇق تاۋۇش ھەم تىل ئورنى، ھەم لەۋ ھالىتى جەھەتتىن ماسلاشقان.

3. *سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىشى ھەققىدە تۆۋەندىكىلەردىن توغرىسى:* ( )

A. «ئاچ قالساڭمۇ توقتەك يۈر، غەم-قايغۇسى يوقتەك يۈر» دېگەن ماقالىدىكى ئىككى سۆزدە سوزۇق تاۋۇشلار ھېچقايسى جەھەتتىن ماسلاشمىغان. باشقا سۆزلەر بىر بوغۇملۇق بولغانلىقى ئۈچۈن ماسلىشىش جەھەتتىن تەھلىل قىلىنمايدۇ.

B. «بۇلبۇل چۆلدىمۇ چىمەن ئۈچۈن سايرايدۇ» دېگەن جۈملىدە بىر سۆز ھەم تىل ئارقا، ھەم لەۋ ھالىتى جەھەتتىن، بىر سۆز ھەم تىل ئالدى، ھەم لەۋ ھالىتى جەھەتتىن، بىر سۆز پەقەت تىل ئارقا جەھەتتىن ماسلاشقان. بىر سۆزدە سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىشى كۆرۈلمىگەن.

C. «بىز قانۇنىي ئورنىمىزنى قولغا كەلتۈرۈش داۋامىدا قانۇنسىز ھەرىكەتلەر بىلەن ئۆزىمىزنى جىنايەت يولىغا ئىتتىرمەسلىكىمىز كېرەك. ئۆچمەنلىكنىڭ ئاچچىق شارابى بىلەن ئەركىنلىككە بولغان تەشنالىقىمىزنى باسساق بولمايدۇ» دېگەن جۈملىدە كېلىش قوشۇمچىلىرى بىلەن

تۈرلەنگەن سۆزلەر تەركىبىدىكى سوزۇق تاۋۇشلار تىل ئارقا جەھەتتىن ماسلاشقان. ئىككى سۆز تەركىبىدىكى سوزۇق تاۋۇشلاردا ماسلىشىش كۆرۈلمىگەن.

D. «چىرايى ئۇز، لېكىن خۇلقى سەت بولسا، بىر گۈزەل خەتتۇر ئۇ ئىملاسى خاتا» دېگەن مىسرادا ئىككى سۆز تەركىبىدىكى سوزۇق تاۋۇشلاردا ماسلىشىش كۆرۈلمىگەن، ئىككى سۆز لەۋ ھالىتى جەھەتتىن ماسلاشقان.

*4. سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىشى ھەققىدە توۋەندىكىلەردىن توغرىسى:* (  )

A. «ئەسكى تامدا قۇشقاچ تولا، نامراتقا پۇتلاش تولا» دېگەن ماقالدىكى بەش سۆز تىل ئارقا جەھەتتىن، ئىككى سۆز تىل ئالدى جەھەتتىن، بىر سۆز لەۋ ھالىتى جەھەتتىن ماسلاشقان.

B. «ئورۇنلۇق جاۋاب ئالماقچى بولساڭ، يوللۇق سوئال سورا» دېگەن جۈملىدىكى بارلىق سۆزلەر تىل ئارقا جەھەتتىن ماسلاشقان، بۇنىڭ ئىچىدە ئۈچ سۆز ھەم تىل ئورنى، ھەم لەۋ ھالىتى جەھەتتىن ماسلاشقان.

C. «ساكلار نۇرغۇن خەق، ئۇلارغا ئون ئوغۇز، توققۇز ئوغۇز دەپ ئاتىلىدىغان ئۇيغۇر لەشكەرلىرىنى قوشقاندا، ئۇ خەقنىڭ ھېسابىغا سان يەتمەيدۇ» دېگەن جۈملىدىكى بارلىق سۆزلەر تىل ئارقا جەھەتتىن ماسلاشقان، بۇنىڭ ئىچىدە بەش سۆز ھەم تىل ئورنى، ھەم لەۋ ھالىتى جەھەتتىن ماسلاشقان.

D. «تونۇگۈن ئۆچۈن ياشىغان ئادەم جاھىل، بۈگۈن ئۈچۈن ياشىغان ئادەم غالىب، ئەتە ئۈچۈن ياشىغان ئادەم قەيسەر» دېگەن جۈملىدىكى بەش سۆز ھەم تىل ئالدى، ھەم

لەۋ ھالىتى جەھەتتىن ماسلاشقان. ئۈچ ئورۇندا كەلگەن ئوخشاش بىر سۆز تىل ئورنى جەھەتتىن ماسلىشىپ كەلگەن.

*5. ئۆزۈك تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىشى ھەققىدە تۆۋەندىكىلەردىن توغرىسى:* (   )

A. «ئەخمەقكە مەنسەپ تەگسە، قوتانغا زەدىۋال تارتار» دېگەن ماقالدىكى ئىككى سۆزگە ئۇلانغان كېلىش قوشۇمچىسى ئۆزۈك تاۋۇشلارنىڭ ئاھاڭداشلىق قائىدىسىگە ماس ھالدا ئۇلانغان، بىر سۆزدىكى كېلىش قوشۇمچىسى بۇ قانۇنىيەتكە بويسۇنمىغان.

B. «كىمكى قەشقەرگە كېلىپ قالسا، ئۇ ھۆر-پەرىلەرگىمۇ، جەننەتكىمۇ ھەۋەس قىلمايدۇ، ئۆز يۇرتىنى ئۇنتۇپلا كېتىدۇ» دېگەن جۈملىدە ئۆزۈك تاۋۇشلىرى جاراڭلىق جەھەتتىن ماسلاشقان سۆزدىن ئۈچى، جاراڭسىز جەھەتتىن ماسلاشقان سۆزدىن بىرى بار. ئۈچ سۆزگە ئۇلانغان قوشۇمچە ئۆزۈك تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىش قائىدىسىگە بويسۇنمىغان.

C. «مۇھەببەتكە تەبىر بەرگىلى بولمايدۇ، چۈشەندۈرگىلى بولىدىغان نەرسىمۇ مۇھەببەت ئەمەس» دېگەن جۈملىدىكى تۆت سۆزگە ئۆزۈك تاۋۇشلارنىڭ ئاھاڭداشلىق قائىدىسى بويىچە قوشۇمچە ئۇلانغان. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئۈچ سۆزدە ئىككىدىن ئورۇندا ماسلىشىش كۆرۈلگەن.

D. «ئېگىز ئۆسكەن دەرەخمۇ خالىي بولماس پۇتاقتىن، تۇغۇلسىكەن مىللىتىم پەقەت بىرلا قورساقتىن» دېگەن مىسرادىكى ئۈچ سۆزگە ئۇلانغان كېلىش قوشۇمچىسى جاراڭسىز جەھەتتىن ماسلاشقان.

*6. ئۆزۈك تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىشى ھەققىدە*

*تۆۋەندىكىلەردىن توغرىسى:* (    )

A. «ئوڭدا ياتقان گىردە يەپتۇ، كەتمەن چاپقان جىگدە» دېگەن ماقالدا كېلىش قوشۇمچىسى بىلەن تۈرلەنگەن ئۈچ سۆز جاراڭلىق جەھەتتىن، سۈپەتداش قوشۇمچىسى بىلەن تۈرلەنگەن ئىككى سۆز جاراڭسىز جەھەتتىن ماسلاشقان.

B. «ھېرىس ئوتنى تېزلەتكەن، ياخشى - يامان سۆزلەتكەن، زەھرى قاتىلغا سالغان، نەفسى ھەۋا ئەمەسمۇ؟» دېگەن مىسرادىكى ئىككى سۆزدە ئىككىدىن ئورۇندا ھەم جاراڭلىق، ھەم جاراڭسىز جەھەتتىن ماسلىشىش كۆرۈلگەن. كېلىش قوشۇمچىسى بىلەن تۈرلەنگەن يەنە ئىككى سۆز جاراڭلىق جەھەتتىن ماسلاشقان.

C. «ئەركىنلىكتىن مەھرۇم بولغان ۋاقىتلىرىمىزدا ئۈچۈپ يۈرگەن قۇشلارغا قاراپ ھەۋەسلىنىمىز، ئەركىنلىككە ئېرىشكىنىمىزدە قەپەستىكى قۇشلارغا قاراپ ئۇھ تارتىمىز» دېگەن جۈملىدە تۆت ئورۇندا جاراڭسىز، ئون ئورۇندا جاراڭلىق ئۈزۈك تاۋۇشلار ماسلاشقان.

D. «سەن ھەسرەت چەككەندە مەن يېنىڭدا بار، مەن ھەسرەت چەككەندە چوقۇم قار ياغار» دېگەن مىسرادىكى ئۈچ سۆزگە ئۇلانغان كېلىش قوشۇمچىسى ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ ئاھاڭداشلىق قائىدىسى بويىچە ئۇلانغان. ئىككى ئورۇندا كەلگەن ئوخشاش بىر سۆز تەركىبىدە يەنە جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇشلار ماسلىشىپ كەلگەن.

7. *ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىشى ھەققىدە تۆۋەندىكىلەردىن توغرىسى:* (    )

A. «بالا كېلەر يوقسۇزغا، كېيىك ئۈچرار ئوقسىزغا»

دېگەن ماقالىدىكى ئىككى سۆزدە ئىككى ئورۇندا جاراڭسىز، ئىككى ئورۇندا جاراڭلىق ئۈزۈك تاۋۇشلار ماسلىشىپ كەلگەن.

B. «ئەتتەڭ! (ناۋا مۇقامى) ئەۋجىگە كۆتۈرۈلگەندە چالغۇ تارىسى (تارس) قىلىپ ئۈزۈلدى! تار ئالماشتۇرالمايسەن. بۇ خۇددى ئات يەڭگۈشلىيەلمىگەنگە ئوخشايدۇ» دېگەن جۈملىدىكى ئاستى سىزىلغان سۆزدە ئىككى ئورۇندا ئۈزۈك تاۋۇش جاراڭلىق جەھەتتىن ماسلاشقاندىن باشقا، سوزۇق تاۋۇشلىرى تىل ئورنى ھەم لەۋ ھالىتى جەھەتتىن ماسلاشقان.

C. «يۈكسەك مەقسەتلەر ئۈستىدە بىرلىككە كېلەلمىگەن مۇھەببەتنىڭ ئاقىۋىتى ئۈزۈن ئاپتوبۇستىكى سەپەرداشلارنىڭ ئاقىۋىتىگە ئوخشايدۇ» دېگەن جۈملىدە ئىككى سۆز جاراڭسىز جەھەتتىن، ئالتە ئورۇندا جاراڭلىق جەھەتتىن ماسلىشىش كۆرۈلگەن.

D. «غەربتە ئاي، شەرقتە قۇياش،
بىر-بىرىگە ئېگىشمەيدۇ باش.
ئاي قۇياشنى تەكەببۇر دەيدۇ،
قۇياش دەيدۇ ئاينى باغرى تاش»

دېگەن شېئىردا ئىككى سۆزدە جاراڭسىز جەھەتتىن ماسلىشىش كۆرۈلگەن، بىر سۆزگە قوشۇلغان كېلىش قوشۇمچىسى ئاھاڭداشلىق قائىدىسىگە بويسۇنمىغان. بۇ خىل ئەھۋال تىل ئادىتىمىزگە ئۇيغۇن ئەمەس.

*8. ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىشى ھەققىدە تۆۋەندىكىلەردىن توغرىسى: ( )*

A. «توكۇر ئېشەككە ئالتۇن تاقا، ئەسكى چاپانغا سۆسەر

ياقا» دېگەن تەمسىلدە ئىككى سۆزگە ئۇلانغان كېلىش قوشۇمچىسى ھەم ئۆزۈك، ھەم سوزۇق تاۋۇشنىڭ ئاھاڭداشلىقىنى سۇرۇشتە قىلىپ ئۇلانغان.

B. «مەن بازارغا سالماقچى بولغان بۇ نەرسە پۇلغا ئېلىش تۇگۇل، بىكارغا قاراپ قويۇشقىمۇ ئەرزىمەيدىغان كاسات مالغا ئايلىنىپ قېلىشى، ياكى ھېسابسىز ئالتۇن بېرىپمۇ سېتىۋېلىش ئەسلا مۇمكىن بولمايدىغان بىباھا نەرسە ئورنىدا ئالەم ئارا شۆھرەت تېپىشى ئېھتىمال» دېگەن جۈملىدە ئالتە ئورۇندا جاراڭلىق ئۈزۈك تاۋۇش، تۆت ئورۇندا جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇش ماسلىشىپ كەلگەن.

C. «مەڭگۈلۈك مۇھەببەت كىشىنى تەسىرلەندۈرىدىغان قۇرۇق گەپ» دېگەن جۈملىدىكى ئاستى سىزىلغان سۆزدە بىر ئورۇندا ئۈزۈك تاۋۇشلار ماسلاشقان. يەنە ئۇنىڭدىن باشقا سۆزلەر ئىچىدە سوزۇق تاۋۇشلىرى ماسلاشمىغان سۆزدىن بىرى، ھەم تىل ئورنى، ھەم لەۋ ھالىتى جەھەتتىن ماسلاشقان سۆزدىن ئىككىسى بار.

D. «مالامەت يەتسىمۇ بەزەن دىلىمغا ئۆز دىيارىمدا، بوسۇقتىن داجىماس ئىتتەك ماڭا ئەھدۇ ۋاپا ياخشى» دېگەن مىسرادا ئۈچ ئورۇندا جاراڭسىز، تۆت ئورۇندا جاراڭلىق ئۈزۈك تاۋۇش ماسلىشىپ كەلگەن.

*9. تاۋۇشلارنىڭ ئاھاڭداشلىق قائىدىسىگە ئاساسەن تۈۋەندىكىلەر ئىچىدە ئېيتىلغانلاردىن توغرىسى: ( )*

A. «تىلنىڭ ئەقلىنىڭ ئالدىغا ئۆتۈۋېلىشىغا يول قويما» دېگەن جۈملە تەركىبىدىكى سۆزلەرگە قوشۇمچىلار ئاھاڭداشلىق قائىدىسىگە ئۇيغۇن ھالدا ئۇلانغان، ھەم بۇ

قائىدە بويىچە سۆزلەرنىڭ يېزىلىشى توغرا.

B. «خائىن مۇلايىم خۇشامەتچى سۆزمەن كېلىدۇ» دېگەن جۈملە تەركىبىدىكى سۆزلەر لەۋ ھالىتى جەھەتتىن ماسلىشىپ كەلگەن.

C. «يېنىك» دېگەن سۆزگە سۈپەت دەرىجە قوشۇمچىسى «راق، رەك» نى ئۇلاشقا توغرا كەلسە «رەك» ئۇلىنىدۇ.

D. «ئىمتىھان» دېگەن سۆزگە ئاھاڭداشلىق قائىدىسىگە ئاساسەن «گە» قوشۇمچىسىنى ئۇلاش كېرەك.

*10. تاۋۇشلارنىڭ ئاجىزلىشىشى ھەققىدە تۆۋەندىكى بايانلاردىن توغرىسى:* (  )

A. «بىلىكىڭ توم بولسا، دۈشمىنىڭ سالامغا كېلەر» دېگەن ماقالدا ئۈچ سۆز تەركىبىدىكى «ئا،ئە» تاۋۇشى «ئى» تاۋۇشىغا ئاجىزلاشقان.

B. «نېگىرلارنىڭ ئادالەتكە تولغان يوروق كۆڭلىرى كەلمەيدىكەن، قارشىلىق بورانلىرى دۆلىتىمىزنىڭ ئۇلىنى توختاۋسىز تەۋرىتىپ تۇرىدۇ» دېگەن جۈملىدىكى تۆت سۆزدە تاۋۇشلارنىڭ ئاجىزلىشىش ھادىسىسى كۆرۈلگەن. ھەمدە «ئە» تاۋۇشى «ئى» تاۋۇشىغا ئاجىزلاشقان.

C. «كۆز ئالدىدىكى ئېزىقتۇرۇشلارغا تاقابىل تۇرالمىغانلار كېلەچەكتىكى بەختىنى قولدىن بېرىپ قويىدۇ» دېگەن جۈملىدە تۆت سۆز تەركىبىدىكى «ئا،ئە» تاۋۇشى «ئې،ئى» تاۋۇشىغا ئاجىزلاشقان.

D. «سېنىڭ جېنىڭ، مېنىڭ جېنىم بىر جان ئەمەسمۇ، سېنىڭ ئۈچۈن مېنىڭ جېنىم قۇربان ئەمەسمۇ؟» دېگەن مىسرادىكى يەتتە سۆزدە «ئا،ئە» تاۋۇشى «ئې،ئى» تاۋۇشىغا

ئاجىزلاشقان.

*11. تاۋۇشلارنىڭ ئاجىزلىشىشى ھەققىدە تۆۋەندىكى بايانلاردىن توغرىسى: (   )*

A. «بېقىپ يەي دېسەڭ مال قىل، يېتىپ يەي دېسەڭ باغ قىل» دېگەن ماقالدىكى تۆت سۆزدە «ئا، ئە» تاۋۇشى قوشۇمچە قوشۇلغاندىن كېيىن «ئې» تاۋۇشىغا ئاجىزلاشقان.

B. «ھەر ئىككىمىز بىر ئانىنىڭ بالىلىرى ئىدۇق، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاشۇ كىچىككىنە مەخلۇقنىڭ ماڭا شۇ قەدەر ئىشەنچ باغلاپ، خاتىرجەم بولۇپ قالغانلىقى ۋە خۇددى يېقىن تۇغقىنىغا ئوخشاش ماڭا يېپىشقانلىقى مېنى خۇشال قىلاتتى» دېگەن جۈملىدە ئۈچ سۆز تەركىبىدىكى «ئا، ئە» تاۋۇشى «ئى» تاۋۇشىغا، ئىككى سۆزدىكى «ئە» تاۋۇشى «ئې» تاۋۇشىغا ئاجىزلاشقان.

C. «مۇساپىرلىقنىڭ خېمىرتۇرۇچىنى ئۆز ۋەتىنىدىن ئېلىپ چىققان ئادەم باشقا ئەللەردىمۇ مۇساپىر» دېگەن جۈملىدىكى تۆت سۆزدە ئاجىزلىشىش كۆرۈلگەن بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئۈچ سۆزدىكى «ئە» تاۋۇشى «ئى» تاۋۇشىغا ئاجىزلاشقان.

D. «ئۆرگىلەدى پەلەك، چۆرگىلەدى پەلەك، غېمىم يوق مېنىڭ، سېنىڭدىن بۆلەك» دېگەن مىسرادا ئۈچ سۆزدىكى «ئا، ئە» تاۋۇشى «ئې» تاۋۇشىغا ئاجىزلاشقان.

*12. تاۋۇشلارنىڭ ئاجىزلىشىشى ھەققىدە تۆۋەندىكى بايانلاردىن توغرىسى: (   )*

A. «پارقىرىغاننىڭ ھەممىسى ئالتۇن ئەمەس، سايرىغاننىڭ ھەممىسى بۇلبۇل ئەمەس» دېگەن ماقالدا ئىككى

ئورۇندىكى «ئا» تاۋۇشى «ئى» تاۋۇشىغا، ئىككى ئورۇندىكى «ئە» تاۋۇشى«ئې» تاۋۇشىغا ئاجىزلاشقان.

B. «مەن يەڭدىم! يالغۇز بىر ئۆزۈم پۈتكۈل زور قوشۇننى يەڭدىم! جانىجان قەبىلىلىرىم، ئانىجان تۇپرىقىمنىڭ بېشىغا كەلگەن بالايىئاپەتنى پايانسىز قۇملۇققا دەپنە قىلدىم!» دېگەن جۈملىدە بەش ئورۇندىكى «ئا،ئە» تاۋۇشى «ئې،ئى» تاۋۇشىغا ئاجىزلاشقان.

C. «سەن ئۆزۈڭنى تاشلىۋەتكىنىڭدە باشقىلارنىڭ كېلىپ يۆلىۋېلىشىدىن ئۈمىد كۈتمە» دېگەن جۈملىدە ئالتە سۆزدە «ئا،ئە» تاۋۇشى «ئې،ئى» تاۋۇشىغا ئاجىزلاشقان.

D. «كېسىلىپ بوپتۇ سۇمبۇل چاچلىرىڭ،
سىلارمەنمۇ تاقىر بېشىڭنى،
دېمىگەنمۇ شائىر روزىكام،
‹كېسىۋەتمە ئۆزۈم چېچىڭنى›»

دېگەن مىسرادا بەش سۆزدىكى «ئە» تاۋۇشى «ئې» تاۋۇشىغا، ئىككى سۆزدىكى «ئا» تاۋۇشى «ئى» تاۋۇشىغا ئاجىزلاشقان.

*13. تاۋۇشلارنىڭ ئاجىزلىشىشى ھەققىدە تۆۋەندىكى بايانلاردىن توغرىسى:* (　　)

A. «تەلەي كەلسە بېشىڭغا، يارىڭ كېلەر قېشىڭغا» دېگەن ماقالدا ئۈچ سۆز تەركىبىدىكى «ئا» تاۋۇشى «ئې» تاۋۇشىغا ئاجىزلاشقان.

B. «ئېتى ھارسا ئانا چۈشكەن ھارۋىنىڭ، ئۆزى ئات بوپ سۆرىگەنلەر ياشىسۇن» دېگەن مىسرادىكى ئۈچ سۆز تەركىبىدىكى «ئا» تاۋۇشى «ئى» تاۋۇشىغا، بىر سۆز

تەركىبىدىكى «ئا» تاۋۇشى «ئې» تاۋۇشىغا ئاجىزلاشقان.

C. «ئەڭ كۆپ ئاغرىنىدىغان كىشى كۆپ ھاللاردا ئەڭ ئاز ئىش قىلىدىغان كىشىدۇر» دېگەن جۈملىدە «ئا،ئە» تاۋۇشلىرىنىڭ ئاجىزلىشىشى پەقەت كۆرۈلمىگەن دېسەك خاتا بولىدۇ.

D. «بىر كۈننى ئۆتكۈزمەك شۇنچىلىك تەستۇر، بۇلبۇللار بۇلبۇلدەك ناۋا ئەيلىمەس» دېگەن مىسرادا ئىككى سۆزدىكى «ئە» تاۋۇشى «ئى» تاۋۇشىغا ئاجىزلاشقان.

*14. «ئىلىم ماڭا بەردى قاناتنى» دېگەن جۈملە «ئىلىم-پەن ماڭا كۈچ قۇۋۋەت بەردى» دېگەن مەنىدە. ئۇنداقتا: ( )*

A. «ئىلىم» دېگەن سۆزنىڭ يېزىلىشى خاتا.

B. «ئىلىم» دېگەن سۆزدىكى «ئى» تاۋۇشى «ئې» قىلىپ يېزىلىشى كېرەك.

C. «ئىلىم» دېگەن سۆزنىڭ يېزىلىشى توغرا.

D. «ئىلىم» سۆزىگە شەخس قوشۇمچىسى قوشۇلغان.

*15. سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئاھاڭداشلىقىغا ئاساسلانماي مەنىسى خاتا ئىزاھلانغان سۆز: ( )*

A. بېلىم – تومۇرى «بەل» (ئادەم ئورگانىزمىنى بىلدۈرىدۇ)

B. ئىلىم – «ئىلىم-پەن» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

C. ئېلىم – «ئەل-يۇرت، ۋەتەن» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

D. بېلىم – «بىلىم – كۈچ» دېگەندىكى بىلىمنى بىلدۈرىدۇ

*16. تاۋۇشلارنىڭ چۈشۈپ قېلىشى ۋە قوشۇلۇپ قېلىشى*

*ھەققىدە توۋەندىكى بايانلاردىن توغرىسى: (      )*

A. «ئەقلى يوق باشتىن سۈيى يوق قاپاق ياخشى» دېگەن ماقالدا فونېتىكىلىق ئۆزگىرىشلەردىن پەقەت تاۋۇشلارنىڭ چۈشۈپ قېلىش ھادىسىسى كۆرۈلگەن.

B. «– خەلق جىم يۈرگىنى بىلەن كۆڭلىدە ھەممىنى بىلىدىكەن،–دېيىشتى كىشىلەر» دېگەن جۈملىدە بىر ئورۇندا تاۋۇشلارنىڭ چۈشۈپ قېلىشى، بىر ئورۇندا قوشۇلۇپ قېلىشى كۆرۈلگەن.

C. «ئاياللارنىڭ كۆڭلى مازارغا ئوخشايدۇ، كىرگەن كىشى چىقمايدۇ، ئەرلەرنىڭ كۆڭلى بازارغا ئوخشايدۇ، كىرگەن – چىققاننىڭ ھېسابى يوق» دېگەن جۈملىدە ئىككى ئورۇندا چۈشۈپ قېلىش، ئىككى ئورۇندا قوشۇلۇپ قېلىش ھادىسىسى كۆرۈلگەن.

D. «ئىتنى ئادەم كۆندۈرگەن، ئىتنىڭ نەسلى بۆرىدۇر. بەزى ئادەم تۆت پۇتلۇق، بەزى ئىتلار ئۆرىدۇر» دېگەن مىسرادا شەخس قوشۇمچىسى بىلەن تۈرلەنگەن ئىككى سۆزدىن بىرىدە تاۋۇش چۈشۈپ قالغان، بىرىدە قوشۇلۇپ قالغان.

*17. تاۋۇشلارنىڭ چۈشۈپ قېلىش ۋە قوشۇلۇپ قېلىش ھەققىدە توۋەندىكى بايانلاردىن توغرىسى: (      )*

A. «بۇقا بويىنىغا يىغار، ئابدال قويىنىغا» دېگەن ماقالدا بىر سۆز شەخس قوشۇمچىسى بىلەن تۈرلەنگەندە «ئۇ» تاۋۇشى چۈشۈپ قالغان.

B. «ئۆرغۈپ تۇرغان ئىسسىق قان جىسمىمدا ئىسيان ئېتەر، كۆندە مۇشتۇمدەك كېسەك خەت يېزىپ تۈگەپ كېتەر» دېگەن مىسرادا بىر سۆز تەركىبىدىكى «ئى» تاۋۇشى چۈشۈپ

قالغان. ئىككى سۆزگە قوشۇمچە قوشۇلغاندا «ي» تاۋۇشى قوشۇلۇپ قالغان.

C. «ھەقىقەت ھامان ئالىملارنىڭ ئىرادىسى شەكلىدە نامايان بولىدۇ» دېگەن جۈملىدە بىر سۆز ئىسمىنىڭ ئۈچىنچى شەخس قوشۇمچىسى بىلەن تۈرلەنگەندە «ئى» تاۋۇشى چۈشۈپ قالغان، ھەم شۇ سۆز يەنە ئىسمىنىڭ كېلىش قوشۇمچىسى بىلەنمۇ تۈرلەنگەن.

D. «بالام، دەپ بوينىغا ئالغان كۆيۈمچانلارغۇ كۆپ بىزدە، ئانام! دەپ باغرىنى ياققان كىشى بىزدە شالاڭ ئەمما» دېگەن مىسرادىكى بىر سۆزدە بىرلا ۋاقىتتا تاۋۇشنىڭ ھەم قوشۇلۇپ قېلىش ھەم چۈشۈپ قېلىشى كۆرۈلگەن.

*18. تاۋۇشلارنىڭ چۈشۈپ قېلىشى ۋە قوشۇلۇپ قېلىشى ھەققىدە تۆۋەندىكى بايانلاردىن توغرىسى:* ( )

A. «چىۋىننىڭ كۆڭلى پوققا چۈشەر» دېگەن تەمسىلدىكى بىر سۆز ئىسمىنىڭ شەخس قوشۇمچىسى بىلەن تۈرلەنگەندە «ئۇ» تاۋۇشى چۈشۈپ قالغان.

B. «ئاقىۋەت كېلىپ ئەلگە، قىلىپ ئەل ئۈچۈن خىزمەت، مۇكاپات ئورنىدا ئالدىم، بۇ ئازارى كۆلپەتنى» دېگەن مىسرادىكى بىر سۆز شەخس قوشۇمچىسى بىلەن تۈرلەنگەندە «ئى» تاۋۇشى چۈشۈپ قالغان.

C. «ئىنسان گاھىدا شۇنچە نادانكى، ئۆزىنىڭ ئىلكىدە بولغان مۇھەببەت ۋە گۈزەللىكنى تاپالماي، پۈتكۈل ئۆمرىنى ئۇنى ئىزدەش ئۈچۈن سەرپ قىلىۋېتىدۇ» دېگەن جۈملىدە بىر ئورۇندا تاۋۇشلارنىڭ قوشۇلۇپ قېلىش، ئىككى ئورۇندا چۈشۈپ قېلىش ھادىسىسى كۆرۈلگەن.

D. «سەن ئۇنىڭ، ئۇ سېنىڭ، كۆڭلۈڭ باشقىنىڭ، ئۆتەرسەن ئۆزۈڭ نەق، مۇھەببەت نېسى» دېگەن مىسرادا بىر ئورۇندا ئۇزۇڭ، بىر ئورۇندا سوزۇق تاۋۇش چۈشۈپ قالغان. يەنە بىر سۆزدە «ي» تاۋۇشى قوشۇلۇپ قالغان.

*19. تاۋۇشلارنىڭ چۈشۈپ قېلىشى ۋە قوشۇلۇپ قېلىشى ھەققىدە تۆۋەندىكى بايانلاردىن توغرىسى:* ( )

A. «كۆڭلۈڭ غەش بولسا، يىگىنىڭ لەش بولۇر» دېگەن ماقالدا بىر سۆزدە تاۋۇشلارنىڭ قوشۇلۇش، بىر سۆزدە چۈشۈپ قېلىش ھادىسىسى كۆرۈلگەن.

B. «كىمكى ئالىملارنى كەمسىتسە، ئۇ كىشىنىڭ ئۆمرى قىسقا بولۇر» دېگەن جۈملىدە ئىككى سۆزدە تاۋۇشلارنىڭ چۈشۈپ قېلىش ھادىسىسى كۆرۈلگەن.

C. تاۋۇشلارنىڭ چۈشۈپ قېلىشى بىلەن قوشۇلۇپ قېلىشىنىڭ ھەر ئىككىلىسىدە شەخس قوشۇمچىلىرى بىلەن تولۇلىنىش ئاساس قىلىنىدۇ، دېمەك ھەر ئىككىسىنىڭ شەرتى ئوخشاش.

D. «بىلىمەن، كۆزلىرىڭ قەلبىمدىكى چوغ،
بىلىمەن، كۆڭلىرىم تىلىسىم ۋە چىگىش.
بىلىمەن، كىرپىكىڭ ماڭا ئېتىلغان.
بىلىمەن، مەقسىتىڭ بوينۇمنى ئېگىش»

دېگەن مىسرادا تاۋۇشلارنىڭ چۈشۈپ قېلىشى بىر ئورۇندا كۆرۈلگەن.

*20. تاۋۇشلارنىڭ چۈشۈپ قېلىشى ۋە قوشۇلۇپ قېلىشى ھەققىدە تۆۋەندىكى بايانلاردىن توغرىسى:* ( )

A. «يېتىمنىڭ ئېغىزى ئاشقا تەگسە، بۇرنى قاناپتۇ»

دېگەن تەمسىلدە بىر سۆز شەخس بىلەن تۈرلەنگەندە، تەركىبىدىكى «ئۇ» تاۋۇشى چۈشۈپ قالغان.

B. «مەن چىمەن دوپپىنى نۆۋەتچىگە تۇتقۇزدۇم. قارىسام نۆۋەتچى مېنىڭ ئوغلۇم ئىكەن» دېگەن جۈملىدىكى بىر ئالماش كېلىش قوشۇمچىسى بىلەن تۈرلەنگەندە «ئۇ» تاۋۇشى چۈشۈپ قالغان.

C. «ئالتۇننىڭ قەدرىنى زەرگەر بىلەر» دېگەن تەمسىلدە بىر سۆز ئىسىمنىڭ كېلىش قوشۇمچىسى بىلەن تۈرلەنگەندە «ى» تاۋۇشى چۈشۈپ قالغان.

D. «مېھرىڭدىن بىر دىلنى قول قىلغىنىڭ خوپ، مىڭ قۇلنى قۇللۇقتىن قىلغاندىن ئازاد» دېگەن مىسرادا تاۋۇشلارنىڭ چۈشۈپ قېلىش، قوشۇلۇپ قېلىش ھادىسىسى كۆرۈلمىگەن.

*21. «ى، ۇ، ۈ» تاۋۇشلىرىنىڭ چۈشۈپ قېلىشىنىڭ شەرتى:* (     )

A. بۇ سۆز ئىككى بوغۇمدىن تۈزۈلگەن يېپىق بوغۇملۇق سۆز بولسىلا بولىدۇ.

B. ئۇلانغان قوشۇمچە كېلىش قوشۇمچىسى بولسىلا بولىدۇ.

C. سۆز تەركىبىدە «ى،ۇ،ۈ» تاۋۇشلىرى بولسىلا چۈشۈرۈپ يېزىلىدۇ.

D. سۆز يېپىق ئىككى بوغۇملۇق، قوشۇمچە شەخس قوشۇمچىسى بولۇشى، تەركىبىدە «ى،ۇ،ۈ» تاۋۇشلىرى بولۇشى كېرەك

*22. ئوچۇق بوغۇم بىلەن ئاخىرلاشقان بىر قىسىم*

*سۆزلەرگە بىرىنچى، ئىككىنچى شەخس قوشۇمچىسى ئۇلانغاندا:*
( )

A. «ي» تاۋۇشى قوشۇمچە ئالدىغا قوشۇپ يېزىلىدۇ ھەم شۇنداق تەلەپپۇز قىلىنىدۇ.

B. «ي» تاۋۇشى قوشۇمچە ئاخىرىغا قوشۇلۇپ قالىدۇ. مەسىلەن: «باراي» دېگەن سۆزگە ئوخشاش.

C. «ي» تاۋۇشى سۆز بېشىغا قوشۇلىدۇ ھەم شۇنداق تەلەپپۇز قىلىنىدۇ.

D. قوشۇمچە ئالدىغا «ي» تاۋۇشى قېتىلىپ تەلەپپۇز قىلىنىسىمۇ، يېزىقتا ئۇنداق يېزىش ئىملا قائىدىسىگە خىلاپ.

*23. تۆۋەندىكىلەر ئىچىدە تاۋۇشلارنىڭ چۈشۈپ قېلىش ھادىسىسى كۆرۈلگەن سۆزنى ئۆز ئىچىگە ئالغان جۈملە:* ( )

A. بالىلىقتا چىۋىقمۇ تۇلپار، بالىلىقتا سۇپۇرگە دۇتار.

B. ماي بولغان بولسا، ئۇن ئىلەپ پوشكال سالماقچىدىم، قازان يوق.

C. سەن كەۋسەرگە تەشنامۇ؟ ئۇنداقتا، كەۋسەر قاچىلانغان ئىدىشنىڭ شەكلى-پەكلى بىلەن نېمە كارىڭ؟

D. ئۆز تىلىڭدىكى سەپسەتە ئۆزگە تىلدىكى ھېكمەتتىن ئارتۇق.

*24. تاۋۇشلارنىڭ چۈشۈپ قېلىش ھادىسىسى كۆرۈلگەن سۆزلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان جۈملىلەرنىڭ تولۇق گۇرۇپپىسى:*
( )

① تازغا تارغاق بەرسەڭ يېلىم تىلەيدۇ.

② دەريانى بۆلگەن تارام، قوشۇننى بۆلگەن قارام.

③ «مۇرەككە شاپىلاقلىغانلىق، سۆزۈمگە كىرسەڭ

بوينۇڭغا مىنىمەن» دېگەنلىكتۇر.

④ قاسساپ مالنى بالدۇرراق ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن كۆڭۈل قويۇپ باقىدۇ، ئۆمرى قوتاندا ئۆتىدۇ.

⑤ خوتەن — يىپەك يولىدىكى قەدىمىي مەدەنىيەت بۆشۈكلىرىنىڭ بىرى.

⑥ نادانلىق، تەرەققىيات بىلەن ماس قەدەمدە يېتىلىپ بارىدۇ.

⑦ خەققە خۇشامەت قىلىش ئۆز-ئۆزىنى ئىنكار قىلىشتۇر.

A: ④ ③    B: ⑥ ⑤    C: ② ①    D: ④ ①

*25. ئۆزۈك تاۋۇشلارنىڭ ئىملاسى ۋە نۆۋەتلىشىشى ھەققىدە تۆۋەندىكى باياناردىن توغرىسى:* (   )

A. «كۆپ خوتۇن ئالغاننىڭ قەرزى تولا، كۆپ ئەرگە تەككەننىڭ ئەرزى تولا» دېگەن ماقالدا ئۈچ سۆزدە ئىملا خاتالىقى كۆرۈلگەن.

B. «تەڭرىتاغ، ئېيتقىنا ئېغىرلىقىڭنى،
دەتلىرىڭ سېنىڭدىن ئېغىر قانچىلىك؟
ھاڭلىرىڭ باغرىڭنىڭ يېغىرلىرىمۇ؟
خەلقىڭنىڭ باغرىدا يېغىر قانچىلىك؟»

دېگەن مىسرادا ئىككى ئورۇندىكى تاۋۇشلار تەلەپپۇز ھالىتى بويىچە يېزىلغان. شۇڭا ئىملاسىنى خاتا دېيىش كېرەك.

C. «مەقسەت ئۇلۇقلاشقانسىرى ئادەممۇ ئۇلۇغلىنىدۇ» دېگەن جۈملىدىكى «غ» تاۋۇشى بىلەن ئاياغلاشقان ئىككى سۆز قوشۇمچە قوشۇلغاندا «ق» تاۋۇشىغا نۆۋەتلەشكەن.

D. «دۇنيا مەدەنىيەت خەزىنىسىنىڭ ئاشقۇچى تارىم دەريا ۋادىسىغا كۆمۈگلۈكتۈر. قاچانكى شۇ ئاشقۇچ تېپىلسا، دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ سىرى ئېچىلىدۇ» دېگەن جۈملىدىكى بىر سۆزدە ئىككى قېتىم ئىملا خاتالىقى كۆرۈلگەن. باشقا سۆزلەر توغرا.

*26. ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ ئىملاسى ۋە ئۆزگىرىشى ھەققىدە تۆۋەندىكى بايانلاردىن توغرىسى: ( )*

A. «گۆش بىلەن ياغ بىر تۇققان، پىيازنىڭ كۆيگىنى كۆيگەن» دېگەن تەمسىلدە «غ» تاۋۇشى بىلەن ئاياغلاشقان بىر سۆز قوشۇمچە قوشۇلغاندىن كېيىن «ق» تاۋۇشىغا ئۆزگىرىشكەن، بۇ ئىملا قائىدىسىگە ئۇيغۇن.

B. ئىسپانچىلار ئارىسىدا شۇنداق مەرگەنلەر باركى، خۇدا ساقلىسۇن، بۇ شەيتانلار بىر تال ئوقنىمۇ زايا قىلماي، دېگەن يېرىگە تەگكۈزىدىكەن» دېگەن جۈملىدە «گ» تاۋۇشى بىلەن ئاياغلاشقان سۆزگە ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ ئاھاڭداشلىق قائىدىسىگە بويسۇنماي قوشۇمچە ئۇلانغان. شۇڭا ئىملاسى خاتا.

C. «كىتابخانىدىكى كىتابلارنىڭ سېتىلىشى ماگىزىنلاردىكى گىرىم بۇيۇملىرىنىڭ سېتىلىشىدىن تېز بولغان بولسا، كىشىلەر تېخىمۇ گۈزەللەشكەن بولاتتى» دېگەن جۈملىدىكى ئۈزۈك تاۋۇشلاردا ئۆزگىرىش كۆرۈلمىگەن. شۇڭا ئىملادا مەسىلە يوق.

D. «ئۇ ھەر قېتىم يىغلىسا، مەڭزىم قولياغلىقتا. كۆكسۇم كۆز يېشىنى ئايىماي تۆكىدىغان چىلگىگە ئايلانغاندى» دېگەن جۈملىدە بىر سۆزنىڭ ئاخىرىدىكى «ك»

تاۋۇشى «گ» تاۋۇشىغا ئوخشىتىلەشكەن. يېزىقتا ئوخشىتىلەشتۈرۈلمەي «چىلىكىگە» دەپ يېزىلسا توغرا بولاتتى.

*27. ئۇزۇك تاۋۇشلارنىڭ ئىملاسى ۋە ئوخشىتىلىشى ھەققىدە ئوخشىتىلەشتۇرۇلمىگەن بايانلاردىن توغرىسى: ( )*

A. «ئۆتمە نامەرت كۆۋرۈكىدىن كەلكۈن سېنى چۆكتۈرسىمۇ، ئىشمە نامەرت ئېشىنى ئاشلىق سېنى ئۆلتۈرسىمۇ» دېگەن ماقالدا «د» تاۋۇشى بىلەن ئاخىرلاشقان ئىككى سۆز ئىملادا «ت» تاۋۇشىغا؛ «چ» تاۋۇشى بىلەن ئاخىرلاشقان ئىككى سۆز ئىملادا «ش» تاۋۇشىغا ئوخشىتىلەشكەن، بۇ تىل ئادىتىمىز ۋە ئىملا قائىدىمىزگە ئۇيغۇن.

B. «تىلماشلىق دېگەننى مانا شۇنداق قاملاشتۇرۇش كېرەك! ئۇنداق قېرى لالىملارنىڭ ئەدىۋىنى بەرمەي تۇرۇپ، خەلقكە كېرەكلىك ئادەملەرنى قوغداپ قېلىش مۇمكىن ئەمەس» دېگەن جۈملىدە «چ، ك، پ» تاۋۇشى بىلەن ئاياغلاشقان ئۈچ سۆزگە قوشۇمچە قوشۇلغاندىن كېيىن «ش، ۋ، گ» تاۋۇشىغا ئوخشىتىلەشتۇرۇلۇپ ئىپادىلىنىشى توغرا بولغان.

C. «ئادەملەردە ئىنساب قالمىغاچقا، ھېساب پەيدا بولغان» دېگەن جۈملىدىكى ئاخىرى «ب» تاۋۇشى بىلەن ئاخىرلاشقان ئىككى سۆز تەلەپپۇزدا «پ» تەلەپپۇز قىلىنسىمۇ، يېزىقتا ئوخشىتىلەشتۇرۇلمەي ئەسلى ھالىتى بويىچە يېزىلغان.

D. «بۇ ھايات پىرىغىم تومۇزدا دوغاپ،
سوغۇقتا زىرىسى تەڭشەلگەن كاۋاپ،
بۇ ھايات مۇئەللىم چىقارغان سوئال.
بىر بالا دەس تۇرۇپ قايتۇرغان جاۋاپ»
دېگەن شېئىرىي مىسرادىكى ئاستى سىزىلغان سۆزلەرنىڭ

ئىملاسى خاتا بولۇپ قالغان، تۆزەتسەك، «پىجغىرىم، دوغاب، كاۋاب، دەست، جاۋاپ» بولىدۇ.

*28. ئۆزۈك تاۋۇشلارنىڭ ئىملاسى ھەققىدە خاتا ئېيتىلغىنى: ( )*

A. سۆز ئاخىرىدىكى «ق، ك، پ» تاۋۇشى بۇ سۆزگە شەخس قوشۇمچىسى ئۇلانسا «غ، گ، ۋ» تەلەپپۇز قىلىنىدۇ.

B. سۆز ئاخىرىدىكى «ق،ك،پ» تاۋۇشلىرى شەخس قوشۇمچىسى ئۇلانغاندا يەنىلا ئەسلىي ھالىتى بويىچە يېزىلىدۇ.

C. سۆز ئاخىرىدىكى«ق، ك، پ»تاۋۇشلىرى شەخس قوشۇمچىسى ئۇلانسا، يېزىقتا «غ، گ، ۋ» يېزىلىدۇ.

D. بىر قىسىم سۆز ئاخىرىدىكى «د، ب» تاۋۇشلىرى تەلەپپۇزدا «ت، پ» ئېيتىلسىمۇ يېزىقتا يەنىلا«د، ب» بويىچە يېزىلىدۇ.

*29. تۆۋەندە ئېيتىلغان بايانلاردىن توغرىسىنىڭ تولۇق گۇرۇپپىلانغىنى: ( )*

① بەزى سۆزلەرنىڭ ئاخىرىدىكى «ت» تاۋۇشى قوشۇمچە ئۇلانغاندا چۈشۈرۈپ يېزىلىدۇ.

② سۆز ئاخىرىدىكى«غ، گ» تاۋۇشلىرى تەلەپپۇزدىمۇ «غ، گ» دەپ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ.

③ سۆز ئاخىرىدىكى «د، ب» تاۋۇشلىرى، بۇ سۆزگە شەخس قوشۇمچىلىرى ئۇلانغاندا «ت،پ» بويىچە يېزىلىدۇ.

④ «غ، گ» تاۋۇشلىرى بىلەن ئاياغلاشقان سۆزگە«غ، گ» بىلەن باشلانغان قوشۇمچە ئۇلىنىپ يېزىلىشى ۋە شۇنداق تەلەپپۇز قىلىنىشى كېرەك.

⑤ كۆپ بوغۇملۇق سۆز ئاخىرىدىكى «ق، ك، پ» تاۋۇشلىرى شەخس قوشۇمچىسى ئۇلانغاندا «غ، گ، ۋ» بويىچە يېزىلىدۇ.

⑥ تۈپ سۆزلەرنىڭ ئاخىرىدىكى فونېتىكىلىق ئۆزگىرىش قوشۇمچە ئۇلانغاندا يېزىقتا ئىپادە قىلىنمايدۇ.

A: ③⑤　　B: ②⑥　　C: ①⑥　　D: ⑤①

*30. تۆۋەندىكى جۈملىنىڭ ئۇزۇك تاۋۇشىنىڭ ئىملا قائىدىسىگە ئۇيغۇن بولغىنى: ( )*

A. تۇكگەن مۈش ئېتىلار.

B. ياش تۆككىچە مۈشت تۈگ.

C. ئەككەن بويۇننى قىلىچ كەسمەس.

D. ئەدىبلەر دەۋرنىڭ جارچىسى.

## لېكسىكا قىسمى

*31. لۇغەت تەركىبى ھەققىدىكى بايانلاردىن توغرىسى: ( )*

A. «ئۆردەكنىڭ گۆشىنى يېسەڭ، غازنىڭ پېيىدە بول» دېگەن تەمسىلدىكى «پەي» سۆزى ھازىرقى تىلىمىزدا كۆپ ئىشلىتىلمەيدىغان، بولۇپمۇ خەنزۇ تىلى ئاھاڭىدىكى سۆز بولغانلىقى ئۈچۈن ئادەتتىكى لۇغەت تەركىبىگە بۆلۈنىدۇ.

B. «مەھبۇس ئىنتايىن تەمكىن قىياپەتتە ئىنسانىيەت دۇنياسىنىڭ بۇ قارا يورەك جاللاتلىرىغا يۈزمۇ يۈز تىكىلىپ تۇراتتى» دېگەن جۈملىدىكى «مەھبۇس، جاللات» دېگەن ئىككى سۆز ئادەتتىكى لۇغەت تەركىبىگە كىرىدۇ.

C. «بىر ئادەمنىڭ قىممىتى ئۇنىڭ نېمىلەرنى تەقدىم قىلغانلىقىدا، ھەرگىزمۇ ئۇنىڭ نېمىلەرگە ئېرىشكەنلىكىدە ئەمەس» دېگەن بۇ پەلسەپىۋى پىكىر زىيالىيلار ئارىسىدا ئىشلىتىلىدىغان جۈملە بولغاچقا ئادەتتىكى لۇغەت تەركىبىگە تەۋە.

D. «نەۋايىنىڭ قەلىمىدە خوتەن شاھزادىسى پەرھاد ئەرمەن مەلىكىسى شېرىننى ياخشى كۆرۈپ قېلىپ، قۇرغاقچىلىق ۋەھىمىسىدە قالغان ئەرمەن خەلقىگە سۇ باشلاپ كېلىدۇ. مانا، بۇ بۈگۈن بىز ھە دەپ تىلغا ئېلىپ كېلىۋاتقان ئىنتېرناتسىيونالىزملىق روھ» دېگەن جۈملىدىكى بارلىق سۆزلەرنى لۇغەت تەركىبىگە تەۋە دەپ قاراشقا بولمايدۇ، چۈنكى «شاھزادە، مەلىكە، ئىنتېرناتسىيونالىزم» دېگەندەك ئادەتتىكى لۇغەت تەركىبىگە تەۋە سۆزلەرمۇ بار.

*32. لۇغەت تەركىبى ھەققىدە تۆۋەندىكىلەردىن توغرىسى:*

( )

A. «قازى ئاچ قالسا بازار كېزىدۇ، سوپى ئاچ قالسا مازار كېزىدۇ» دېگەن ماقالدا ئادەتتىكى لۇغەت تەركىبىگە كىرىدىغان سۆزدىن تۆتى بار. باشقا سۆزلەر ئاساسىي لۇغەت تەركىبىگە كىرىدۇ.

B. «چىن بەگلىكىنىڭ بېگى ئورنىدىن تۇرۇپ ‹پالانى يىلى پالانى ئاينىڭ پالانى كۈنى چىن بېگى جاۋ بېگى بىلەن زىياپەتتە ئولتۇرغاندا جاۋ بېگىگە ساز چالدۇردى› دەپ يازغانلىقىنى ئوقۇدى». يۇقىرىقى پارچىدا ئادەتتىكى لۇغەت تەركىبىگە تەۋە سۆزلەرمۇ قوللىنىلغان بولۇپ، ئۇ سۆزلەر چەتتىن كىرگەن سۆزلەر بىلەن يەرلىك شېۋە سۆزلىرىدۇر.

C. «يولۋاس مىجەز ئوقۇتقۇچىلار تۈلكە مىجەز ئوقۇغۇچىلارنى تەربىيەلەيدۇ» دېگەن جۈملىدىكى بارلىق سۆزلەر ئاساسىي لۇغەت تەركىبىگە تەۋە.

D. «ئىنتېرنېت تورىدا ھېچبىر مەنە يوق، بۇ شۇنداق تېتىقسىز، چاخچاقچى ھايات» دېگەن مىسرادا كونىرىغان، چەتتىن كىرگەن، يېڭىدىن پەيدا بولغان دېگەندەك ئۈچ دانە ئادەتتىكى لۇغەت تەركىبىگە تەۋە سۆز بار.

*33. سۆزنىڭ ئەسلىي مەنىسى ۋە كۆچمە مەنىسى ھەققىدىكى بايانلاردىن توغرىسى:* ( )

A. «يىڭنە قاياققا ماڭسا، يىپى شۇ ياققا ماڭار» دېگەن تەمسىلدە ئىككى ئىسىم ئىككى پېئىلغا كۆچۈپ، كۆچمە مەنىنى ئىپادىلىگەن.

B. «ھەر يەرنىڭ تۈلكىسىنى شۇ يەرنىڭ تايغىنى بىلەن ئوۋلىغان ياخشى» دېگەن جۈملىدە «تۈلكە» دېگەن بىرلا سۆز ئوي-پىكىرنى ئوبرازلىق ئىپادىلەشكە ياردەم بېرىپ، كۆچمە مەنىدە كەلگەن.

C. كىرپىكتىنمۇ قىسقادۇر، مالۇ دۇنيا يوللىرى،
ئىبرەت بولسۇن ئىسكەندەر، ئوچۇق كەتكەن قوللىرى» دېگەن مىسرادا كۆچمە مەنىدە كەلگەن سۆزدىن بىرى بار.

D. مۇستەقىل سۆزلەرنىڭ ھەممىسىنى كۆچمە مەنىدە كېلەلەيدۇ دېيىش مۇۋاپىق ئەمەس، كۆچمە مەنىدە كەلگەن سۆزلەر شۇ سۆزنىڭ ئەسلىي مەنىسى بىلەن چوقۇم ماھىيەتلىك باغلىنىشقا ئىگە بولۇشى كېرەك.

*34. سۆزنىڭ ئەسلىي مەنىسى ۋە كۆچمە مەنىسى ھەققىدىكى بايانلاردىن توغرىسى:* ( )

A. «ئوينىساڭ تۈزۈك ئوينا، ھەر ئىشنىڭ يولى بىلەن» دېگەن جۈملىدىكى «يول» سۆزى ئادەتتە بىز ماڭىدىغان يولنى كۆرسەتمەيدۇ، شۇڭا كۆچمە مەنە دېيىشكە بولىدۇ.

B. «ئاۋۋال چىققان قۇلاقتىن كېيىن چىققان مۈڭگۈز ئېشىپ كېتىپتۇ» دېگەن تەمسىلدە ھەممە سۆز ئەسلىي مەنىدە كەلگەن.

C. «ئوقۇتماي باللارنى ئوينىتىپ خوپ ياخشى چوڭ قىلدۇق، ئىسىت، بۇ باللار ئاخىر يېرىم ناننى تاپالىغايمۇ؟» دېگەن مىسرادا ئۈچ سۆز كۆچمە مەنىدە كەلگەن.

D. بەختسىزلىك قەيسەر كىشىلەرنىڭ ئۆرلەش پەلەمپىيى، شۇنداقلا زەئىپلەرنىڭ تۈۋى يوق ھاڭى» دېگەن جۈملىدە كۆچمە مەنىدە كەلگەن سۆز بار دېگىلى بولمايدۇ.

*35. مەنىداش سۆزلەر ھەققىدە تۆۋەندىكى بايانلاردىن توغرىسى:* (  )

A. «تاغار تۈرۈپ قاپنى يۆلىدى، كېسەل قوپۇپ ساقنى يۆلىدى» دېگەن تەمسىلدە مەنىداش سۆزدىن بىر جۈپ، قارىمۇ قارشى سۆزدىن بىر جۈپ بار.

B. «ئەجەل كەلسە پوش دېمەس، كەتكىنىدە خوش دېمەس» دېگەن جۈملىدە مەنىداش سۆزدىن ئىككى گۇرۇپپا بار.

C. «تۇماندا ئېزىپ قالغان يېگانە كېمە، ئۇسسۇزلۇق ۋە ئاچلىق دەردىدە ھالىدىن كېتىپ، ئۆلەي دەپ قالغان كىشىلەرنى سۆرەپ، پېشانىسىگە پۈتۈلگەننى كۆرمەكچى بولغان تەنها ئادەمدەك ئاستا ئايلىنىپ يۈرىدۇ» دېگەن پارچىدا مەنىداش، قارىمۇ قارشى سۆز قوللىنىلمىغان.

D. «يۈرىكىڭدە ئاپتاپ بولسا، بارغان جايىڭنىڭ ھەممە

بۇلۇڭلىرى نۇرغا تولىدۇ» دېگەن جۈملىدە بىر جۈپ مەنىداش سۆز قوللىنىلغان.

*36. مەنىداش سۆزلەر ھەققىدە توۋەندىكى بايانلاردىن توغرىسى:* (   )

A. «سۈتتە ئېغىزى كۆيگەن قېتىقنى پۈۋلەپ ئىچەر» دېگەن تەمسىلدىكى «سۈت» بىلەن «قېتىق» نىڭ، «كۆيۈش» بىلەن «پۈۋلەش» نىڭ زىچ مەنە باغلىنىشى بولغانلىقى ئۈچۈن مەنىداش سۆز دېيىشكە بولىدۇ.

B. «كەپتەر ئۈستىدىن غەلىبە قىلىش بۈركۈتكە شەرەپ ھېسابلانمايدۇ» دېگەن جۈملىدە ئىككى جۈپ مەنىداش سۆز قوللىنىلغان.

C. «ناۋادا، سەن ماڭا زىيادە زوراۋانلىق قىلساڭ، شەكسىزكى، بۇ مېنىڭ سەندىن قانچىلىك كۈچلۈك ۋە ئۈلۈغ ئىكەنلىكىمنىڭ ئىسپاتى» دېگەن جۈملىدە مەنىداش سۆز قوللىنىلمىغان.

D. «قىستاش خاتا ئويغاق كىشىنى. سۆزلەپ بەر دەپ كۆرگەن چۈشىنى» دېگەن مىسرادىكى «قىستاش» سۆزى بىلەن «سۆزلەپ بەر» دېگەن سۆزلەرنى مەنىداش دېيىشكە بولىدۇ.

*37. شەكىلداش سۆزلەر ھەققىدىكى بايانلاردىن توغرىسى:*
(   )

A. «كۈندۈزى گەپ قىلساڭ ئەتراپىڭغا باق، كېچىسى گەپ قىلساڭ قۇلاقنى قۇلاققا ياق» دېگەن ماقالدىكى ئىككى سۆزنى ئۆزئارا شەكىلداش دېيىشكە بولىدۇ.

B. «ئەگەر ئات مىنگەن كىشى دانا بولسا، ئاتنى كامالەتكە باشلايدۇ. نادان بولسا، ئات ئۇنى ئوقۇرغا باشلايدۇ»

دېگەن جۈملىدىكى ئۈچ ئورۇندا كەلگەن «ئات» سۆزى بىر گۇرۇپپا شەكىلداش سۆزلەرنى ھاسىل قىلغان.

C. «كاشغەرى ۋەتەننىڭ ئابىدە تېشى، مەھمۇد بار ئۇيغۇرنىڭ مەڭگۈ تىل بېشى» دېگەن شېئىرنىڭ ئىككىنچى مىسراسىدا بىر سۆز شەكىلداش قىلىپ قوللىنىلغان.

D. «يىلقىدا مىڭ ئېتىڭ بولغۇچە، جاھاندا بىر ئېتىڭ بولسۇن» دېگەن جۈملىدە بىر جۈپ شەكىلداش سۆز قوللىنىلغان.

*38. شەكىلداش سۆزلەر ھەققىدىكى بايانلاردىن توغرىسى:* ( )

A. «خۇدايىم بار دەپ ئاچ قاپتۇ، ئېشىكىم بار دەپ كەچ قاپتۇ» دېگەن جۈملىدىكى ئىككى سۆزنى شەكىلداش قىلىپ قوللىنىشقا بولىدۇ.

B. «بەزىلەر مۇھەببەتنى نىكاھتىن ئۈستۈن ئورۇنغا قويۇشىدۇ، يەنە بەزىلەر نىكاھنى ئۇلۇغلايدۇ. ھالبۇكى، مۇھەببەت ئۈستىگە قۇرۇلغان نىكاھ ھەممىنى بېسىپ چۈشىدۇ» دېگەن جۈملىدىكى «مۇھەببەت»، «نىكاھ» سۆزلىرىنى شەكىلداش قىلىپ قوللىنىشقا بولىدۇ.

C. «يوقسۇزلۇقتا ئوتى ئۆچكەن يالغۇزنىڭ، ئوچىقىنى پۈۋلىگەنلەر ياشىسۇن» دېگەن ئىككى مىسرادىكى ئۈچ سۆزنى شەكىلداش قىلىپ قوللىنىشقا بولىدۇ.

D. «سەن باشقىلار ھەققىدە نېمىنى ئويلىساڭ، ئاللا ساڭا شۇ نەرسىنىڭ يۈز ھەسسىسىنى بەرسۇن» دېگەن جۈملىدىكى ئۈچ سۆزنى شەكىلداش قىلىپ قوللىنىشقا بولىدۇ.

39. *قارىمۇ قارشى مەنىلىك سۆزلەر ھەققىدە تۆۋەندىكى بايانلاردىن توغرىسى:* (     )

A. «دوست باشقا قارايدۇ، دۈشمەن پۇتقا» دېگەن ماقالدا ئىككى جۈپ قارىمۇ قارشى مەنىلىك سۆز قوللىنىلغان.

B. «دۈشمىنىڭگە ئۆلۈم تىلىگۈچە، ئۆزۈڭگە ئۆمۈر تىلە» دېگەن جۈملىدە ئىككى جۈپ قارىمۇ قارشى مەنىلىك سۆز قوللىنىلغان.

C. «تۇغۇلسا ساڭا ئاي كەبى قىز-ئوغۇل، ئاڭا تەربىيەچى سەن ئۆزۈڭلا بول» دېگەن مەسنەۋىدە ئىككى سۆز بىر جۈپ قارىمۇ قارشى مەنىلىك سۆزلەر گۇرۇپپىسىنى ھاسىل قىلغان.

D. «زىمىستان كۆرمىگەن بۇلبۇل، باھارنىڭ قەدرىنى بىلمەس. جاپانى چەكمىگەن ئاشىق، ۋاپانىڭ قەدرىنى بىلمەس» دېگەن مىسرادىكى تۆت سۆز بىر گۇرۇپپا قارىمۇ قارشى مەنىلىك سۆزلەر گۇرۇپپىسىنى ھاسىل قىلالايدۇ.

40. *قارىمۇ قارشى مەنىلىك سۆزلەر ھەققىدە تۆۋەندىكى بايانلاردىن توغرىسى:* (     )

A. «دوست يىغلىتىپ ئېيتار دۈشمەن كۈلدۈرۈپ» دېگەن ماقالدا ئىككى جۈپ قارىمۇ قارشى مەنىلىك سۆز بار.

B. «كۈندۈزى ناخشا ئېيتقان دەردى بار كىشى، ئاخشىمى ناخشا ئېيتقان يارى بار كىشى» دېگەن جۈملىدە ئىككى جۈپ قارىمۇ قارشى مەنىلىك سۆز قوللىنىلغان.

C. «ئۆزگە يۇرتتا شاھى تون ئېچرە قورۇنغان تەنلىرىم، ئۆز ئېلىمدە يايرىغاي كىيسەم كۆلاھۇ جەندىمەن» دېگەن مىسرادا بىر جۈپ قارىمۇ قارشى مەنىلىك سۆز قوللىنىلغان.

D. «سەن ئۆتمۈشكە تاپانچىدىن ئوق ئاتساڭ، كېلەچەك

سىڭنى زەمبىرەك بىلەن ئاتىدۇ» دېگەن جۈملىدە ئىككى جۈپ قارىمۇ قارشى مەنىلىك سۆز قوللىنىلغان.

*41. تۆۋەندىكى تۇراقلىق تەركىبلەردىن ھەممىسى تەمسىل بولغان بىر گۇرۇپپا:* ( )

① ئات ئايلىنىپ ئوقۇرنى تاپار. ② ئادەم ئەتكەنگە تەرىم ئەت. ③ ئات تاپقۇچە ئېشەك مىن. ④ ئىپار ئالغان قاچىدا ھىدى قالار. ⑤ بولمىساڭ ئىللىق چىراي، ئاچمىغىن دۇكان ساراي. ⑥ پىيالىگە ئېگىلمەيدىغان چەينەك يوق. ⑦ تەدبىرىڭ قانداق بولسا، تەقدىرىڭ شۇنداق بولۇر. ⑧ خېرىدارىڭ بولمىسا، زىبالىقىڭ نە كېرەك.

A. ⑦⑤③①　　B. ⑥④③①

C. ⑧⑥④②　　D. ⑧⑦②①

*42. تۆۋەندىكىلەردىن ھەممىسى ماقال بولۇپ گۇرۇپپىلانغىنى:* ( )

① قاش بىلەن كۆز جايىدا بولسا، باشقىسى بازاردا بار.

② قىزنىڭ كۆزى ئۇسىمىدا، تازنىڭ كۆزى پوسمىدا.

③ قازاندا نېمە بولسا، چۆمۈچكە شۇ چىقار.

④ قاغا بىلەن دوست بولساڭ، يېيىشىڭ پوق.

⑤ ئىنساپ قالمىدى چوڭدا، ئىشتان قالمىدى قوڭدا.

⑥ يەر بۇزۇلسا بۇدۇشقاق بولۇر، خوتۇن بۇزۇلسا ئۇرۇشقاق بولۇر.

⑦ ئىشتانغا چىققىنى كۆڭۈلگە ئايان.

⑧ تۇتۇننىڭ ئاچچىقىنى مورا بىلەر.

A. ⑦⑤③①　　B. ⑧⑥④②

C. ⑧⑦④③　　D. ⑥⑤②①

**مورفولوگىيە قىسمى**

*43. باش ۋە ئەگەشمە مورفېما ھەققىدە تۆۋەندىكىلەردىن توغرىسى:* (　　)

A. «بىلىملىكنىڭ باھاسى يوق، بىلىمسىزنىڭ ساپاسى يوق» دېگەن ماقالدا ئەگەشمە مورفېمىدىن سەككىزى بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە تۆتى ياسىغۇچى، تۆتى تۈرلىگۈچى قوشۇمچە.

B. «يەرنىلا كۆپ بۆلۈپ بېرىدىغان بولسا، ئادەم تۇگۇل ئالۋاستىدىنمۇ قورقۇپ قالمايتتۇق» دېگەن جۈملىدە باش مورفېمىدىن بەشى، ئەگەشمە مورفېمىدىن ئالتىسى بولۇپ، بۇ ئەگەشمە مورفېمىنىڭ ئۈچى ياردەمچى سۆزگە تەۋە.

C. «قابىلىيەتسىز ئادەملەر ئۆزىنى كۆرسىتىشكە ئامراق» دېگەن جۈملىدە باش مورفېمىدىن بەشى، ياسىغۇچىدىن ئىككىسى، تۈرلىگۈچىدىن ئۈچى بولۇپ، جەمئىي 10 مورفېما بار.

D. «ئەقىدە بىلىمگەن شەيتانغا ئەلدۇر، گەر مىڭ يىل ئىبادەت قىلسىمۇ يەلدۇر» دېگەن جۈملىدە ياردەمچى سۆزدىن ئىككىسى، ياسىغۇچى قوشۇمچىدىن بىرى، تۈرلىگۈچى قوشۇمچىدىن يەتتىسى بار.

*44. سۆزنىڭ تۈزۈلۈش جەھەتتىكى تۈرلىرىدىن توغرا ئېيتىلغىنى:* (　　)

A. «ئۆز ئېلىڭنىڭ نېنىنى يە، كېچە-كۈندۈز غېمىنى يە» دېگەن ماقالدا جۈپ سۆزدىن بىرى، تۈپ سۆزدىن ئىككىسى، ياسالما سۆزدىن ئۈچى بار.

B. «ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئۆزلىرىنىڭ مىللىي

كىيىم ـ كېچەكلىرىگە بولغان ھېرىسمەنلىكى دەۋر بىلەن ھەمنەپەس بولۇپ، ئورتاق گۈللىنىشكە قىلچە توسالغۇ بولغىنى يوق، بەلكى دۇنيانى جەلپ قىلىپ. ساياھەتچىلىك ئىگىلىكىنىڭ جانلىنىشىغا تۈرتكە بولدى» دېگەن جۈملىدە بىرىككەن سۆزدىن ئىككىسى، جۈپ سۆزدىن ئىككىسى، ياسالما سۆزدىن ئىككىسى بولۇپ، باشقىلىرىنىڭ ھەممىسى تۈپ سۆزلەردۇر.

C. «ئۇ دائىم چەت ئەلنىڭ كارىۋىتىدا يېتىپ، ئۇيغۇرنىڭ چۈشىنى كۆرەتتى» دېگەن جۈملىدە بىرىككەن سۆزدىن بىرى بار، جۈپ سۆز، ياسالما سۆز يوق.

D. «قاشتېشى قەدەھتە ئىچكەندە دوغاپ، مۇزلارغا قارىساڭ (خوتەن) دېگەن خەت» دېگەن مىسرادا بىرىككەن سۆزدىن بىرى، ياسالما سۆزدىن ئىككىسى بار.

*45. سۆزنىڭ تۈزۈلۈش جەھەتتىكى تۈرلىرىدىن توغرىسى:* (      )

A. «تېشى پال ـ پال، ئىچى غال ـ غال» دېگەن جۈملىدە جۈپ سۆزدىن ئىككىسى، تۈپ سۆزدىن ئىككىسى بولۇپ، بۇ ئىككى تۈپ سۆز قارىمۇ قارشى مەنە ئىپادىلىيەلمەيدۇ.

B. «بارچىلەرگە چاي قۇيۇپ، پەرزەنتىگە ئات قويۇپ، ئۇلارغا ئاش ـ نان يېگۈزۈپ، كىيىم ـ كېچەك كىيدۈرۈپ، باققىنى دەل ئاتا» دېگەن جۈملىدە جۈپ سۆزدىن ئىككىسى بار، لېكىن بىرىككەن سۆز بىلەن قىسقارتما سۆز يوق.

C. «ھېچكىمدىن مېھىر ـ شەپقەت تەلەپ قىلما، شۇندىلا ئەڭ غالىبسەن» دېگەن جۈملىدە جۈپ سۆزدىن بىرى بولۇپ، بۇ سۆز ئىسىم سۆز تۈركۈمىگە تەۋە بولغانلىقى ئۈچۈن ئىگە

ۋەزىپىسىدە كەلگەن.

D. «يولنىڭ ئىككى چېتىدىكى سۇۋادانلار قېيىنئاتىسىنىڭ قورۇسىدا ياشايدىغان كۈيئوغۇلغا ئوخشاش بىرگە ئېگىلىپ تۇراتتى» دېگەن جۈملىدە جۈپ سۆزدىن ئىككىسى، بىرىككەن سۆزدىن ئىككىسى، ياسالما سۆزدىن ئۈچى، تۈپ سۆزدىن تۆتى بار.

*46. تۆۋەندىكىلەردىن ھەممىسى جۈپ سۆز بولغىنى: ( )*

A. «قارىمۇقارشى، داد ـ پەرياد، باغ ۋە بوستان»

B. «ئارقىمۇ ـ ئارقا، داد ـ پەرياد، باغۇ ـ بوستان»

C. «كېچە ـ كۈندۈز، داد ـ پەرياد، گۈل ـ گۈلىستان» .

D. « ئارقىمۇئارقا، داد ـ پەرياد، باغ ـ بوستان» .

*47. بىرىككەن سۆز ھەققىدىكى بايانلاردىن خاتاسى: ( )*

A. بىرىككەن سۆز تەركىبىدىكى سۆزلەر ئايرىم ـ ئايرىم يەككە مەنە ئىپادىلەيدۇ، بۇ مەنىلەر بىرىكمىسى بىر پۈتۈن بىرىككەن سۆزنىڭ ئۇمۇمىي مەنىسى بولىدۇ.

B. بىرىككەن سۆزلەر جۈملىدە بىر سۆزگە ئوخشاش بىرلا ۋەزىپە ئۆتەيدۇ.

C. بىرىككەن سۆزلەر ھەر خىل سۆز تۈركۈمىگە تەۋە سۆزلەرنىڭ قوشۇلۇشىدىن ھاسىل بولىدىغان بولۇۋېرىدۇ.

D. «ئىشلەپچىقىرىش، خەلقئارا، ئەلئوغۇز» سۆزلىرى بىرىككەن سۆزلەردۇر.

*48. «ئىلىم، ياغاچ، ئويۇن، ئوزۇق» سۆزلىرىگە ياندىشىپ جۈپ سۆز ھاسىل قىلالايدىغىنى: ( )*

A. پەن، كۆمۈر، پويۇن، يېمەك

B. پەن، تاش، تاماشا، تۈلۈك

C. كىتاب، پاختا، تاماشا، ئاش

D. تېخنىكا، ئوتۇن، قول، تۇلۇك

*49. «ئاق،بەل، پاختا، تاختا» سۆزلىرىگە ياندىشىپ بىرىككەن سۆز ھاسىل قىلالايدىغىنى:* ( )

A. سۇ، پوت، ئاق، تۆمۈر B. سۇ، باغ، تاش، ئاش

C. قۇ، لىك، تاش، ئاش D. سۇ، لۇق، كار، تاش

*50. ئىسىم ھەققىدىكى باياناردىن توغرىسى:* ( )

A. «ئادەم زىننىتى – ئەخلاق، دەرەخ زىننىتى – ياپراق» دېگەن ماقالدىكى ئالتە سۆزنىڭ ھەممىسى ئىسىم بولۇپ، ھەممىسى باش كېلىشتە كەلگەن.

B. «ئۇ ياۋايىلار تاغ ئۆچكىلىرىنى قارىغا ئېلىپ ئېتىشقا ماھىر بولغىنى بىلەن مېنىڭ زەمبىرەكلىرىم گۈلدۈرلىگەندە بېشىنى كۆتۈرەلمەي قالىدۇ» بۇ جۈملىدە تۆت ئىسىم بولۇپ، بىر ئىسىم كۆپلۈك، بىرىنچى شەخس قوشۇمچىسى بىلەن؛ بىر ئىسىم كۆپلۈك، چۈشۈم كېلىش قوشۇمچىسى بىلەن، ئىككى ئىسىم كېلىش قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلەنگەن. ئۇنىڭدىن باشقا ئىسىم ئورنىدا كەلگەن سۈپەتتىن بىرى ئىسىمنىڭ كۆپلۈك قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلەنگەن.

C. «مىللەتنىڭ تەقدىرىگە مەسئۇل بولمىغان زىيالىي تۇخۇم بېسىپ، چىقارغان چۈجىسىگە ئىگە بولمىغان مېكىيانغا ئوخشايدۇ» دېگەن جۈملىدىكى ئالتە ئىسىمنىڭ ئىككىسى ياسالما ئىسىم، ئېگىلىك كېلىش بىلەن تۈرلەنگەن تۈپ ئىسىم خاس ئىسىمدۇر.

D. «بۇلبۇلمىكىن دەپ باققىنىم، قۇزغۇنغا ئوخشاش سايرىدى.

ئادىل تارازا ئەل دېگەن،
دانىنى ساماندىن ئايرىدى»

دېگەن مىسرادا قوللىنىلغان ئىسىملارنىڭ ھەممىسى بىرلىكساندا كەلگەن تۈپ ئىسىم بولۇپ، يەنە ئۆز نۆۋىتىدە ھەممىسى كېلىش قوشۇمچىسى بىلەن تۈرلەنگەن. بىر ئىسىمغا ئۇلانغان ئىگىلىك كېلىش قوشۇمچىسى چۈشۈپ قالغان.

*51. ئىسىم ھەققىدىكى بايانلاردىن توغرىسى:* ( )

A. «بىلىم ئالمىغان ياش، تام تۈۋىدىكى تاش» دېگەن ماقالىدا تۆت ئىسىم بولۇپ، بىرى ياسالما ئىسىم، ئىككى ئىسىمدىكى كېلىش قوشۇمچىلىرى چۈشۈپ قالغان.

B. «يامۇل ئاتخانىلىرىدىكى بېدە توغرايدىغان جادۇلارنىڭ ھەممىسىنى مەن بارىدىغان ئاقچۇق سېيىغا ئاپىرىپ بېرىڭلار، ئوقتا ئۆلمەي قالغانلىرىنى شۇ يەردە توغراپ، سايىنىڭ تېشىغا قوشۇۋېتەي!» دېگەن جۈملىدە بىر ئىسىم كۆپلۈك ۋە شەخس قوشۇمچىسى بىلەن. بىر ئىسىم كۆپلۈك ۋە كېلىش قوشۇمچىسى بىلەن تۈرلىنىپ كەلگەن ياسالما ئىسىمدىن ئىككىسى بار، بىر ئىسىمدىكى كېلىش قوشۇمچىسى چۈشۈپ قالغان.

C. «خۇشامەتچى بىلىدىن قېرىيدۇ، ماختانچاق گېلىدىن» دېگەن جۈملىدىكى ئۈچ ئىسىمنىڭ ئىككىسى ياسالما ئىسىم، بىر ئىسىم شەخس بىلەن تۈرلەنگەن.

D. «ئەللەي ناخشاڭ سېھىرلىك بىر كۈي.
قاپلاپ كەتكەن تەكلىماكاننى،
تولا ئاڭلاپ ئاشۇ ناخشاڭنى.

بوۋاق بولۇپ كەتتۇق ھەممىمىز.»
دېگەن شېئىرنىڭ بىرىنچى مىسراسىدىكى ئۈچىنچى شەخس قوشۇمچىسى بىلەن تۈرلەنگەن ئىسىم خاس ئىسىم، ئىككىنچى مىسرانىڭ ئاخىرىدا كەلگەن ئىسىم شەخس ۋە كېلىش بىلەن تۈرلىنىپ كەلگەن ياسالما ئىسىم.

*52. ئىسىم توغرىسىدا تۆۋەندىكىلەردىن توغرىسى:* ( )

A. «چىشنىڭ دورىسى ئامبۇر، ئۆپكىنىڭ دورىسى چامغۇر» دېگەن ماقالدا ئالتە ئىسىم بولۇپ، ھەممىسى تۈپ ئىسىم، ھەممىسى شەخس ۋە كېلىش بىلەن تۈرلەنگەن.

B. «دۆلىتى بارلارنى دۆلىتىدىن مەھرۇم قىلدۇق، خاقانى بارلارنى خاقانىدىن ئايرىدۇق، تىزى بارلارنى تىزلاندۇردۇق، بېشى بارلارنى باش ئۇردۇردۇق» دېگەن جۈملىدىكى ئىسىملار ئۈچىنچى شەخس، بىرلىك ساندا كەلگەن. بىر ياسالما ئىسىم تۆردەش ئىسىمدۇر.

C. «قىزنىڭ پاكلىقى سەرەڭگە ياغىچىغا ئوخشاش پەقەت بىر قېتىملا يانىدۇ» دېگەن جۈملىدە ياسالما ئىسىمدىن بىرى، يۆنىلىش كېلىشتە كەلگەن ئىسىمدىن ئىككىسى بار. يەنە بىر ئورۇندا ئىگىلىك كېلىش قوشۇمچىسى چۈشۈپ قالغان.

D. «كۆز كەتسە نۇرىدىن، پۇتلار دەرمانىدىن. ئولتۇرۇپ جېنىمدىن خىيالنىڭ سۇرەي» دېگەن مىسرادا ئالتە ئىسىم بولۇپ، چىقىش كېلىشتە تۈرلەنگەن ئۈچ ئىسىمنىڭ بىرى يەنە شەخس بىلەنمۇ تۈرلىنىپ كەلگەن. بىر ئىسىمدىكى كېلىش قوشۇمچىسى چۈشۈپ قالغان.

*53. خاس ئىسىملار بىر خىلدىكى شەيئىلەرنى پەرقلەندۇرۇش ئۈچۈن قويۇلغان خاس ناملار بولۇپ،*

*تۆۋەندىكىلەردىن بۇنىڭغا ماس كېلىدىغىنى:* (   )

A. خوتەن ۋىلايەتلىك 1-ئوتتۇرا، گېزىت، ئوقۇغۇچى

B. گۇما، خوتەن گېزىتى، سەمەت

C. خوتەن، كىتاب، ئوقۇتقۇچى

D. دۆلەت، ئادەم، شەھەر

*54. سۇپەت توغرىسىدا تۆۋەندىكىلەردىن توغرىسى:* (   )

A. «چىشىڭنى سەدەپلىك قىلغۇچە، ئۆزۈڭنى ئەدەپلىك قىل» دېگەن جۈملىدە ئىككى دانە ياسالما سۇپەت بولۇپ، سېلىشتۇرما دەرىجىدە كەلگەن.

B. «نېپىز شايىدەك كۆكۈچ تۇمان نىلۇپەر كۆلى ئۈستىدە لەيلەپ يۈرەتتى» دېگەن جۈملىدە ئۈچ سۇپەت بولۇپ، بىرى ئەسلىي، بىرى ئاشۇرما، بىرى كېمەيتمە دەرىجىدە كەلگەن.

C. «مۇھەببەتنىڭ ئەڭ گەۋدىلىك ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇنى پەيدا بولغاندا يوشۇرغىلى، يوقالغاندا بار قىلىپ كۆرسەتكىلى بولمايدۇ» دېگەن جۈملىدىكى ئاشۇرما دەرىجىدە كەلگەن بىر سۇپەت ئىسىمدىن ياسالغان.

D. «كۆڭۈلدىن سۇ ئىچەر ئۆزگە كۆڭۈللەر، مەن چاڭقاق، سەن قۇرغاق، دوست بىزگە يىراق» دېگەن مىسرادا تۆت سۇپەت بولۇپ، ھەممىسى ئەسلىي دەرىجىدە كەلگەن تۈپ سۇپەتتۇر.

*55. سۇپەت توغرىسىدا تۆۋەندىكىلەردىن توغرىسى:* (   )

A. «يىراق بولسىمۇ تۈز يول ياخشى، چولاق بولسىمۇ ئۆز قول ياخشى» دېگەن ماقالدا بەش سۇپەت بولۇپ، بىر ياسالما سۇپەت ئاشۇرما دەرىجىدە، تۆت تۈپ سۇپەت ئەسلىي دەرىجىدە كەلگەن.

B. «مەيىن شامال خۇددى يىراقتىكى ئېگىز بىنادا بىردە

جاراڭلىق، بىردە سۈس ئاڭلىنىپ تۇرغان ناخشىدەك گۈپۈلدەپ تۇرغان خۇش پۇراقلارنى دىماققا ئۇرۇپ تۇراتتى» دېگەن جۈملىدە بىر ئەسلىي دەرىجىدىكى تۈپ سۈپەت، بىر ئاشۇرما دەرىجىدىكى ياسالما سۈپەت ۋە بىر كېمەيتمە دەرىجىدىكى سۈپەت بار.

C. «كۆز يېشى ئاجىزلارنىڭ كۆچلۈكلەرگە تەڭلىگەن ئوقسىز قورالى» دېگەن جۈملىدە ئىككى سۈپەت ئىسىم رولىدا كەلگەن. يەنە بىر ياسالما سۈپەت بار.

D. «سېرىق سەبدە، تولۇنئايىم، يۈزۈڭگە خال ياراشىپتۇ، سېنى كۆرگەن زامانلاردا يۈرەككە ئوت تۇتاشىپتۇ» دېگەن مىسرادا تۆت سۈپەت بولۇپ، ھەممىسى ئەسلىي دەرىجىدىكى تۈپ سۈپەتتۇر.

*56. سۈپەت توغرىسىدا تۆۋەندىكىلەردىن توغرىسى:* (   )

A. «ئۇياتسىز مۈشۈككە قازناقنىڭ ئىشىكى ئوچۇق» دېگەن تەمسىلدىكى ئىككى سۈپەتنىڭ بىرى ئەسلىي دەرىجىدىكى ياسالما سۈپەت، بىرى ئەسلىي دەرىجىدىكى تۈپ سۈپەت.

B. «سەن ئاسمان-زېمىن ھەققىدە يېتۈك بىلىمدان، ئەمما ‹ئۆزلۈك› ھەققىدە بىر تەلۋە، نادان» دېگەن جۈملىدە ئاشۇرما دەرىجىدە كەلگەن ئىككى ياسالما سۈپەت ئىسىم رولىدا كېلىپ، جۈملىنىڭ خەۋىرى بولغان. يەنە بىر ئەسلىي دەرىجىدىكى ياسالما سۈپەتمۇ بار.

C. «ئايالىڭ ئاق كۆڭۈل بولسا بەختلىك بولىسەن، قارا كۆڭۈل بولسا پەيلاسوپ» دېگەن جۈملىدە ئىككى دانە ئاشۇرما دەرىجىدىكى قوشما سۈپەت، بىر دانە ئەسلىي دەرىجىدىكى

ياسالما سۆپەت بار.

D. «شېرىن چۈشىنىڭ قەلەندەرى بولغۇچە، بەختلىك ھاياتنىڭ ئىجادكارى بول» دېگەن جۈملىدىكى ئىككى ياسالما سۆپەتنىڭ ئىككىلىسى ئەسلىي دەرىجىدە كەلگەن.

*57. تۆۋەندىكىلەردىن ياسالما سۆپەت بولۇپ كۆرۈپپىلانغىنى: ( )*

A. پاراسەتلىك، ئىمكانىيەت، كىچىك

B. يالغانچى، شىرنىلىك، يەڭگىل

C. يالغانچىلىق، بەتخۇي، كۆلگەك

D. ۋەتەنپەرۋەر، بىلىملىك، ئەپچىل

*58. «ياخشى ئىشنى ھېچكىم بىلمەي قالىدۇ، يامان ئىشنىڭ دۇمبىقى ھەممە يەردە ياڭرايدۇ» دېگەن جۈملىدە: ( )*

A. ئىككى سۆپەت بار، بىرى تۈپ سۆپەت.

B. ئىككى سۆپەت بولۇپ، ئىككىلىسى تۈپ سۆپەت.

C. ھېچقانداق سۆپەت يوق.

D. ئىككى سۆپەت بار، ھەممىسى ياسالما سۆپەت.

*59. تۆۋەندىكىلەردىن ئىسىم ئورنىدا كەلگەن سۆپەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان جۈملە: ( )*

A. باتۇر بىر ئۆلىدۇ، قورقۇنچاق مىڭ.

B. ئەخمەق ئادەملەرگە بېرىدىغان جاۋاب سۈكۈتتۇر.

C. ئاچچىقلىنىش باشقىلارنىڭ خاتالىقى ئارقىلىق ئۆزىنى جازالىغانلىقتۇر.

D. **يالغاننى تولا ئاڭلاۋەرسىمۇ راستلىقنىڭ يۈزى** يىپپىلىدۇ.

*60. سان ھەققىدە تۆۋەندىكىلەردىن توغرىسى: ( )*

A. «بىر ئىت كۆرۈپ قاۋىسا، مىڭ ئىت كۆرمەي قاۋايدۇ» دېگەن تەمسىلدە ئىككى سان بولۇپ، بىرى ئاددىي سان، يەنە بىرى مۇرەككەپ سان.

B. «ئىككىمىزلا تايىنى يوق خىياللارغا غەرق بولۇپ، خۇددى بىر قورساق قېرىنداشلارغا ئوخشاش ياندىشىپ ئولتۇراتتۇق» دېگەن جۈملىدىكى ئىككى ئاددىي ساننىڭ بىرى ئالماش سان، بىرى ساناق سان.

C. «هاياتتا ئىككىلا نىشان بولىدۇ، بىرى ئۆزۈڭگە كېرەكلىك بولغان نەرسىنى قوغلىشىش، يەنە بىرى قوغلىشىپ قولغا كەلتۈرگەن نەرسىدىن بەھرىمەن بولۇش، ئەقىللىق كىشى ئىككىنچىسىنى تاللايدۇ» دېگەن جۈملىدە تۆت دانە سان بولۇپ، ئىككىسى ساناق، بىرى تەرتىپ، يەنە بىرى مۇرەككەپ سان.

D. «نېسىپ بولماي كەلدى بىر چۈشنى، ھەر ئىككىمىز تەڭلا كۆرۈشكە» دېگەن مىسرادىكى ئىككى ساننىڭ بىرى شەخس سان، بىرى كىشىلىك سان. تۈزۈلۈش جەھەتتىن ھەر ئىككىلىسى ئاددىي سان.

*61. سان ھەققىدە تۆۋەندىكىلەردىن توغرىسى:* ( )

A. «بىر پىلەكتە ئون خەمەك، ھەر بىرىنىڭ تەمى بۆلەك» دېگەن تەمسىلدە ئۈچ سان بولۇپ، بىرى مۆلچەر سان، بىرى تەقسىم سان، بىرى ساناق سان.

B. «شا مەخسۇت مانجۇ خانىنىڭ ھۇزۇرىغا كىرگەندە، ئوردىنىڭ يەتتىنچى دەرۋازىسىغىچە ئاتلىق بېرىشقا ۋە خان بىلەن ھەممىدىن بۇرۇن كۆرۈشۈشكە ئىمتىيازلىق ئىدى» دېگەن جۈملىدىكى سان تۈزۈلۈش جەھەتتىن مۇرەككەپ، مەنە

جەھەتتىن تەرتىپ سان بولۇپ، ساندىن ياسالغان ياسالما ساندۇر.

C. «مەن سەممىيلىك بىلەن يۈز دۈشمەننىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراشقا رازىمەنكى، ساختىپەزلىك بىلەن ئون دوستۇمنىڭ ماختىشىغا رازى ئەمەس» دېگەن جۈملىدىكى مۇرەككەپ سانلار مۆلچەر سانلاردۇر.

D. «ئىككى جايدىن كۆرىمىز نېچۈن، بىرلا جايدىن چىقسىمۇ قۇياش» دېگەن مىسرادىكى ھەر ئىككى ئاددىي سان ساناق سانلاردۇر.

*62. مىقدار ھەققىدە تۆۋەندىكىلەردىن توغرىسى:* ( )

A. «بىر تاۋاق ئاش كەلدى دەپ جېنىم سۆيۈندى، تۆت قوشۇق ئالماي تۇرۇپ تۈۋى كۆرۈندى» دېگەن تەمسىلدە ئىككى مىقدار بولۇپ، ھەرئىككىسى كۆچمە، شەيئى مىقدارىدۇر.

B. «شىراقنىڭ كاللىسى قۇم ئۈستىدە دىك-دىك سەكرىدى، تېنىمۇ غۇلاپ چۈشتى. ئۇنىڭ قېنى ئۈچىنچى قېتىم ئۆز تۇپرىقىغا تۆكۈلدى» دېگەن جۈملىدىكى مىقدار خاس مىقدار، بىرىكىش ئىقتىدارى جەھەتتىن ھەرىكەت مىقدارىدۇر.

C. «ئىت ھامان بىر چىشلەم گۆش ئۈچۈنلا ساڭا خىرىس قىلىشى مۇمكىن، ھەرگىزمۇ ئاغزىڭدىكى گۆشنى ئۇنىڭغا تاشلاپ بەرمىگىن» دېگەن جۈملىدىكى مىقدار كۆچمە مىقدار، ھەرىكەت مىقدارىدۇر.

D. «ئايرىلىپ قالسام سېنىڭدىن بىر مىنۇت گەر چۈشۈمدە. شۇ سەۋەبلىك دىلبىرىم، ئوڭغۇمدا مەن يۈز يىل غېرىب» دېگەن مىسرادىكى مىقدارنىڭ بىرىنچىسى خاس، ھەرىكەت مىقدارى، ئىككىنچىسى كۆچمە، شەيئى مىقدارى.

*63. مىقدار ھەققىدە تۆۋەندىكىلەردىن توغرىسى:* (   )

A. «بىر تاغار ياڭاقنى ياڭاقچىلىك تاش چاقار» دېگەن تەمسىلدىكى مىقدار كۆچمە، شەيئى مىقدارىدۇر.

B. «ئۆگەتكىن بالاڭغا بىلىم ۋە ئەدەپ، بېرىدۇ ئۇ ساڭا ئىككى دۇنيا نەپ» دېگەن مەسنەۋىدىكى مىقدار كۆچمە، ھەرىكەت مىقدارىدۇر.

C. «غەلىبىنىڭ يۈز ئاتمىسى بار، مەغلۇبىيەت يېتىم بالا» دېگەن جۈملىدە قوللىنىلغان سان مىقدار بىرىكمىسىنىڭ بىرىنچىسىدە مىقدار، ئىككىنچىسىدە سان چۈشۈپ قالغان.

D. «ئۇ تېخى ئېچىلىشقا ئۈلگۈرمىگەن بىر تال غۇنچە، ئېغىزى ئېچىلمىغان داڭلىق بىر قۇتا ئەتىر ئىدى» دېگەن جۈملىدىكى مىقدارلار كېلىش مەنبەسى جەھەتتىن خاس مىقدار، بىرىكىش ئىقتىدارى جەھەتتىن كۆچمە مىقداردۇر.

*64. ئالماش ھەققىدە تۆۋەندىكىلەردىن توغرىسى:* (   )

A. كېچە قانچە قاراڭغۇ بولسا، يۇلتۇز شۇنچە روشەن كۆرۈنىدۇ» دېگەن جۈملىدە ئىككى ئالماش بولۇپ، ھەر ئىككىسى سوئال ئالماشقا تەۋە.

B. «كىمكى بولسا ئۆز نەپسىگە زالىم، بولۇر ئۇ كەلگۈسىدە ئالىم» دېگەن ماقالدا ئىككى ئالماش بولۇپ، بىرى سوئال ئالماش، بىرى ئۆزلۈك ئالماش.

C. «كۆلكە ھېچكىمدىن مىراس قالمىغان،
**ھېچكىم يىغىنى سېتىپ ئالمىغان.**
**ئاۋۇنىڭ كەينىدە ماۋۇ بار،**
شۇنداق چۆرگىلەپ تۇرىدۇ جاھان»

دېگەن شېئىردا بەش ئالماش بولۇپ، ئايرىم-ئايرىم بولۇشسىز ئالماش بىلەن كۆرسىتىش ئالماشتۇر.

D. «ھېچكىم مېنى كۆرمىدىغۇ ئۆز، مەن جۈملىگە قىستۇرۇلغان سۆز» دېگەن مىسرادا ئېنىقسىز، شەخسلىك، ئۆزلۈكتىن ئىبارەت ئۈچ ئالماش بار.

*65. ئالماش ھەققىدە تۆۋەندىكىلەردىن توغرىسى:* ( )

A. «ھەركىم قىلار ئۆزىگە، يىڭنە سانجار كۆزىگە» دېگەن جۈملىدە بەلگىلەش ئالماشتىن بىرى، ئۆزلۈك ئالماشتىن ئىككىسى بار.

B. «مەن ئۆزۈمنى ئۆلارغا شۇنداق بىر تونۇتۇپ قويايكى، بۇنىڭدىن كېيىن بىزگە كىرپىك كۆتۈرۈپ قارىيالمايدىغان بولسۇن» دېگەن جۈملىدە كىشىلىك، ئۆزلۈك، كۆرسىتىش ئالماشنىڭ ھەر بىرىدىن ئىككىدىن جەمئىي ئالتە ئالماش قوللىنىلغان.

C. «مەن سېنىڭ مېنى ياخشى كۆرمىگىنىڭدىن ئەمەس، ياخشىراق كۆرەلمىگىنىڭدىن ئەپسۇسلىنىمەن» دېگەن جۈملىدە تۆت ئالماش قوللىنىلغان بولۇپ، ھەممىسى شەخس ئالماشلىرىدۇر.

D. «سەن تىلەمچى، ئۇ تىلەمچى، مەنمۇ ھەم، ھەممىمىزدە بىرلا سەۋدا، بىرلا غەم» دېگەن مىسرادا شەخسلىك ئالماشتىن ئۈچى، بەلگىلەش ئالماشتىن بىرى قوللىنىلغان.

*66. رەۋىش ھەققىدىكى بايانلاردىن توغرىسى:* ( )

A. «كالپۇكنىڭ سىرتىدا چىش يوق، ھېسابنىڭ سىرتىدا ئىش يوق» دېگەن جۈملىدە قوللىنىلغان رەۋىش

ھالەت رەۋىشى بولۇپ، جۈملىدە ھالەت ۋەزىپىسىدە كەلگەن.

B. «قاراپ باق، ئاخشامقى بوۋاق كىچىككىنە تۇرسۇن، تۈنۈگۈن ئۆمىلەپ، ھە... بۈگۈن مېڭىپ يۈرىدۇ» دېگەن مىسرادا رەۋىشتىن ئىككىسى، ئەركىلەتمە دەرىجىدىكى سۈپەتتىن بىرى، رەۋىشتىن ياسالغان ئەسلىي دەرىجىدىكى سۈپەتتىن بىرى بار.

C. «ھاياتنىڭ ئەتىسى بولغانلىقى ئۈچۈن گۈزەل، تۈنۈگۈنى بولغانلىقى ئۈچۈن رەزىل، بۈگۈنى بولغانلىقى ئۈچۈن قىرتاق» دېگەن جۈملىدە ئۈچ رەۋىش شەخس قوشۇمچىسى بىلەن تۈرلىنىپ، ئىگە ۋەزىپىسىدە، ئۈچ سۈپەت ئىسىم رولىدا كېلىپ، خەۋەر ۋەزىپىسىدە كەلگەن.

D. «ئۈمىد قىلما، پەلەك ھەرگىز سېنىڭ بەختىڭگە چۆرگەلمەس، بۈگۈن باي، ئەتە سەندەك گاداي يوق، بەلكى قەرزدار يوق» دېگەن مىسرالاردا ئۈچ رەۋىش قوللىنىلغان بولۇپ، ھەممىسى ۋاقىت رەۋىشلىرىدۇر.

*67. رەۋىش ھەققىدىكى بايانلاردىن توغرىسى:* (   )

A. «ئوتنىڭ تېشىدا كۆيگۈچە ئىچىدە كۆي» دېگەن ماقالدا ئۈچ رەۋىش بولۇپ، ئىككىسى ئورۇن رەۋىشى، بىرى پېئىلدىن ياسالغان ھالەت رەۋىشىدۇر.

B. «— بىلەيزۈكۈڭگە قاراپ بالىمىكىن دېسەم، سائەت تاقىۋاپسەن، چوڭ بولغان ئوخشىمامسەن؟

— كىنوغىمۇ، مەشرەپكىمۇ بارماي كۈن ئۆتكۈزگىنىڭمىزگە قاراپ بوۋاي بولۇپ قالدىمىكىن دېسەم، تېخى قىزلارغا زەن سېلىپ يۈرۈپسىز، ياش ئوخشىمامسىز؟» دېگەن دىيالوگدا بىر ۋاقىت رەۋىشى، بىر ھالەت رەۋىشى، ئىككى مەقسەت رەۋىشى

قوللىنىلغان.

C. «بوسۇغىدىن ئاتلىمايلا بەختىم سىرتتا قالغاندەك غېرىبسىنىش ئىچىدە بىتاقەت بولۇپ، ئۇنىڭ تېلېفونىنى ساقلاۋاتاتتىم» دېگەن جۈملىدە ئىككى دانە ئورۇن رەۋىشى قوللىنىلغان بولۇپ، ھەرئىككىسى ئىسىمنىڭ ئورۇن-پەيت كېلىش قوشۇمچىسى بىلەن تۈرلەنگەن.

D. «نۇر چېچىشنى بىلمىسەڭ. مەڭگۇ باشقىلارنىڭ كۆلەڭگىسى بولۇپ ياشايسەن» دېگەن جۈملىدىكى ياسالما رەۋىش ئىسىمدىن ياسالغان ۋاقىت رەۋىشىدۇر.

*68. پېئىل توغرىسىدا تۆۋەندىكىلەردىن توغرىسى:* (  )

A. «يېتىپ ئۆلگۈچە، ئېتىپ ئۆل» دېگەن ماقالدىكى تۆت سۆزنىڭ ھەممىسى پېئىل بولۇپ، ئۈچى شەخسسىز، بىرى شەخسلىك پېئىل.

B. «مىللىي روھقا ئىگە ھەرقانداق كىشى ئەجدادلىرىنىڭ تەۋەرۈكلىرىگە ۋارىسلىق قىلالىغانلىقى بىلەن پەخىرلىنىشكە ۋە بۇ ئۇدۇمدىن ياتلىشىشنى مۇناپىقلىق دەپ ئەيىبلەشكە ھەقلىق» دېگەن جۈملىدە تۆت دانە پېئىل بولۇپ، ئىككى دانە شەخسسىز پېئىل سۈپەتتىن ياسالغان.

C. «دوستتۇڭدىن نەپرەتلەنگىنىڭ دۈشمىنىڭگە بولۇشقىنىڭ» دېگەن جۈملىدىكى پېئىللار ئىسىمدىن ياسالغان شەخسسىز پېئىل بولۇپ، بىرى ئىسىمداش، يەنە بىرى سۈپەتداش.

D. «ئاقارغان يۈز، قىيىلغان قاش، قويۇلغان ياش،
كېسىلگەن باش، چۇۋۇلغان چاچ، تۆكۈلگەن قان.
تىتىلغان تەن، تۈرۈلگەن مۇشت، كىرىشكەن چىش،

پۇتمەس غەزەپ ئوتى بولۇپ چىقتى بۇ جان»

دېگەن مىسرادىكى شەخسسىز پېئىللارنىڭ ھەممىسى سۇپەتداش بولۇپ، جەمئىي ئونى بار.

*69. پېئىل توغرىسىدا تۆۋەندىكىلەردىن توغرىسى:* (  )

A. «ئوينىماپ سۆزلىسەڭمۇ، ئويلاپ سۆزلە» دېگەن جۈملىدىكى سۆزلەرنىڭ ھەممىسى پېئىل بولۇپ، شەخسلىك پېئىللار ئىسىمدىن ياسالغان، كېلىدىغان زامان، بولۇشلۇق شەكلىدىكى شەرت رايى پېئىلىدۇر.

B. «خەپ تۇمۇر، مېنى ئەجەپ ئانمي تېپىپ كەتتىڭ، مېنىڭ بېشىمغا ئەجەب ئېغىر كۆلپەتلەرنى سالدىڭ. سېنىڭ دەستىڭدىن مانا بۇگۇن مەنسەپتىن چۈشكەن بىر لالمىغا ئۆزۈمدىن باشقا ھېچكىم ئولتۇرۇپ باقمىغان تەختىراۋانىمدىن ئورۇن بېرىدىغان ھالغا چۈشۈپ قېلىۋاتىمەن، دەپ ئويلاۋاتاتتى شامەخسۇت» دېگەن جۈملىدە توققۇز دانە پېئىل بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە شەخسلىك، شەخسسىز، بولۇشلۇق، بولۇشسىز، ئۈچ زامان، ئۈچ خىل رايدىكى پېئىللارنىڭ ھەممىسى بار.

C. «كاۋاپ يېسەڭمۇ قورساق تويىدۇ، زاغرا يېسەڭمۇ قورساق تويىدۇ، گەپ سېنىڭ قايسىسىنى تاللاپ يېيىشىڭدە» دېگەن جۈملىدە ئالتە دانە پېئىل بولۇپ، شەخسلىك پېئىللار شەرت ۋە بايان رايى، بولۇشلۇق شەكىلدە كەلگەن، ئىككى دانە شەخسسىز پېئىل رەۋىشداش بىلەن ئىسىمداشقا تەۋە.

D. «ياشاشتىكى مەقسەت ھەربىر مىنۇت ئۈچۈن ھېساب بېرىشتۇر» دېگەن جۈملىدە ئىككى دانە تۈپ پېئىل بولۇپ، ھەر ئىككىسى ئىسىمداشقا تەۋە.

*70 . پېئىل توغرىسىدا تۆۋەندىكىلەردىن توغرىسى:* (  )

A. «ئىبىگىلگەنگە ئىگىل بېشىنىڭ يەرگە يەتكۈچە، غادايغانغا غاداي بېشىنىڭ كۆككە يەتكۈچە» دېگەن ماقالدا بەش پېئىل بولۇپ، شەخسلىك پېئىل كېلىدىغان زامان، بۇيرۇق راي، بولۇشلۇق شەكلىدە كەلگەن، شەخسسىز پېئىللار سۈپەتداشقا تەۋە بولۇپ، ئىسىم رولىدا كەلگەن.

B. «قولۇمدا چىرايلىق كەشتىلەنگەن چىمەندوپپا تۇراتتى، ئالدىنقى پەللىدىن كەلگۈچى ماڭا چىمەندوپپا تۇتقۇزۇپ قويۇپتۇ» دېگەن جۈملىدە ئىسىمدىن ياسالغان بىر پېئىل شەخسسىزلىشىپ، ئىنتىقلىغۇچى ۋەزىپىسىدە كەلگەن. ئۇنىڭدىن باشقا بىر شەخسلىك پېئىل ئۆتكەن زامان، بولۇشلۇق، بايان رايىدا كېلىپ، جۈملىنىڭ خەۋىرى بولغان.

C. «يولۋاسنىڭ ئاقىرىپ كۆرۈنگەن چىشلىرى ھەرگىزمۇ تەبەسسۇم قىلغىنى ئەمەس» دېگەن جۈملىدە قوللىنىلغان پېئىللارنىڭ ھەممىسى شەخسسىز پېئىل بولۇپ، شەخسسىز پېئىلنىڭ ئۈچىلا تۈرى بار.

D. «يەكلىسە ئادەملەر پەرۋايىم پەلەك، كۈيايە بىرلا سەن چۈشەنسەڭ مېنى» دېگەن مىسرادا ئىككى دانە شەخسلىك پېئىل قوللىنىلغان بولۇپ، ھەر ئىككىسى شەرت رايى، بولۇشلۇق، تۈپ پېئىل. بىرىنچىسى ئۆتكەن زامان، ئىككىنچىسى كېلىدىغان زاماندا كەلگەن.

*71. پېئىل توغرىسىدا تۆۋەندىكىلەردىن توغرىسى: ( )*

A. «يوتقانغا قاراپ پۇت سۇن» دېگەن تەمسىلدە ئىككى شەخسسىز، بىر شەخسلىك پېئىل قوللىنىلغان. شەخسسىز پېئىلنىڭ كېلىش قوشۇمچىسى بىلەن تۈرلەنگىنى سۈپەتداش. شەخسلىك پېئىل بولۇشلۇق، كېلىدىغان زامان، بۇيرۇق رايىدا

كەلگەن.

B. «يامغۇر ياغقاندا يېپىنچاڭ بولسا يېپىنىۋال، ياۋۇز ئادەم يېقىنلاشسا، ئۇنىڭدىن ئېھتىيات قىل» دېگەن جۈملىدە شەخسلىك پېئىلدىن ئىككىسى بولۇپ، بىرى شەرت رايى، بىرى بۇيرۇق راي. ھەر ئىككىسى بولۇشلۇق، كېلىدىغان زامان پېئىلىدۇر.

C. «ئىشەنچەڭ يوقالغاندا قىيامەتنى كۈتسەڭ بولىدۇ» دېگەن جۈملىدىكى ئىككى شەخسلىك پېئىلنىڭ بىرى ئۆتكەن زامان، بولۇشلۇق، بايان راي: بىرى كېلىدىغان زامان بولۇشلۇق، شەرت رايىدا كەلگەن.

D. «مۇھەببەت ئوت يېقىپ ياندۇرغىلى بولمايدىغان، يېنىۋالسا، دېڭىز-ئوكيان بىلەنمۇ ئۆچۈرگىلى بولمايدىغان ئاجايىپ گۈلخان» دېگەن جۈملىدە ئۈچ رەۋىشداش، ئىككى سۈپەتداش، بىر شەرت رايىدىكى بولۇشلۇق، شەخسلىك پېئىل بار.

*72. تەقلىد سۆز ھەققىدىكى بايانلاردىن توغرىسى:* ( )

A. «مىڭ ئېغىز كاپ-كاپتىن بىر ئېغىز چاپ-چاپ ياخشى» دېگەن ماقالدا قوللىنىلغان تەقلىد سۆزلەر ھالەت تەقلىدى بولۇپ، ئىسىم رولىدا كەلگەنلىكى ئۈچۈن ئىگە ۋەزىپىسىدە كەلگەن.

B. «يىرتقۇچنىڭ سۆيگۈمنى چىرت-چىرت، ساڭا يازغان خېتىمگە قوشۇپ» دېگەن مىسرادىكى تەقلىد سۆز ئاۋاز تەقلىدى بولۇپ، خەۋەر ۋەزىپىسىدە كەلگەن.

C. «باخشىنىڭ كۆنى داپ بىلەن، ئالدامچىنىڭ كۆنى لاپ بىلەن.» دېگەن ماقالدا قوللىنىلغان تاق تەقلىد سۆز

تىركەلمە بىلەن تۈرلىنىپ ھالەت ۋەزىپىسىدە كەلگەن.

D. «ئوغرىنىڭ يۈرىكى پوك ـ پوك» دېگەن جۈملىدە ھېسسىيات تەقلىدى قوللىنىلغان بولۇپ، خەۋەر ۋەزىپىسىدە كەلگەن.

73. تەقلىد سۆز ھەققىدىكى بايانلاردىن توغرىسى: ( )

A. «ئۈچماقتا ۋاقىتمۇ شامالدەك غۇر ـ غۇر،

ئۈچماقتا شىبىخىدىن ئايرىلغان چېچەك» دېگەن مىسرادىكى تەقلىد سۆز ھېسسىيات تەقلىدى بولۇپ، جۈملىدە ھالەت ۋەزىپىسىدە كەلگەن.

B. «ئۇلارنىڭ سۇ ئىچكەندىكى تۈرقى تولىمۇ قورقۇنچلۇق ئىدى. قوللىرى دىر ـ دىر تىترەپ، سۇنى ئىچىپ بولۇپلا خۇددى ئورگاننىڭ گۇناھى باردەك، ئاران مۇشۇنچىلىك سۇ بەردىڭمۇ، دېگەندەك ئۇنىڭغا قارايمۇ قويماي چۆمۈچنى ياندۇرۇپ بەردى» دېگەن جۈملىدە قوللىنىلغان تەقلىد ئاۋاز تەقلىدىدۇر.

C. «گەپنىڭ يامىنى كۈس ـ كۈس، ئوسۇرۇقنىڭ يامىنى پۈس ـ پۈس» دېگەن جۈملىدىكى ئىككى دانە تەقلىد سۆز ئاۋاز تەقلىدىدۇر.

D. «ئالدىمدا تۇرغان بۇ سەبىي بالا غال ـ غال تىترەپ تۇراتتى» دېگەن جۈملىدىكى تەقلىد سۆز شەكىل تەقلىدىدۇر.

*74. ئىملىق سۆز ھەققىدە تۆۋەندىكىلەردىن توغرىسى:* ( )

A. ئىملىق سۆزلەر سۆزلىگۈچىنىڭ ھەر خىل ھېس ـ تۇيغۇلىرىنى ئىپادىلىگەچكە جۈملىدە بەلگىلىك بىر ۋەزىپە ئۆتەيدۇ.

B. ئىملىق سۆزلەر جۈملىدە باشقا سۆزلەردىن پەش ئارقىلىق ئايرىلىدۇ.

C. ئىملىق سۆزلەر جۈپ سۆز شەكلىدە كېلىپ، نۇتۇقنىڭ ئىپادىلەش كۈچىنى ئاشۇرىدۇ.

D. ئىملىق سۆزلەر ھېس-تۇيغۇ ئىملىقلىرى، قاراتما ئىملىقلار، بۇيرۇق-چاقىرىق ئىملىقلىرى دېگەن ئۈچ تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

*75 .ئىملىق سۆز ھەققىدە تۆۋەندىكىلەردىن توغرىسى:* ( )

A. ئىملىق سۆزلەرنىڭ ئۆزىگە خاس گىرامماتىكىلىق كاتېگورىيەسى بولمىغاچقا، جۈملىدە ھېچقانداق تۈرلىنىشتە بولمايدۇ.

B. ئوخشاش بىر ئىملىق سۆز ئوخشاش بولمىغان جۈملىلەردە ئوخشاش مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ.

C. بەزى ئىملىقلارنى يېزىقتا ئىپادىلىگىلى بولسىمۇ، لېكىن تەلەپپۇز قىلغىلى بولمايدۇ.

D. ھايۋانلارنى ھەيدەش، چاقىرىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان سۆزلەر تەقلىد سۆزلەر قاتارىغا كىرىدۇ.

*76. ياردەمچى سۆز ھەققىدە تۆۋەندىكىلەردىن توغرىسى:* ( )

A. «ئەمگەك بىلەن ئەر كۆكرەر، يامغۇر بىلەن يەر» دېگەن ماقالدا ياردەمچى سۆزدىن ئىككىسى بولۇپ، بىرى باغلىغۇچى، يەنە بىرى تىركەلمە.

B. «مەن سەن ئارقىلىق ئانامنىڭ كەچمىشلىرىنى ئۇققان، سەن ئارقىلىق ئەجدادلارنىڭ كىملىكىنى ئۇققان، سەن ئارقىلىقلا ئانا ۋەتەنىنىڭ نېمىلىكىنى ئۇققان» دېگەن جۈملىدە ياردەمچى سۆزدىن ئۈچى بولۇپ، ھەممىسى تىركەلمە.

C. «مۇھەببەت — ماروژنا، تاتلىق بولغان بىلەن ئاسان ئېرىپ كېتىدۇ. نىكاھ — دورا، ئاچچىق بولسىمۇ يېمەي ئامال

يوق» دېگەن جۈملىدە ئىككى دانە ياردەمچى سۆز بولۇپ، بىرى تىركەلمە، بىرى يۈكلىمە.

D. «تىلنىڭغا ئىختىيار بەرسەڭ، سۆزۈڭدىن ئىشەكمۇ زېرىكىدۇ» دېگەن جۈملىدە بىر باغلىغۇچى، بىر تىركەلمە قوللىنىلغان.

*77. ياردەمچى سۆز ھەققىدە تۆۋەندىكىلەردىن توغرىسى:* ( )

A. «خىزىر ئەلەيھىسسالام راۋابقۇ چالماس، كىم بىلىدۇ چالمايمۇ قالماس» دېگەن جۈملىدە ياردەمچى سۆزلەردىن ئىككىلا يۈكلىمە بار.

B. «— ماۋۇ كارامەتنى كۆرۈڭ، — دەپ ياقىسىنى تۇتتى ئاسىدەمنىڭ ئاپىسى ئاسمانغا قاراپ. — شۇنچە ھۈنەر ئوغۇللىرىنىڭ ئىچىگە قانداقمۇ سىغقاندۇ؟» دېگەن جۈملىدە بىر باغلىغۇچى، ئىككى يۈكلىمە قوللىنىلغان، تىركەلمە يوق.

C. «— نېمە؟ — سەن ئۆگىتەمسىنا؟ بىلىپ قويغىن، سېنىڭ ئىزىڭ چۈشكەن توپىدىن بىرەر چاڭنىمۇ بەدىنىمگە قوندۇرمايمەن. سەن كىم؟ داڭلىق ئاقنانچى، سەن بىرى خورەك تارتىپ بەرسىمۇ ئۇسسۇلغا چۈشىسەن» دېگەن پارچىدا يۈكلىمىدىن ئىككىسى، باغلىغۇچى بىلەن تىركەلمىدىن بىردىن بار.

D. «ياۋا ئوت - چۆپلەرنى يوقىتىشنىڭ بىرلا ئۇسۇلى بار، ئۇ بولسىمۇ ئۇستىگە زىرائەت تېرىش» دېگەن جۈملىدە يۈكلىمىدىن بىرى، تىركەلمىدىن بىرى بار.

*78. ياردەمچى سۆز ھەققىدە تۆۋەندىكىلەردىن توغرىسى:* ( )

A. «دۆلەتمەن بولساڭمۇ، سۆلەتمەن بولما» دېگەن

جۈملىدە قارىمۇ قارشى باغلىغۇچى قوللىنىلغان. يۈكلىمىدىنمۇ بىرى بار.

B. «ناخشا بىلەن ئۇسسۇلسىز ئۆتكەن كۈنۈم ئاچ قالغان كۈنۈمدىنمۇ بەتتەر كۆڭۈلسىز» دېگەن جۈملىدىكى «بىلەن» سۆزى بىرىكتۈرگۈچى باغلىغۇچى رولىدا كەلگەن. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە بىر يۈكلىمە بار.

C. «ئىللىقلىقنى سېزىدىغان قەلبىڭ بولسىلا جاھاننىڭ مۇزلىشىدىن غەم قىلمىساڭمۇ بولىدۇ» دېگەن جۈملىدە بىر يۈكلىمە بار. باغلىغۇچى بىلەن تىركەلمە قوللىنىلمىغان.

D. «تېگىشتىڭمۇ ئاتاڭنىڭ قان - تەرىنى بۇس بىلەن مەيگە، دېمەككى، دەل ئۇزى سەن ئەتىكى نىمجان قەلەندەرنىڭ» دېگەن مىسرادا بىر يۈكلىمە، بىر بىرىكتۈرگۈچى باغلىغۇچى، ئىككى ئۇلانما قوللىنىلغان.

## سىنتاكسىس قىسمى

*79. جۈملە ۋە جۈملىنىڭ مەزمۇن تۈرلىرى ھەققىدە ئېيتىلغانلاردىن توغرىسى: ( )*

A. «كىمنىڭ ھارۋىسىنى ھەيدىسەڭ، شۇنىڭ ناخشىسىنى ئېيت» دېگەن تەمسىل تۈزۈلۈش جەھەتتىن ئاددىي جۈملە، مەزمۇن جەھەتتىن بۇيرۇق جۈملە.

B. «تا بۈگۈنكى كۈندىمۇ تىرەك ئۆتۈنىنى قالغاندا چىققان ئىسنى پۇرىسالا قەشقەر يادىمغا كېلىدۇ» دېگەن جۈملە تۈزۈلۈش جەھەتتىن بايان جۈملە، مەزمۇن جەھەتتىن ئاددىي جۈملە.

C. «پەقەت رەقىبىڭ يوقمۇ؟ ئۇنداقتا ئۆزۈڭنى ئەڭ ئاجىز

دېگىن» بۇ ئاددىي جۈملە ئىككى جۈملىدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئالدىنقىسى سوئال جۈملە، كېيىنكىسى بۇيرۇق جۈملە.

D. «بولدىلا تالاشقان شەلىرىڭ قالسۇن، ناتونۇش جايلارغا سەرسان بوپ كېتەي» دېگەن مىسرانىڭ ھەر ئىككى جۈملىسى مەزمۇن جەھەتتىن بۇيرۇق جۈملىگە تەۋە.

*80. جۈملە ۋە جۈملىنىڭ مەزمۇن تۈرلىرى ھەققىدە ئېيتىلغانلاردىن توغرىسى:* ( )

A. «ئېشىكىم نەدىن بىلۇر كۆنجۈر ـ ناۋاتىنىڭ قەدرىنى» دېگەن تەمسىل مەزمۇن جەھەتتىن بايان جۈملە.

B. «غازى ئەمەتنىڭ ئۇيغۇر ئۇسۇللىرى تەسۋىرلەنگەن رەسىملىرىنى كۆرگەن ھەرقانداق كىشى بۇ رەسىملەردىكى پېرسوناژلارنىڭ نەپىس ۋە خىلمۇ خىل ئۇسسۇل ھەرىكەتلىرىنىڭ تۇرمۇش چىنلىقىغا ھۆرمەت قىلىش ئاساسىدا بىر ـ بىرىگە پەقەت ئوخشىمايدىغان قىلىپ سىزىلغىنىنى ھېس قىلالايدۇ» بۇ جۈملە مەزمۇنىدىن بايان، تۈزۈلۈشىدىن ئاددىي جۈملە.

C. «كىم كۆيگەن ئۇستازدەك سەبىي بالىغا، ياشىسۇن مۇئەللىم، ئۆمۈر تىلەيلى» دېگەن مىسرا مەزمۇن جەھەتتىن ئۈندەش جۈملە.

D. ئۈندەش جۈملە بىلەن بەزى بۇيرۇق جۈملىلەرگە ئوخشاشلا ئۈندەش بەلگىسى قويۇلىدۇ، بۇ خىل جۈملىلەرنى ئۈندەش جۈملە دېسەكمۇ، بۇيرۇق جۈملە دېسەكمۇ ئوخشاش.

*81. «سىلەر كىمنى ئىزدەيسىلەر؟» دېگەن سوئال جۈملىنىڭ تۈزۈلۈشى:* ( )

A. سوئال ئالماشنىڭ قوشۇلۇشىدىن تۈزۈلگەن.
B. جۈملىنىڭ ئاخىرقى سۆزنىڭ سوئال ئاھاڭىدا ئېيتىلىشىدىن تۈزۈلگەن.
C. جۈملە خەۋىرىنىڭ ئاخىرىغا كۆپلۈك قوشۇمچىسىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن تۈزۈلگەن.
D. ئالماش سۆز تۈركۈمىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن تۈزۈلگەن.

*82. ئۈندەش جۈملىلەر كۆپ ھاللاردا:* ( )
A. ئىملىق سۆزنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا تۈزۈلىدۇ.
B. ئۈندەش سۆزنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا تۈزۈلىدۇ.
C. بۇيرۇق پېئىلنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا تۈزۈلىدۇ.
D. تەقلىد سۆزلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا تۈزۈلىدۇ.

*83. «ھەي ئىسىت، نېمىشقا بالدۇرراق دېمىگەنسەن!؟» دېگەن جۈملە ھەققىدە توغرا ئېيتىلغىنى:* ( )
A. بۇ جۈملە مەزمۇن جەھەتتىن ئۈندەش سوئال جۈملە
B. بۇ جۈملە مەزمۇن جەھەتتىن ئۈندەش جۈملە، تۈزۈلۈش جەھەتتىن سوئال جۈملە.
C. بۇ جۈملىنىڭ ئاخىرىدىكى تىنىش بەلگىلىرى خاتا قويۇلۇپ قالغان.
D. بۇ جۈملىدە ئۈندەش مەنىسى كۈچلۈك، سوئال مەنىسى ئاجىزراق بولغاچقا، ئاخىرىدىكى تىنىش بەلگىلىرى توغرا بولغان.

*84. جۈملىدىكى سۆزلەرنىڭ باغلىنىش يوللىرى ھەققىدىكى بايانلاردىن توغرىسى:* ( )
A. «ئاتىنىڭ تەپكىنى ھار ئەمەس، ئېشەكنىڭ تەپكىنى

ھار» دېگەن تەمسىلدە بېقىندى باغلىنىشنىڭ كېلىشىش مۇناسىۋىتىدىن ئىككىسى، چىرمىشىش مۇناسىۋىتىدىن ئىككىسى بار.

B. «مەن بىر مۇقەددەس بۇرچ تۇيغۇسىنى ھېس قىلغاندەك بولدۇم» دېگەن جۈملىدە بېقىندى باغلىنىشتىكى تۆت خىل مۇناسىۋەتنىڭ ھەممىسى بار.

C. «مۇھەببەت ــ ئادەم ئاتا بىلەن ھاۋا ئانىنىڭ تۇنجى پىچىرلىشىشى» دېگەن جۈملىنىڭ خەۋەر تەركىبىدە تەڭداش باغلىنىشمۇ، بېقىندى باغلىنىشنىڭ باشقۇرۇش مۇناسىۋىتىمۇ بار.

D. «ۋىجدان — مۇھەببەت بىلەن نەپرەتنىڭ يىغىندىسى» دېگەن جۈملىدە كېلىشىش مۇناسىۋىتى، چىرمىشىش مۇناسىۋىتى ۋە تىركەلمە بىلەن كەلگەن باشقۇرۇش مۇناسىۋىتى بار.

*85. جۈملىدىكى سۆزلەرنىڭ باغلىنىش يوللىرى ھەققىدىكى بايانلاردىن توغرىسى:* ( )

A. «بولۇتنىڭ قەدرى يوق ئاي يېنىدا، پىقىرنىڭ قەدرى يوق باي يېنىدا» دېگەن جۈملە تەركىبىدە چىرمىشىش مۇناسىۋىتىدىن ئىككىسى، يانداش مۇناسىۋىتىن ئىككىسى، كېلىشىش مۇناسىۋىتىدىن ئىككىسى بار.

B. «زوردۇنكامىنىڭ تاۋۇتىنى كۆتۈرۈپ ماڭغانلار ئارىسىدا روزەك بەز، ئەلا، زىخرۇللا، مەتيا، ھاشىر، گۈلسارەلەر يەنە ئۇنىڭ قەلىمىدە پەيدا بولغان نۇرغۇن كىشىلەر ھازا تۇتۇپ ماڭماقتا ئىدى» دېگەن جۈملىدە تەڭداش باغلىنىشتىكى سۆزلەر بولغاندىن سىرت بېقىندى باغلىنىشتىكى ھەممە مۇناسىۋەتلەر

بار.

C. «تەن گۈزەللىكى كۆزنى مايىل قىلسا، قەلب گۈزەللىكى كۆڭۈلنى قايىل قىلىدۇ» دېگەن جۈملىدە چېرمىشىش مۇناسىۋىتىدىن بىرى، باشقۇرۇش، ياندىشىش، كېلىشىش مۇناسىۋىتىدىن ئىككىدىن بار.

D. «كۆڭۈل سەۋداسى باشقا، ئۆمۈر ھەمراسى باشقا» دېگەن جۈملىدە ئىككى كېلىشىش مۇناسىۋىتى، ئىككى ياندىشىش مۇناسىۋىتى بار.

*86. جۈملىدىكى سۆزلەرنىڭ باغلىنىش يوللىرى ھەققىدىكى بايانلاردىن توغرىسى:* ( )

A. «ئىگىسىنى ياخشى كۆرسەڭ، ئىتىغا سۆڭەك تاشلا» دېگەن تەمسىلدە باشقۇرۇش مۇناسىۋىتىدىن ئىككىسى، ياندىشىش مۇناسىۋىتىدىن بىرى بار.

B. «كەسمەڭلار ئەگرى تالنى، تۆپىسىدە مېۋە بار» دېگەن مىسرادا كېلىشىش ۋە ياندىشىش مۇناسىۋىتىدىن بىردىن، باشقۇرۇش مۇناسىۋىتىدىن ئىككىسى بار.

C. «باشقىلار سىزنىڭ ئۆتمۈشىڭىزگە قىزىقمايدۇ، قىزىقىدىغىنى دەل ھازىرقى تەقدىرىڭىز» دېگەن جۈملىدە كېلىشىش مۇناسىۋىتىدىن ئىككىسى، باشقۇرۇش چېرمىشىش، ياندىشىش مۇناسىۋىتىدىن بىردىن بار.

D. «يۈز ئادەمنىڭ نەزىرىدە بولغۇچە، بىر ئادەمنىڭ يۈرىكىدە بول» دېگەن جۈملىدە بېقىندى باغلىنىشنىڭ ھەممە تۈرى بار دېگىلى بولمايدۇ. ئەمما تەڭداش باغلىنىشتىكى سۆزلەر بار.

*87. تۇراقسىز سۆز بىرىكمىسى ھەققىدە تۆۋەندىكىلەردىن*

*توغرىسى:* (    )

A. «پۇختىا ئىشتىن كاۋاك چىقماس، يەككە قولدىن چاۋاك چىقماس» دېگەن ماقالدا تۆت دانە ئاددىي سۆز بىرىكمىسى بولۇپ، ئىككىسى ئىسىم خاراكتېرلىك، ئىككىسى پېئىل خاراكتېرلىك.

B. «ئەقىل چىراغدۇر، دىلى كور كىشى ئۈچۈن چىراغ بەلكى ناشايان بىر ۋاستە» دېگەن جۈملىدە پېئىل خاراكتېرلىك مۇرەككەپ سۆز بىرىكمىسىدىن بىرى، ئىسىم خاراكتېرلىك ئاددىي سۆز بىرىكمىسىدىن بىرى بار.

C. «نېسىۋە ھەممىگە ئورتاق، ئەمما ھەركىم ئۆز قورىي يەتكۈچە ئالىدۇ» دېگەن جۈملىدە بەش دانە سۆز بىرىكمىسى بولۇپ، ئىسىم خاراكتېرلىكتىن ئىككىسى، پېئىل خاراكتېرلىكتىن ئۈچى بار.

D. «قەلبلەرنى بېسىۋاپتۇ مۇگىدەك، يۇمغاقسۇتنى كۆپ يەۋالغان بالىدەك» دېگەن مىسرادا ئىككى دانە مۇرەككەپ سۆز بىرىكمىسى بولۇپ، ئىككىلىسى ئىسىم خاراكتېرلىك.

*88. «بىلىملىك ئادەم ئۆزىنىڭ ئارزۇسىغا چوقۇم يېتەلەيدۇ» دېگەن جۈملىدىكى سۆزلەرنىڭ باغلىنىشى ھەققىدە ئېيتىلغانلاردىن خاتاسى:* (    )

A. جۈملىدە چىرمىشىش باغلىنىشتا كەلگەن سۆز بىرىكمىسىدىن ئىككىسى بولۇپ، بىرسى ئېنىقلىغۇچى بىلەن ئىگە، يەنە بىرسى ئېنىقلىغۇچى بىلەن تولدۇرغۇچى ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىشنى كۆرسىتىدۇ.

B. جۈملىدە يانداش باغلىنىشتىكى سۆز بىرىكمىسىدىن ئىككىسى بولۇپ، بىرسى ئېنىقلىغۇچى بىلەن ئىگە، يەنە

بىرسى ھالەت بىلەن خەۋەر ئۇتتۇرىسىدىكى باغلىنىشنى كۆرسىتىدۇ.

C. «ئارزۇسىغا» بىلەن «يېتەلەيدۇ» دېگەن سۆز باشقۇرۇش باغلىنىشىتا بولۇپ، ھالەت بىلەن خەۋەر ئۇتتۇرىسىدىكى باغلىنىشنى كۆرسىتىدۇ.

D. «بىلىملىك» بىلەن «يېتەلەيدۇ»، «ئادەم» بىلەن «ئارزۇسىغا» دېگەن سۆزلەر ئۇتتۇرىسىدا باغلىنىش مۇناسىۋىتى بار دېيىلسە، خاتا بولىدۇ.

*89. يانداش باغلىنىش بولسا. جۈملە تەركىبىدىكى سۆزلەرنىڭ:* ( )

A. كېلىشلەر بىلەن تۈرلىنىپ باغلىنىشنى كۆرسىتىدۇ.

B. ئورۇن تەرتىپى ئارقىلىق باغلىنىشنى كۆرسىتىدۇ.

C. ئىپنقلىغۇچى بىلەن ئىگىنىڭ باغلىنىشىنى كۆرسىتىدۇ.

D. تولدۇرغۇچى بىلەن خەۋەرنىڭ باغلىنىشىنى كۆرسىتىدۇ.

*90. تەڭداش باغلانغان سۆز بىرىكمىسى ھەققىدە ئېيتىلغان خاتا ھۆكۈم:* ( )

A. تەركىبىدىكى سۆزلەر بىر-بىرىگە بېقىنماي باراۋەر مۇناسىۋەتتە بولىدۇ.

B. بىرىكمە تەركىبىدىكى سۆزلەر بىر خىل سۆز تۈركۈمىگە ياكى ئوخشاش خاراكتېرگە ئىگە سۆزلەردىن تەركىب تاپىدۇ.

C. بىرىكمە تەركىبىدىكى سۆزلەرنىڭ ئورنى ئالماشتۇرۇلسىمۇ تەڭداشلىق مۇناسىۋەت ئۆزگىرىپ كەتمەيدۇ.

D. بىرىكمە تەركىبىدىكى سۆزلەر پەقەت باغلىغۇچى ئارقىلىقلا باغلىنىپ كېلىدۇ.

*91. جۇملە بۆلەكلىرى ھەققىدە توغرا ئېيتىلغىنى:* ( )

A. «ئۇسسۇل ئوينىيالمىغان قىزغا ئۆيىنىڭ تارلىقى باھانە» دېگەن جۇملىنىڭ ئىگىسى، خەۋىرى، ھالىتى ئىسىم سۆز تۈركۈمىگە، ئېنىقلىغۇچىسى شەخسسىز پېئىلغا تەۋە.

B. «ئۆزىدىن نەپرەتلىنىشنى بىلمىگەن ئىنسان ئۆزىنى بارغانسېرى نەپرەتلىك سىيماغا ئايلاندۇرۇۋاتقان غاپىل ئىنساندۇر» دېگەن جۈملە باش ۋە ئەگەشمە بۆلەكلەردىن تۈزۈلگەن بولۇپ، ئىككىلا باش بۆلەك ئوخشاش بىر سۆزدۇر.

C. «تارىخنى كۆچلۈكلەر ئاجىزلارنىڭ دۈمبىسىگە يازىدۇ» دېگەن جۇملىدە جۇملە بۆلەكلىرىنىڭ ھەممىسى تولۇق بولۇپ، ئىگىسى ئىسىم ئورنىدا قوللىنىلغان سۈپەت.

D. «قەپەستىكى قۇش ھامان ئەركىن قۇشقا قارىغاندا مۇڭلۇق سايرايدۇ» دېگەن جۇملىدە پېئىلنىڭ ئالدىدا كەلگەن بىر ياسالما سۈپەت ھالەت ۋەزىپىسىدە كەلگەن. ئېنىقلىغۇچىدىن ئۈچى، ھالەتتىن ئىككىسى، تولدۇرغۇچىدىن بىرى بار.

*92. جۇملە بۆلەكلىرى ھەققىدە توغرا ئېيتىلغىنى:* ( )

A. «ئاچنىڭ دەردىنى توق بىلمەس» دېگەن جۇملىدە ئىسىم ئورنىدا كەلگەن ئىككى سۈپەت ئېنىقلىغۇچى بىلەن ئىگە، چۈشۈم كېلىشىكىدىكى بىر ئىسىم تولدۇرغۇچى. بىر شەخسسىز پېئىل خەۋەر ۋەزىپىسىدە كەلگەن.

B. «قەشقەرنىڭ گۈل يۈزلۈكلىرى جىلۋىلىك بىر بېقىشى بىلەن ھەرقانداق گۈزەللەرنىڭ باغرىنى خۇددى بەدەخشان

ياقۇتىدەك قىزىل قان قىلىۋېتىدۇ» دېگەن جۈملىدە جۈملە بۆلەكلىرىنىڭ ھەممىسى سۆز بىرىكمىسى شەكلىدىكى مۇرەككەپ بۆلەك بولۇپ، ھالىتى «بىلەن» باغلىغۇچىسى بىلەن باغلىنىپ كەلگەن.

C. «چىۋىن ئېشەكنىڭ يېغىرىنىلا كۆرىدۇ» دېگەن جۈملىدە ئىگە، خەۋەر، ئېنىقلىغۇچى، ھالەتتىن ئىبارەت تۆت ئاددىي بۆلەك بار.

D. «ھەر كۆرسەم جان قوزام قىلىقلىرىڭنى، ئالەمنىڭ ھاردۇقى تۈگەيدۇ جەزمەن» دېگەن مىسرادا ئىگە يوشۇرۇن كەلگەن. خەۋەر «جەزمەن» دېگەن دەرىجە رەۋىشى، بۇ جۈملىدە يەنە قاراتما سۆز بار.

*93. جۈملە بۆلەكلىرى ھەققىدە توغرا ئېيتىلغىنى:* ( )

A. «تاتلىقنىڭ قەدرىنى بىلمىگەن ھالۋىغا تۇز سالار» دېگەن جۈملىنىڭ ئىگىسى يوشۇرۇن كەلگەن. سۈپەت بىلەن سۈپەتداش ئېنىقلىغۇچى، ئىككى ئىسىم تولدۇرغۇچى بىلەن ھالەت ۋەزىپىسىدە كەلگەن.

B. «كىشىلەر شۇ چاغدىكى قەشقەرگە ئوخشاش تازا روناق تاپقان ئوتتۇرا ئەسىر جەمئىيىتىنى بۈگۈنكى دۇنيانىڭ ھېچقانداق يېرىدىن تاپالمايدۇ» دېگەن جۈملىنىڭ باش بۆلىكى بىرلا سۆزدىن تۈزۈلۈپ، ئاددىي شەكىلدە، ئەگەشمە بۆلەكلىرى سۆز بىرىكمىسى شەكلىدە كەلگەن.

C. «بۆرىسى يوق جاڭگالنىڭ قويلىرى بىغەم» دېگەن تەمسىلدە ئۈچلا بۆلەك بولۇپ، ئېنىقلىغۇچى بىلەن خەۋىرى سۆز بىرىكمىسى شەكلىدە كەلگەن.

D. «مەن ئۇنىڭغا مۇشۇ جاھاندا ئېقىپ يۈرگەن

پەلسەپىلەرنىڭ ئەڭ تاتلىق مەزمۇنلىرىنى سېتىشقا باشلىدىم» دېگەن جۈملىدە بىر شەخس ئالمىشى ئىگە، كۆپلۈك، شەخس، كېلىش قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلەنگەن بىر ئىسىم تولدۇرغۇچى، ئۆتكەن زاماندىكى بىر شەخسلىك پېئىل خەۋەر ۋەزىپىسىدە كەلگەن.

*94. جۈملە بۆلەكلىرى ھەققىدە تۆۋەندىكىلەردىن توغرىسى:*

( )

A. جۈملىدە مەلۇم بىر سوئالغا جاۋاب بولغان سۆز ياكى سۆز بىرىكمىسى جۈملە بۆلىكى دەپ ئاتىلىدۇ.

B. جۈملە تەركىبىدە قانچە سۆز بولسا، شۇنچە جۈملە بۆلىكى بولىدۇ.

C. جۈملىدىكى ھەممە بۆلەكنىڭ ئوينايدىغان رولى ئوخشاش بولغاچقا،بىر-بىرىدىن پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن باش بۆلەك ۋە ئەگەشمە بۆلەكلەرگە بۆلۈنىدۇ.

D. ئىگە، خەۋەر، تولدۇرغۇچىلار جۈملىنىڭ باش بۆلىكى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

*95. باش ۋە ئەگەشمە بۆلەك توغرىسىدىكى توغرا ھۆكۈم:*

( )

A. ئەگەشمە بۆلەكلەر باش بۆلەكلەرگىلا باغلىنىدۇ.

B. باش بۆلەكلەرسىز جۈملە تۈزۈشكە بولمىغىنىدەك، ئەگەشمە بۆلەكلەرسىزمۇ جۈملە تۈزۈشكە بولمايدۇ.

C. ئەگەشمە بۆلەكلەر ئۆزئارا بىر-بىرىنىمۇ ئېنىقلايدۇ، دېيىش خاتا. ئەگەشمە بۆلەكلەر پەقەت باش بۆلەكنىلا ئېنىقلايدۇ.

D. ئەگەشمە بۆلەكلەر باش بۆلەكلەرگە ئەگىشىپ، مەزمۇن

جەھەتتىن تولدۇرۇپ، كېڭەيتىپ كېلىدۇ.

96. جۈملىنىڭ تەڭداش بۆلەكلىرى ھەققىدە تۆۋەندىكىلەردىن توغرىسى: (　　)

A. «ئۆردەك بىلەن غاز ئوينار، چىۋىن بىلەن تاز ئوينار» دېگەن جۈملىدە تەڭداش باغلىنىشتا كەلگەن ئىككى گۇرۇپپا سۆز ئايرىم-ئايرىم ئىگە بىلەن ئېنىقلىغۇچى ۋەزىپىسىدە كەلگەن.

B. «شامەخسۇتنىڭ خانلىقا بولغان چەكسىز ساداقىتى بەدىلىگە خانلىقتىن ئۇنىڭغا بېرىلگەن ئۇنۋان، مەرتىۋە، ئىمتىيازلار شۇ قەدەر يۇقىرى ئىدىكى، شىنجاڭدىكى ھەرقانداق ئەمەلدار بۇ جەھەتتە ئۇنىڭ بىلەن تەڭ بولالمايتتى» دېگەن جۈملىدە تەڭداش باغلانغان ئۈچ ئىسىم ئىگە ۋەزىپىسىدە كەلگەن.

C. «ئىنسانلارنىڭ ئۇلۇغ كەشپىيات ۋە تۆھپىلىرىنىڭ تۇنجى قەدىمى تەۋەككۇلدىن باشلانغان» دېگەن جۈملىدە قوللىنىلغان تەڭداش بۆلەك ئېنىقلىغۇچى بولۇپ، سۈپەت سۆز تۈركۈمىگە تەۋە.

D. «ماڭغىنىمدا بىرگە سەن بىلەن.
يوق تۇيۇلار ياكى سەن يا مەن.
خىيال دەيمەن ئىشەنگۈم كەلمەي،
ئىككىمىزدىن بىرىمىز جەزمەن»
دېگەن شېئىرىي مىسرادا ئىككى شەخسلىك ئالماش تەڭداش باغلىنىپ، خەۋەر ۋەزىپىسىدە كەلگەن.

97. كېڭەيگەن بۆلەك ھەققىدىكى بايانلاردىن توغرىسى: (　　)

A. بىرقانچە يەردە پېشقەدەملەر ياشلارغا تاۋۇتنى

ماشىنىغا سېلىۋېلىشنى ئىلتىجا قىلىۋېدى، «ھايات ۋاقتىدا كۆتۈرۈش قولىمىزدىن كەلمىدى، ئەمدى بولسىمۇ كۆتۈرۈۋالايلى» دەپ چىرايلىق رەت قىلدى.

يۇقىرىقى جۈملىدىكى قوش تىرناقىقا ئېلىنغان تەركىبنى كېڭەيگەن بۆلەك دەپ قارىساق، بۇ بۆلەك ئېنىقلىغۇچىدۇر.

B. «كۆتەك يارغان پالتا ئىشىكىنىڭ كەينىدە» دېگەندەك ئۇنىڭ ئىسمى داۋاملىق تۆھپىكارلار تىزىملىكىدىن چۈشۈپ قالاتتى. بۇ جۈملىدە كېڭەيگەن بۆلەكتىن تولدۇرغۇچى بار.

C. كونىلار: «ئاناڭ ئۆگەي بولسا، داداڭ ئۆزۈڭنىڭ بولماس» دەپ تولىمۇ توغرا ئېيتىپتىكەن. بۇ جۈملىنىڭ كۆچۈرمە قىسمى كېڭەيگەن بۆلەكتىن ھالەت ۋەزىپىسىدە كەلگەن.

D. «تۇپراق ھامان بىر كۈنى يامغۇرنىڭ قەدرىگە يېتەر، بىراق ئۇ كۈنى يامغۇر ياغماس» دېگەن جۈملىنىڭ ئەگەشمە بۆلەكلىرى كېڭەيگەن بۆلەك رولىدا كەلگەن بولۇپ، ئۇلار ھالەت بىلەن تولدۇرغۇچىدۇر.

*98. جۈملە بىلەن گىرامماتىكىلىق باغلىنىشى يوق سۆزلەر توغرىسىدىكى باياناردىن توغرىسى:* ( )

A. «ئالدىرىماڭ يارەي، سىزگىمۇ بارەي» دېگەن جۈملىدە جۈملە بىلەن گىرامماتىكىلىق باغلىنىشى يوق سۆزلەردىن قاراتما سۆز بىلەن يۈكلىمە قوللىنىلغان.

B. «360 يىللىق يولغا بېرىپ، دىۋىلەر شەھرىدىن شەمسى جانانىي ئەكەلگۈچە سېنىڭ بىلەن مېنىڭ تېنىم توپا بولۇپ، توپىدىن كېسەك قۇيۇپ ياسىغان ئۆيلەرمۇ ئۆرۈلۈپ بولدۇ، خوتۇن!...» دېگەن جۈملىدە قاراتما سۆز قوللىنىلغان

بولۇپ، بۇ سۆز جۈملە بۆلىكىگە ئايرىلمايدۇ.

C. «كۆڭۈل شۇنداق نەرسىكى، بىر ئۆمۈر بىللە يۈرگەنگە چۈشمەي، بىر كۆرگەنگە چۈشىدىغان» دېگەن جۈملىدە جۈملە بىلەن باغلىنىشى يوق سۆزلەردىن باغلىغۇچى بىلەن قىستۇرما سۆز قوللىنىلغان.

D. «قاشلىرىڭنى ئاي دەيمۇ جېنىم،
كۆزلىرىڭنى تاڭدىكى چولپان.
كىرپىكىڭنى ئوقيا دەيمىكىن،
مېنىڭ يۈرەك باغرىمغا ئاتقان»

دېگەن قوشاقتا ئىملىق سۆز بىلەن قاراتما سۆز قوللىنىلغان. يەنە بىر يۈكلىمىمۇ بار بولۇپ، بۇلارنىڭ ھېچقايسىسى جۈملە بۆلىكىگە تەۋە ئەمەس.

*99. جۈملە بىلەن گىراماتىكىلىق باغلىنىشى يوق سۆزلەر ھەققىدە تۆۋەندە ئېيتىلغانلاردىن توغرىسى:* ( )

A. «ئۆزۈم يېسەم سېسىق ئېشىم، كىشىگە بەرسەم، ئىسسىت، ئېشىم» دېگەن جۈملىدە بۇيرۇق-چاقىرىق ئىملىقى قوللىنىلغان بولۇپ، جۈملە بىلەن باغلىنىشى يوق.

B. «ئۇكام، مەن يۇرتۇڭلاردا ئىككى نەرسىنى ئالاھىدە ھېس قىلدىم. بىرى، باي ئادەم يوقكەن، ئىككىنچىسى، كادىردىن باشقا سېمىز، يوغان ئادەم يوقكەن، ھەممە ئادەم ئورۇق، ۋىجىككەن،— دېدى زوردۇنكام» دېگەن جۈملىدە باغلىنىش يوق سۆزلەردىن ئىككى دانە قاراتما سۆز، ئۈچ دانە قىستۇرما سۆز قوللىنىلغان.

C. «چۈش مەڭگۈ ئېرىشكىلى بولمايدىغان قايتىلانماس ناخشا» دېگەن جۈملىدە ئىزاھلىغۇچى قوللىنىلغان. شۇڭا بۇ

تەركىبنى جۈملە بۆلىكىگە ئايرىشقا بولمايدۇ.

D. «ئەجەبمۇ كەلمىدىڭ يارىم، يولۇڭغا بارغۇدەك بولدۇم. قولۇمغا قوش پىچاق ئالىپ، يۈرەكنى يارغۇدەك بولدۇم» دېگەن قوشاقتا قاراتما سۆز قوللىنىلغان دېيىشكە بولىدۇ.

*100. قاراتما سۆز بىلەن ئىگىنىڭ پەرقى ھەققىدە ئېيتىلغانلاردىن خاتاسى:* ( )

A. قاراتما سۆزلەر جۈملىدىكى باشقا سۆزلەر بىلەن سىنتاكسىسلىق باغلىنىشتا بولمايدۇ.

B. قاراتما سۆز خەۋەر بىلەن كېلىشىش مۇناسىۋىتىدە بولمىغاچقا، ئادەتتە باشقا جۈملە بۆلەكلىرىدىن پەش ئارقىلىق ئايرىلىپ يېزىلىدۇ.

C. ئىگىسى يوشۇرۇن كەلگەن جۈملىلەردە قاراتما سۆز ئىگە بولۇپ كېلىدۇ.

D. قاراتما سۆزلەر كۈچلۈك ئىنتوناتسىيەدە ئېيتىلسا، قارتما سۆزلەردىن كېيىن ئۈندەش بەلگىسىمۇ قويۇلىدۇ.

*101. قىستۇرما سۆز ھەققىدە ئېيتىلغانلاردىن خاتاسى:* ( )

A. قىستۇرما سۆز سۆزلىگۈچىنىڭ تۈرلۈك ھېس-تۇيغۇسىنى بىلدۈرىدۇ.

B. قىستۇرما سۆز سۆزلىگۈچىنىڭ جۈملىدىكى ئوي-پىكرىگە نىسبەتەن تۈرلۈك كۆزقارىشىنى بىلدۈرىدۇ.

C. قىستۇرما سۆز سۆزلىگۈچىنىڭ بايان قىلىنىۋاتقان ئوي-پىكرىگە نىسبەتەن قانداق پوزىتسىيەدە بولغانلىقىنىمۇ ئىپادىلەيدۇ.

D. قىستۇرما سۆزلەر ئىنتوناتسىيە جەھەتتىن باشقا جۈملە بۆلەكلىرى بىلەن ئوخشاش ۋەزىپە ئۆتەيدۇ.

102. ئىملىق سۆز ھەققىدىكى بايانلاردىن توغرىسى: (    )

A. ئىملىق سۆزلەرنىڭ جۈملە بىلەن بىۋاستە باغلىنىشى بولسىمۇ، ئەمما سۆزلىگۈچىنىڭ ھېس-تۇيغۇسىنى بىۋاستە ئىپادىلىمەيدۇ.

B. ئىملىق سۆزلەردە ھېچقانداق مەنە ئىپادىلەنمەيدۇ.

C. ئىملىق سۆز ئادەتتە ئۇندەش جۈملىلەردە قوللىنىلغاچقا، بۇ خىل جۈملىلەرگە ئۇندەش بەلگىسى قويۇلىدۇ.

D. ئىملىق سۆزلەر كۈچلۈك ئىنتوناتسىيە بىلەن ئېيتىلسا، ئۇندەش سۆزلەردىن كېيىن ئۇندەش بەلگىسى قويۇلىدۇ

103. ئاددىي جۈملىنىڭ تۈرلىرى توغرىسىدا تۆۋەندىكى بايانلاردىن توغرىسى: (    )

A. «بىسمىللا دېسەڭ تېشىڭدا دە، دېمىگەنلەر دېسۇن، شۈكرى دېسەڭ ئىچىڭدە دە، يېمىگەنلەر يېسۇن» دېگەن جۈملە ئىككى ئاددىي جۈملە بولۇپ، ئىگىسى يوشۇرۇن كەلگەن.

B. «ھايۋانلارنىڭ ئويۇن ئويناش جەريانىدىكى ئۆزىنى تۇتۇشلىرى، ئەقىللىقلىقى، ئىجادچانلىقى، تەسەۋۋۇرى، ھېيلىگەرلىكى، سۇيىقەستلىرى، ھەر خىل، ھەر تۈستىكى ئالاقىلىشىش ئۇسۇللىرى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىلا ئادەملەرنىڭ مۆلچەرىدىن ئېشىپ كەتكەن» دېگەن جۈملە بىر دانە يېيىق ئاددىي جۈملىدۇر.

C. «يولۋاس مىجەز ئوقۇتقۇچىلار تۈلكە مىجەز ئوقۇغۇچىلارنى تەربىيەلەپ يېتىشتۈرىدۇ» دېگەن جۈملە ئىگىلىك، تولۇق، يىغىق ئاددىي جۈملە.

D. «بەخت كېلىدۇ نەدىن؟
— جاپالىق ئىشلىگەن يەردىن»
دېگەن دىيالوگدىكى ھەر ئىككىلا جۈملە تولۇقسىز ئاددىي جۈملە بولۇپ، بىرىنچىسى يېيىق، ئىگىلىك، ئىككىنچىسى ئىگىسىز، يىغىق ئاددىي جۈملىگە تەۋە.

*104. ئاددىي جۈملىنىڭ تۈرلىرى توغرىسىدا تۆۋەندىكى بايانلاردىن توغرىسى:* ( )

A. «ئىتنىڭ ئاچچىقىدا چاپاننى ئوتقا سالماق» دېگەن تۇراقلىق تەركىب تۈزۈلۈشىدىن ئىگىسىز، يېيىق، تولۇقسىز ئاددىي جۈملىدۇر.

B. « — ئاتايمۇ؟ — دېدى خوجىنىياز پالگان.
— ئات، — دېدى تۆمۈر خەلىپە. بىر ئوق بىلەن چيەندارىنىڭ قالپىقى ئۇچۇپ كەتتى» يۇقىرىقى دىيالوگنى نەسرىي شەكىلدىكى بايان جۈملىگە ئايلاندۇرساق، تولۇقسىز، ئىگىسىز، يىغىق ئاددىي جۈملە بولىدۇ.

C. «ئەسلەش — كۆڭۈلنى بەزلەش» دېگەن جۈملە، تولۇق، يىغىق، ئىگىلىك ئاددىي جۈملە.

D. «بايلار شۆكۈر-قانائەتنىڭ ھەممىسىنى نامراتلارغا سەدىقە قىلىۋەتكەن» دېگەن جۈملە تولۇق، يېيىق، ئىگىسىز جۈملە.

*105. ئىگىلىك ۋە ئىگىسىز جۈملە ھەققىدىكى بايانلاردىن توغرىسى:* ( )

A. ئىش-ھەرىكەتنى ئۈستىگە ئالغۇچى ئىگە بار بولغان جۈملىلەرلا ئىگىلىك ئاددىي جۈملە دەپ ئاتىلىدۇ.

B. ئىگىسى ئېيتىلمىغان جۈملىلەرنىڭ ھەممىسى ئىگىسىز ئاددىي جۈملە دەپ ئاتىلىدۇ.

C. بەزى جۈملىلەرنىڭ ئىگىسى ئېنىق ئېيتىلمىغان بولسىمۇ ئىگىلىك جۈملە ھېسابلىنىدۇ.

D. ئىگىسىز جۈملىلەردىكى ئىش-ھەرىكەت ئادەم تەرىپىدىن ئورۇندالماي، نەرسە تەرىپىدىن ئورۇندالغان بولىدۇ.

*106. تولۇق جۈملە ھەققىدە ئېيتىلغانلاردىن توغرىسى:* ( )

A. بەش خىل جۈملە بۆلىكىنىڭ ھەممىسى تولۇق بولغان جۈملىلەر.

B. تولۇق جۈملە بولۇش ئۈچۈن چوقۇم باش بۆلەكلەر بولۇشى لازىم.

C. جۈملە مەزمۇنىغا مۇناسىۋەتلىك بۆلەكلىرى تولۇق ئېيتىلغان جۈملە.

D. ئۇندەش سۆزلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا تۈزۈلگەن جۈملە.

*107. تولۇقسىز جۈملە ھەققىدىكى بايانلاردىن توغرىسى:* ( )

A. ئەگەشمە بۆلەكلىرى بولمىغان ئاددىي جۈملىلەر.

B. بەدىئىي ئەسەرلەردىكى ھەرقانداق بىر سۆز تولۇقسىز جۈملە بولىدۇ.

C. مۇناسىۋەتلىك بۆلەكلىرى تولۇق ئېيتىلمىغان، ئەمما چۈشۈپ قالغان جۈملە بۆلەكلىرىنى ئالدىنقى ياكى كېيىنكى جۈملىلەردىن بىلىۋېلىشقا بولىدىغان جۈملە.

D. دىيالوگ تەركىبىدىكى ئاددىي جۈملىلەرنىڭ ھەممىسى تولۇقسىز جۈملە بولىدۇ.

*108. مۇرەككەپ جۈملە ھەققىدىكى بايانلاردىن توغرىسى:* ( )

A. «مۇھەببەت كۆزدىن بىلىنەر، نەپرەت سۆزدىن» دېگەن ماقال تۈزۈلۈشىدىن باغلىنغۇچىلارسىز باغلانغان تەڭداش مۇرەككەپ جۈملە.

B. «خەلقئارا ماتېماتىكا مۇنبىرىدە ئۇيغۇر ئوغۇل-قىزلىرىنىڭ يۈكسەك ئەقىل-پاراسىتىنى نامايان قىلغان مۇنەۋۋەر ئوغلان ئابدۇرېشىت ئابدۇۋېلى قەلبىگە پۈككەن نۇرغۇن گۈزەل ئارزۇ-ئارمانلىرىنى ئەنە شۇنداق بىر-بىرلەپ رېئاللىققا ئايلاندۇردى» دېگەن جۈملە باش جۈملىسى ئاخىردا كەلگەن بېقىندىلىق مۇرەككەپ جۈملە.

C. «تارىخنى ۋاراقلاۋەرمە، ئېزىپ قالىسەن، چۈنكى يات ئىز چۈشمەيدىغان يول يوق» دېگەن جۈملە باش جۈملىسى بېشىدا كەلگەن بېقىندىلىق مۇرەككەپ جۈملە.

D. «بىر پەللىنى كۆزلەپ ماڭىمەن، ئاۋارىمەن تېخى يېتەلمەي» دېگەن مىسرا ئارىلاش مۇرەككەپ جۈملىنى ھاسىل قىلغان.

*109. مۇرەككەپ جۈملە ھەققىدىكى بايانلاردىن توغرىسى:* ( )

A. «سۇ كېتىدۇ، تاش قالىدۇ؛ ئوسما كېتىدۇ، قاش قالىدۇ.» دېگەن تەمسىل تۈزۈلۈش جەھەتتىن ئارىلاش مۇرەككەپ جۈملە.

B. «ئەڭ قورقۇنچلىقى شۇكى، بىزبىزنىكادا قۇياش نۇرى جىلۋە قىلماقتا. قاتىرىسىغا كەتكەن تېرەكلەر لەرزان ئۇسسۇل ئوينىماقتا. دەرۋازىغا يېقىنلا يەردىكى چىملىقتا باللار بىر-بىرىنى قوغلىشىپ ئوينىماقتا» دېگەن جۈملە تۈزۈلۈشىدىن ئارىلاش مۇرەككەپ جۈملە بولۇپ، بەش ئاددىي جۈملىدىن تۈزۈلگەن.

C. «ئۇ ھەمىشە چەت ئەلنىڭ كارىۋىتىدا يېتىپ، ئۇيغۇرنىڭ چۈشىنى كۆرەتتى» بۇ جۈملە باش جۈملىسى ئاخىردا كەلگەن بېقىندىلىق مۇرەككەپ جۈملە.

D. «ئەگەر ھەقىقىي بەختنى بىر تامچە سۈدىن تاپالىساڭ، ھەر ۋاقىت شۇ بىر تامچە بىلەن ياشا. ئوكيانلارنى خىيال قىلما، چۈنكى تامچىدا بەخت بولسا، ئوكيانلاردا تۈنجۇقۇش بار» بۇ پارچىدا جەمئىي بەش ئاددىي جۈملە بولۇپ، بۇ جۈملىلەر ئۆز ئارا باغلىغۇچىلار ئارقىلىق باغلانغان تەڭداش مۇرەككەپ جۈملىنى ھاسىل قىلغان.

*110. مۇرەككەپ جۈملە ھەققىدىكى بايانلاردىن توغرىسى:* ( )

A. «كۆزۈڭ ئاغرىسا، قولۇڭنى تارت: قورسىقىڭ ئاغرىسا، نەپسىڭنى تارت.» دېگەن ماقال تۆزۈلۈشىدىن باغلىغۇچىلارسىز باغلانغان تەڭداش مۇرەككەپ جۈملە.

B. «ئۆيات كىمدە بولسا، سىلىق خۇيلۇق ئول، ناچار ئىشقا ھەرگىز ئۇ سۇنمايدۇ قول» دېگەن مىسرا تۆزۈلۈشىدىن ئارىلاش مۇرەككەپ جۈملە.

C. «قىزلار قۇلۇپقا ئوخشايدۇ، ياخشىلىرى بىرلا ئاچقۇچتا ئېچىلىدۇ، ناچارلىرى ھەرقانداق ئاچقۇچتا ئېچىلىۋېرىدۇ» بۇ پارچىدىكى ئۈچ ئاددىي جۈملە ھەم تەڭداش، ھەم بېقىنىش مۇناسىۋىتىدە باغلىنىپ كەلگەنلىكى ئۈچۈن ئارىلاش مۇرەككەپ جۈملىگە تەۋە.

D. «ئەگەر ھەق سۆزنى دېيىشكە قادىر بولالمىساڭ، ناھەق سۆزگە بولسىمۇ چاۋاك چالما» دېگەن جۈملىدە بىرلا ئوي-پىكىر ئىپادىلەنگەنلىكى ئۈچۈن ئاددىي جۈملە بولىدۇ.

*111. كۆچۈرمە جۈملە ھەققىدىكى بايانلاردىن توغرىسى:* ( )

A. «ئاسـىدەم كەنجـى توغرىسـىدا ‹سـۆيگەن يـارىم سـەن بولسـاڭ، كـۆرگەن كۈنـۈم نـېمە بـولار› دەپ ئـويلايتتى» دېـگەن كۆچـۈرمە جۈملىـدە كۆچـۈرمە جـۈملە ئـاپتور سـۆزىنىڭ ئىككـى تەرىپىدە كەلگەن.

B. «بىز ھېسابلاشنى بىلمەيمىز، ــ دېدى ئاقساقال، ــ بىز يەر ساتقاندا كۈن بويىچە ئۆلچەيمىز» بۇ جۈملىـدە ئـاپتور سۆزى كۆچۈرمە جۈملىنىڭ ئىككى تەرىپىدە كەلگەن.

C. «قەھرىمانىنىڭ ئومۇرتقىسى قاتتىق، خائىنىنىڭ تىزى يۇمشاق» دەپتىكەن بىر پەيلاسوپ. بۇ جۈملىدە كۆچۈرمە جۈملە ئاپتور سۆزىدىن كېيىن كەلگەن.

D. «بەخـت دېـگەن سـۆزنىڭ ھەمىشـە، چۈشـۈپ قالغـان تاۋۇشىدۇرمەن» دېگەن مىسرالارنى يازغانىدى مۇئەللىم.

بۇ ئاپتور سۆزى ئاخىردا كەلگەن كۆچۈرمە جۈملە.

*112. ئۆزلەشـتۈرمە جـۈملە ھەققىـدە ئېيتىلغـانلاردىن توغرىسى:* ( )

A. سـەن كونىلارنىـڭ «ۋەجىگـگە بېقىـپ، خەجىـڭ بولسۇن» دېگەن ھېسابات قائىدىسىنى ئۆگەنمىگەنمۇ؟

بۇ جۈملىنى ئۆزلەشتۈرمە جۈملە دېگىلى بولمايدۇ.

B. «كەنجى مەتيانىڭ دەسسىگەن يېرىگە ئايىغى تېگمەي كەتسىمۇ پۇتلىرىنى يۇيۇپ ياتاتتى» دېگەن جۈملە ئۆزلەشتۈرمە جۈملىگە تەۋە.

C. «مـۇھەببەت ئـازابى تارتمىغـان كىشـىنىڭ ئارخىپىغـا ئىككىلەنمەيلا ‹روھـىي كېسـەل› دەپ يېزىـۋەر» دېـگەن جـۈملە كۆچـۈرمە جۈملىسـى ئوتتۇرىـدا كەلـگەن ئۆزلەشـتۈرمە جـۈملىگە كىرىدۇ.

D. «بىز ئېتىبارسىز قالدۇرۇشنىڭ كىشىلىك ھاياتتىكى ئەڭ رەھىمسىز جازا ئىكەنلىكىنى بىلىۋېلىشىمىز كېرەك» دېگەن ئۆزلەشتۈرمە جۈملىنىڭ ئەسلىدىكى كۆچۈرمە جۈملىسىنى تولۇق، يىغىق، ئىگىسىز جۈملە دېيىشكە بولىدۇ.

*113. كۆچۈرمە جۈملە بىلەن ئۆزلەشتۈرمە جۈملە ھەققىدە ئېيتىلغان ھۆكۈملەرنىڭ توغرىسى: (   )*

A. كۆچۈرمە جۈملىدە ئاپتور باشقىلارنىڭ گەپ ـ سۆزىنىڭ شەكلىنى ئۆزگەرتمەي، مەزمۇنىنى ئۆزگەرتىپ قوللىنىدۇ.

B. كۆچۈرمە جۈملە پەقەت ئاپتور سۆزىنىڭ ئوتتۇرىسىدىلا كېلىدۇ.

C. ئۆزلەشتۈرمە جۈملىلەردە ئاپتور باشقىلارنىڭ گەپ سۆزلىرىنىڭ مەزمۇنىنى ساقلاپ قېلىپ، شەكلىنى ئۆزگەرتىپ قوللىنىدۇ.

D. ئۆزلەشتۈرمە جۈملە يېزىق تىلىدا ئاپتور سۆزىدىن مەلۇم تىنىش بەلگىسى ئارقىلىق ئايرىپ يېزىلىدۇ.

*114. نومۇر قويۇلغان ئورۇنلارغا مۇۋاپىق كېلىدىغان تىنىش بەلگىلەردىن توغرىسى: (   )*

ماقۇل① ئەمىسە سەن بىلەن بىر كۈچ سىنىشىپ باقاي② ③ دېدى ئالۋاستى ئىچىدە④ ⑤ يەر دېگەننى شۇنداق جىق بېرىۋېتەيكى⑥ قانداق قىلىسەنكىن⑦

| | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| ! | ، | ، | — | ، | — | ، | A |
| ؟ | ، | — | ، | — | ، | ، | B |
| ؟ | ، | ، | — | — | ، | . | C |

| | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| ! | ، | — | ، | ، | — | . | D |

*115. نومۇر قويۇلغان ئورۇنلارغا مۇۋاپىق كېلىدىغان تىنىش بەلگىلەردىن توغرىسى:* (   )

پات-پات ئىشىكىم چېكىلسە ئەزرائىل كەلگەن چېغى دەپ① ② تولا ئىشىك قاقماي، كىرىپ ئالىدىغىنىڭنى ئالە ئاداش③ دەيمەن④ ⑤ دەپ گەپنى چاقچاققا ئايلاندۇرۇۋەتكەنىدى زوردۇنكام كۆزئەينىكىنى تۈزەپ قويۇپ⑥

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| ! | — | . | « | » | : | A |
| . | ، | — | . | — | ، | B |
| . | — | ، | « | » | ، | C |
| . | ، | « | ، | » | ، | D |

116. *نومۇر قويۇلغان ئورۇنلارغا مۇۋاپىق كېلىدىغان تىنىش بەلگىلەردىن توغرىسى:* (   )

① ئەمدىغۇ مۇراد-مەقسەتلىرىگە يەتكەنلا ئىمامئاخۇنۇم② ③ غەزەپ بىلەن ۋارقىرىدىم مەن④ ⑤مانا ⑥ بىر ئەمەس⑦ ئۈچ جاننىڭ ئۆتى⑧

| | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| ! | ، | ! | — | ، | — | ! | — | A |
| . | ، | ، | — | . | — | . | — | B |
| ! | ، | ! | — | . | — | . | — | C |
| . | ، | ، | — | . | — | ! | — | D |

*117. نومــۇر قويۇلغــان ئورۇنلارغــا مۇۋاپىــق كېلــىدىغان تىنىش بەلگىلەردىن توغرىسى:* (    )

ــ راسـت ئېيتتىـڭ① بىـز بىـدە ئەمەس② ③ دەپ داۋام قىلدى تۆمۈرخەلپە④ ⑤ بىزنىڭ سۆڭەكلىرىمىز خىلى قاتتىق⑥ بىزنى ئاتا ـ ئانىمىز ئوغۇل دەپ تاپقان⑦ لېكىن شۇنى بىلىپ قېلىڭلاركى بۇ دو كېلىۋاتقان چىرىكلەر ئاز ئەمەس قورال ـ ياراقلىرى خىل⑧ زەمبىرەكلىرىمۇ بار.

| | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| ، | . | . | ، | — | — | ، | ! | A |
| . | . | . | — | ، | — | ، | . | B |
| . | ، | ، | — | ، | — | ، | ، | C |
| . | . | ! | ، | — | . | — | ! | D |

*118. نومــۇر قويۇلغــان ئورۇنلارغــا مۇۋاپىــق كېلــىدىغان تىنىش بەلگىلەردىن توغرىسى:* (    )

بىر كۈنى پادىشاھ ئەپەندىمدىن ①

ــ ئەپەندىم② مەن ئۆلگەندە جەننەتكە كىرىمەنمۇ، دوزاخقىمۇ③ قېنى بىر ئادىل باھا بېرىپ بېقىڭا④ دەپ سوراپتۇ، ئەپەندىم ئەيمەنمەستىنلا :

⑤دوزاققا كىرىدىلا تەقسىر، ــ دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

| ⑤ | ④ | ③ | ② | ① | |
|---|---|---|---|---|---|
| . | ، | .— | ! | — | A |
| — | —. | ؟ | ، | : | B |

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| C | : | . | ؟ | . | — |
| D | — | . | —. | . | . |

*119. تۆۋەندىكى پارچىدا نومۇر بار ئورۇنلارغا قويۇلغان تىنىش بەلگىلەر گۇرۇپپىلىرىدىن توغرىسى:* (　　)

بىرەيلەن بىر پەيلاسوپتىن ①

— قانداق ھادىسە پۈتۈن خەلقنى ئەڭ خۇرسەن قىلالايدۇ ②— دەپ سورىشىپتۇ.

③زالىم پادىشاھنىڭ ئۆلۈمى⑤ ④دەپ جاۋاب بېرىپتۇ پەيلاسوپ.

| | ① | ② | ③ | ④ | ⑤ |
|---|---|---|---|---|---|
| A | — | — | — | : | . |
| B | — | . | ! | — | ؟ |
| C | — | — | . | ؟ | ! |
| D | : | ؟ | — | . | — |

**ئالىي مەكتەپ ئىمتىھان سوئالىنىڭ تەقلىدلىرى**

*120. فونېتىكا توغرىسىدىكى بايانلاردىن توغرىسى:* (　　)

A. «ئاغزىغا كەلگەننى دېيىش نادانىنىڭ ئىشى، ئالدىغا كەلگەننى يېيىش ھايۋاننىڭ ئىشى» دېگەن ماقالدا ئىككى ئورۇندا قوشۇلۇپ قېلىش، ئۈچ ئورۇندا ئاجىزلىشىش، بىر ئورۇندا چۈشۈپ قېلىش ھادىسىسى كۆرۈلگەن. لەۋ ھالىتى جەھەتتىن ماسلىشىش يوق.

B. «بەزىلەر ئالتۇن-كۈمۈش ئالدىدا ئاجىز كېلىپ،

ئېلىپ ـ سېتىشتا ئەرزىگۇدەك بىر نەرسە تاپالماي، ۋىجدان غۇرۇر، دىيانەت، ئىنساب دېگەنلەرنى بۇغداي، قوناققا ئارىلاشتۇرۇپ سېتىۋاتىدۇ» دېگەن جۈملىدە ئىككى سۆز لەۋ ھالىتى جەھەتتىن ماسلاشقان. بىر سۆزدە تىل ئورنى جەھەتتىن ماسلىشىش كۆرۈلمىگەن. بەش سۆزدە ئاجىزلىشىش كۆرۈلگەن، بۇنىڭ ئىچىدە ئىككى سۆزدىكى «ئە» تاۋۇشى «ئې»غا، ئۈچ سۆزدىكى «ئا» تاۋۇشى «ئې»غا ئاجىزلاشقان.

C. «بوينىنى ئەگكەننى دۈشمەن ئات قىلىپ مىنىدۇ» دېگەن جۈملىدە بىر سۆزدە تاۋۇش چۈشۈپ قالغان، بىر سۆزگە ئۇلانغان كېلىش قوشۇمچىسى ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىش قائىدىسىگە خىلاپ ھالدا ئۇلانغان، بۇ تىل ئادىتىمىزگە ئۇيغۇن ئەمەس.

D. «ئاقىدۇ يا ئاقىدۇ. دەريا قايىگە ئاقىدۇ. يۈرەكتىن سۆيگەن يالا، ئەمدى كىمگە باقىدۇ» دېگەن قوشاقتا ئاھاڭ ئېھتىياجى بىلەن بەش سۆزدە ئىملا خاتالىقى كۆرۈلگەن. ئادەتتىكى تىل شارائىتىدا بۇنداق قوللىنىشقا بولمايدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ئىككى سۆزدىكى ئۈزۈك تاۋۇشلاردا جاراڭسىز جەھەتتىن ماسلىشىش كۆرۈلگەن.

*121. فونېتىكا توغرىسىدىكى بايانلاردىن توغرىسى:* ( )

A. «ئازنىڭ كۆزى چاشتا، ئاشنىڭ كۆزى ئاچتا» دېگەن ماقالدىكى ئۈچ سۆزدە «چ» تاۋۇشىنىڭ «ش» تاۋۇشىغا نۆۋەتلىشىش ھادىسىسى كۆرۈلگەن. بىر سۆزنىڭ ئىملاسى خاتا.

B. «دۇنيادىكى ئىلغار مەدەنىيەتنى بىلمەيسەن، دولاننىڭ كونا مۇقامىنى يېڭى دەۋرگە تاڭماقچى بولىسەن. بۇ گۈزەل

باغقا كاۋا تېرىغاندەكلا بىر ئىش!» بۇ جۈملىدە بىر سۆزگە ئۇلانغان كېلىش قوشۇمچىسى ماسلىشىش قائىدىسىگە خىلاپ ھالدا ئۇلانغان. لېكىن بۇ تىل ئادىتىمىزگە ئۇيغۇن. بۇ جۈملىدە يەنە ئىملاسى خاتا سۆزدىن بىرى بار.

C. «ھاياتىڭ دېڭىز سۈيىدەك دولقۇنلاپ تۇرمىسىمۇ، بۇلاق سۈيىچىلىك بولىدۇقلاپ تۇرسۇن، ھەرگىزمۇ كۆل سۈيىدەك تىنچ تۇرمىسۇن» دېگەن بىر جۈملىدە ئوخشاش بىر سۆزدە ئۈچ قېتىم تاۋۇش قوشۇلۇپ قالغان. ئىككى سۆز لەۋ ھالىتى جەھەتتىن ماسلاشقان. ئىككى سۆز تىل ئورنى جەھەتتىن ماسلاشمىغان. ئۈچ سۆزدە ئۈزۈك تاۋۇشلار ماسلاشمىغان.

D. «ئايىقىڭ يوقلۇغىدىن كۆڭلۈڭ يېرىم بولغاندا، باشقىلارنىڭ پۇتىنىڭ يوقلۇقىنى ئويلاپ شۈكرى قىل» دېگەن جۈملىدە ئىككى سۆزدە ئىملا خاتالىقى بار، ئىككى سۆزدە تاۋۇش چۈشۈپ قالغان. بىر ئورۇندا جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇش ماسلىشىپ كەلگەن.

<u>*122. فونېتىكا توغرىسىدىكى بايانلاردىن توغرىسى:*</u> (　　)

A. «ئۆماچ ئىشتىم توق، ئۆرە تۇرسام يوق» دېگەن ماقالدا تىل ئورنى جەھەتتىن ماسلاشمىغان سۆز يوق. لەۋ ھالىتى جەھەتتىن ماسلاشقان، تاۋۇش چۈشۈپ قالغان، قوشۇلۇپ قالغان، ئۆزگىرىشكەن، ئىملاسى خاتا سۆز يوق.

B. «مەن باش - ئاخىرى يوق بۇ بازارغا (سودا) بىلەن ئەمەس، مېھمان بولۇپ قونۇپ ئۆتۈش نىيىتىدە كەلگەن» دېگەن جۈملىدە بىر سۆز تەركىبىدىكى «ئە» تاۋۇشى «ئى» تاۋۇشىغا ئاجىزلاشقان. ئۈچ سۆز لەۋ ھالىتى ھەم تىل ئورنى

جەھەتتىن ماسلىشىپ كەلگەن.

C. «كۆرگەنلا كىشىگە ئىچ سىرىنى تۆكىدىغان ئادەم ئىشىكنى قۇلۇپلاپ، ئاشقۇچنى قۇلۇپقا ئىسىپ قويىدىغان ئەخمەقكە ئوخشايدۇ» دېگەن جۈملىدە بىر سۆزدە «ئا» تاۋۇشى «ئې» تاۋۇشىغا ئاجىزلاشقان، بىر سۆزدىكى «چ» تاۋۇشى «ش» تاۋۇشىغا نۆۋەتلەشكەن، ئۈچ سۆزدە جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇش ئۆز ئارا ماسلىشىپ كەلگەن، ئىملادا مەسىلە يوق.

D. «ۋاپانىڭ مەنىسى تەتۈر ئىكەن سەن ئوقۇغان بابتا، ئەمەس بولسا. ۋاپا قىلسام، جاپا قىلدىڭ» دېگەن مىسرادا بىر سۆزدىكى «پ» تاۋۇشى «ب» تاۋۇشىغا نۆۋەتلەشكەن. تەلەپپۇزدىكى بۇ خىل نۆۋەتلىشىش يېزىقتىمۇ ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ. يەنە بىر سۆزدە تىل ئورنى جەھەتتىن ماسلىشىش كۆرۈلمىگەن، ئاجىزلىشىش، چۈشۈپ قېلىش، قوشۇلۇپ قېلىش ھادىسىسى يوق.

*123. لېكسىكا ھەققىدىكى بايانلاردىن توغرىسى:* (   )

A. «ئۆكۈزنىڭ بېشىغا كەلگەن كۈن موزاينىڭ بېشىغىمۇ كېلەر» دېگەن تەمسىلدىكى «ئۆكۈز»، «موزاي» سۆزلىرى كۆچمە مەنىدە كەلگەن.

B. «ئۆلۈكنى ئىت يېمەس، تىرىكنى پىت» دېگەن جۈملىدە قارىمۇ قارشى مەنىلىك سۆزدىن بىر جۈپ، شەكىلداش سۆزدىن بىر جۈپ بار. مەنىداش سۆز يوق.

C. «ئۆيقۇسى ئۇزۇننىڭ بەختى قىسقا» دېگەن جۈملىدە ئىككى جۈپ قارىمۇ قارشى مەنىلىك سۆز قوللىنىلغان. ھەممە سۆز ئاساسىي لۇغەت تەركىبىگە تەۋە.

D. «ھەركىمگە كۈن ئوخشاش، لېكىن يول باشقا،

ھاياتتا خىلمۇ خىل كۈن كېلەر باشقا» دېگەن مىسرادا شەكىلداش، مەنىداش، قارىمۇ قارشى مەنىلىك سۆزدىن بىردىن بار. كۆچمە مەنىدىكى سۆزلەر يوق.

*124. لېكسىكا ھەققىدىكى بايانلاردىن توغرىسى:* ( )

A. «قاتتىق ياغاچنى يۇمشاق قۇرت يەيدۇ» دېگەن تەمسىلدە ئىككى جۈپ قارىمۇ قارشى مەنىلىك سۆز بار، يەنە ئادەتتىكى لۇغەت تەركىبىمۇ ئۇچرايدۇ.

B. «گەر قۇياشتىن پەرۋەرىش ئالەم يۈزىغە ئام ئىرۇر، سەھرادا قامغاقۇ تىكەن، بوستاندا سەرۋى گۈل بىتۈر» دېگەن مىسرادا مەنىداش سۆزدىن بىر جۈپ، قارىمۇ قارشى مەنىلىك سۆزدىن ئىككى جۈپ قوللىنىلغاندىن سىرت ئادەتتىكى لۇغەت تەركىبىگە تەۋە سۆزدىن بىرى بار.

C. «ئادەم ئابستراكت بەخت ئۈچۈن كونكرېت ئازاب چېكىمىدىغان تەلۋە» دېگەن جۈملىدە ئاساسىي لۇغەت تەركىبىمۇ، ئادەتتىكى لۇغەت تەركىبىمۇ بار. ئاساسىي لۇغەت تەركىبىدە بىر جۈپ، ئادەتتىكى لۇغەت تەركىبىدە بىر جۈپ قارىمۇ قارشى مەنىلىك سۆز بار.

D. «رەقىبىمدەك قارايدۇ كۆلكە، ئاھ! دوستۇمدەك مارايدۇ يىغا» دېگەن مىسرادا قارىمۇ قارشى مەنىلىك سۆزدىن بىر جۈپ، مەنىداش سۆزدىن بىر جۈپ، ئاساسىي لۇغەت تەركىبىدىن بىرى بار.

*125. مورفولوگىيە ھەققىدە تۆۋەندىكىلەردىن توغرىسى:* ( )

A. «بورىچى ھالۋىچى بولسا، كۆزىنى چاپاق باسار» دېگەن تەمسىلدە ھەربىر سۆزدە بىردىن ئەگەشمە مورفېما بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئۈچى ياسىغۇچى، ئۈچى تۈرلىگۈچى قوشۇمچە.

B. «كەنجى ھەر قېتىم ئايلىنىپ كېلىپ، قىزغا قارىغاندا، قىزنىڭ زىلۋا، تال چىۋىقتەك ئەۋرىشىم بەللىرى، ئويناق قارا كۆزلىرى، ھىمىرىلگەن ئوماق لەۋلىرى بۆلەكچىلا گۈزەل ۋە يېقىملىق ئىدى» دېگەن جۈملىدە ئالتە دانە سۈپەت بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە بىرى پېئىلدىن ياسالغان ياسالما سۈپەت. جۈملىدە يەنە ئەگەشمە مورفېمىدىن يارىدەمچى سۆزنىڭ ئۈچىلا تۈرى قوللىنىلغان.

C. «ئاخىرقى پەللىگە ئەڭ يېقىن جاينىڭ مۇساپىسى ئەڭ ئۇزۇن بىلىنىدۇ» دېگەن جۈملىدە دەرىجە رەۋىشىدىن ئىككىسى، ئورۇن رەۋىشىدىن ئۈچى بار، بىر سۈپەت رەۋىشتىن ياسالغان ياسالما سۈپەت.

D. «قەلبىڭدە بوش تۇرسا، 18 مىڭ ئالەم، نېمىشقا سىغمايدۇ تېخى بىر ئادەم» دېگەن مىسرادا ساندىن ئىككىسى بولۇپ، بىرى ئاددىي، بىرى مۇرەككەپ سان، بىر ئىسىم شەخس ھەم كېلىش قوشۇمچىسى بىلەن تۈرلەنگەن، سۈپەت بىلەن رەۋىشتىن بىردىن بار.

*126. مورفولوگىيە ھەققىدە تۆۋەندىكىلەردىن توغرىسى:* ( )

A. «تۆگەڭ نار بولسا، يۈكۈڭ يەردە قالماس» دېگەن تەمسىلدە ئىسىمدىن تۆتى بولۇپ، ئۇلار شەخس ۋە كېلىش قوشۇمچىسى بىلەن تۈرلەنگەن، يەنە ئىسىمداش بىلەن سۈپەتداشتىن ئىبارەت ئىككى شەخسسىز پېئىل بار.

B. «يىللار سېخىي، قۇرۇق كەلمەيدۇ ئەكېلىپ بېرىدۇ، قىزلارغا قورۇق، ئەرلەرگە ساقال» دېگەن مىسرادا سۈپەتتىن ئىككىسى بولۇپ، بىر سۈپەت يەنە بىر ئىسىم بىلەن شەكىلداشلىق مۇناسىۋىتىنى ھاسىل قىلغان. رەۋىشداشتىن

بىرى بار.

C. «سەھۋەنلىك خاتالىقنىڭ ئەركىلەتمە ئىسمى، شۇڭا بىز داۋاملىق خاتالىق سادىر قىلىپ تۇرىمىز» دېگەن جۈملىدە ياسالما ئىسىمدىن ئۈچى، ياسالما سۈپەتتىن بىرى بار. ئەگەشمە مورفېملاردىن ياسىغۇچى ۋە تۈرلەنگۈچىدىن باشقا ياردەمچى سۆزدىن بىرى بار.

D. «نومۇسنى ساتقان بىلەن ئادەم باي بولماس» دېگەن جۈملىدە ياردەمچى سۆزدىن بىرى بولۇپ، ئۇ باغلىغۇچى رولىدا كەلگەن. ئىككى شەخسسىز پېئىلنىڭ بىرى سۈپەتداش بىرى ئىسىمداش.

*127. مورفولوگىيە ھەققىدە تۆۋەندىكىلەردىن توغرىسى:* ( )

A. كۆرگىنىڭدىن كۆپتۇر كۆرمىگىنىڭ، كۆرمىگەننى كۆرىسەن ئۆلمىگىنىڭ» دېگەن ماقالدىكى سۆزلەرنىڭ ھەممىسى پېئىل بولۇپ، بۇ پېئىللار بولۇشلۇق، بولۇشسىز، شەخسلىك، شەخسسىز، ئۈچ زامان، ئۈچ خىل راي قاتارلىق شەكىللەردە كەلگەن. شەخسسىز پېئىللار سۈپەتداشقا تەۋە.

B. «يالغۇزمەن دەپ قايغۇرۇپمۇ يۈرمەيمەن، خۇش پۇراقلىرىدىن ئۆزۈملا ھوزۇرلىنىمەن دەپمۇ تۇرۇۋالمايمەن، ھالبۇكى بۇ پەلسەپىۋى قائىدىلەرنى ئىنسانلار تېخى تولۇق چۈشىنىپ كەتكىنى يوق» بۇ جۈملىدە ئىسىم، سۈپەت، ئالماش، مىقدار، رەۋىش قاتارلىق مۇستەقىل سۆزلەر ۋە باغلىغۇچى بىلەن يۈكلىمىدىن ئىبارەت ياردەمچى سۆزلەر قوللىنىلغان.

C. «گۈزەللەرنى ياخشى كۆرۈش ھەممە ئادەمنىڭ ئالاھىدىلىكى، ئەمما ئۇنىڭغا ئېرىشىش ئازابقا چىدىغۇچىلارنىڭ

ئالاھىدىلىكى» دېگەن جۈملىدە ئۈچ دانە ياسىغۇچى، توققۇز دانە تۈرلەنگۈچى قوشۇمچە ئۇلانغان بولۇپ، ئۈچ سۆزدىكى تۈرلەنگۈچى ئارقىمۇ ئارقا ئۇلانغان. ئىككى سۆزگە ئاۋۋال ياسىغۇچى، ئاندىن تۈرلەنگۈچى ئۇلانغان.

D. «كاشغەرىي ۋەتەنىنىڭ ئابىدە تېشى، مەھمۇد بار، ئۇيغۇرنىڭ مەڭگۈ تىك بېشى» دېگەن مىسرادا ياردەمچى سۆز يوق، ئەمما مۇستەقىل سۆزنىڭ ھەممە تۈرى بار.

*128. مورفولوگىيە ھەققىدە تۆۋەندىكىلەردىن خاتاسى:* ( )

A. «ئۆزۈڭنى بىل، ئۆزگىنى قوي، كۆتۈڭنى قىس، يولۇڭغا ماڭ» دېگەن جۈملىدە ئۆزلۈك ئالماشتىن ئىككىسى، ئىككىنچى شەخس، بولۇشلۇق، بۇيرۇق رايىدىكى پېئىلدىن تۆتى، شەخس ۋە كېلىش بىلەن تۈرلەنگەن ئىسىمدىن ئىككىسى بار.

B. «دۇنيادا ئۆلۈمدىن قورقمايدىغان كىم بار؟ ئەمما بۇ ياۋايىلار ئۆلۈمدىن قورقۇش تۇگۇل ئۆلۈمنىڭ ئۆزىنى قورقىتىدىكەن، ئۇلارغا ئوق ئۆتمەمدۇ نېمە؟» دېگەن جۈملىدە بەش دانە ئالماش بولۇپ، ئىككىسى سوئال، ئىككىسى كۆرسىتىش، بىرى ئۆزلۈك ئالمىشىدۇر. شەخسسىز پېئىلدىن ئىككىسى بولۇپ، بىرى سۈپەتداش، بىرى ئىسىمداش.

C. «ئەخلاقسىز گۈزەل قولۇڭدىكى لازىغا ئوخشايدۇ، ئىچىڭنىڭ ئېچىشىشىغا چىدىساڭ يېگىن» دېگەن جۈملىدە ئىسىم ئورنىدا كەلگەن سۈپەتتىن بىرى، بايان، بۇيرۇق، شەرت رايىدىكى پېئىلدىن بىردىن بار.

D. «بۇ ھايات سىرلانغان چىرايلىق بۆشۈك، ۋە لېكىن ياغىچىنى يەپ كەتكەن قۇرت» دېگەن مىسرادا شەخسلىك

پېئىل يوق، تۆت ئىسىم بولۇپ، ئۇچىگە ھېچقانداق قوشۇمچە ئۇلانمىغان، بىر سۈپەت ئىسىمدىن ياسالغان.

*129. سىنتاكسىس ھەققىدىكى بايانلاردىن توغرىسى:* ( )

A. «يالغۇز ئاتنىڭ چېڭى چىقماس، چېڭى چىقسىمۇ دېڭى چىقماس» دېگەن تەمسىل تۈزۈلۈش جەھەتتىن تەڭداش مۇرەككەپ جۈملە، مەزمۇنىدىن بايان جۈملە.

B. «ئېغىر يۈك كىشىگە ئۆزۈمچىل قىلىق، ئۆزۈمچىل قىلىقتا ئوق ئات، قارشى چىق» دېگەن شېئىرىي پارچە تۈزۈلۈش جەھەتتىن بېقىندىلىق مۇرەككەپ جۈملە بولۇپ، باش جۈملىنىڭ خەۋىرى تەڭداش خەۋەر.

C. «كېيىنكىلەرگە ھەممە ئۇمىدىنى باغلاش — ئاجىزلارنىڭ تەسەللىسى» دېگەن جۈملە تۈزۈلۈش جەھەتتىن ئىگىلىك، تولۇق، يىغىق ئاددىي جۈملە بولۇپ، جۈملىدە بېقىندى باغلىنىشىنىڭ باشقۇرۇش، ياندىش، چىرمىشىش مۇناسىۋىتى بار.

D. «ئامىتىڭ كەلسە ئەگەردە، بىر شاپتۇلۇڭ 10 قاق بولۇر، ئامىتىڭ كەتسە ئەگەردە، ئون شاپتۇلۇڭ بىر قاق بولۇر» دېگەن مىسرا تۈزۈلۈش جەھەتتىن ئىككى دانە بېقىندىلىق مۇرەككەپ جۈملىنىڭ باغلىغۇچىلارسىز تەڭداش باغلىنىشىدىن ھاسىل بولغان ئارىلاش مۇرەككەپ جۈملىدۇر.

*130. سىنتاكسىس ھەققىدىكى بايانلاردىن توغرىسى:* ( )

A. «ئەخمەق كۈندۈزى چىراغ ياقىدۇ، يېغى تۈگىسە، كېچىسى ئايغا باقىدۇ» دېگەن ماقال تۈزۈلۈشىدىن ئارىلاش مۇرەككەپ جۈملە بولۇپ، بىرىنچى جۈملىدە سۈپەت ئىگە، رەۋىش ھالەت، ئىسىم تولدۇرغۇچى، بولۇشلۇق، شەخسلىك

پېئىل خەۋەر ۋەزىپىسىدە كەلگەن.

B. «شىراق رانىۋس چادىنىڭ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېتىشىگە ئىشەنمەيتتى، چۈنكى پوتكۇل كىميانىيان لەشكەرلىرىنىڭ تەقدىرى گويا ئېشەككە چېتىپ قويۇلغان تۆگە كارۋانلىرىنىڭ تەقدىرىگە ئوخشايتتى» دېگەن جۈملە بېقىندىلىق مۇرەككەپ جۈملە بولۇپ، بېقىندى جۈملىدە بەش بۆلەكنىڭ ھەممىسى ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان.

C. «باشقىلارنىڭ كۆز يېشى بەدىلىگە تىرىكلىك ئېتىزىنى ئۇسا قىلىدىغانلارنىڭ ھامان ئۇرۇقى پۇچەك بولۇپ چىقىدۇ» دېگەن جۈملە تۈزۈلۈشىدىن تەڭداش مۇرەككەپ جۈملە، مەزمۇن جەھەتتىن بايان جۈملە بولۇپ، ئىگىسى مۇرەككەپ. خەۋىرى ئاددىي خەۋەر.

D. «دۇتار پەدىسى پەدە، باش پەدە يامان يەردە. ئوينىغىلى قويمامسەن. كۆڭلۈم خالىغان يەردە» دېگەن قوشاقنىڭ بىرىنچى مىسراسى تەڭداش مۇرەككەپ جۈملە، كېيىنكى مىسراسى بېقىندىلىق مۇرەككەپ جۈملە بولۇپ، ئىگىسى يوشۇرۇن كەلگەن.

*131. سىنتاكسىس ھەققىدىكى بايانلاردىن توغرىسى:* ( )

A. «دۆلەت قۇشى قونسا چىۋىن بېشىغا، سۇمۇرغ كېلەر كۈندە ئۇنىڭ قېشىغا» دېگەن تەمسىل تۈزۈلۈشىدىن بېقىندىلىق مۇرەككەپ جۈملە بولۇپ. باش جۈملە تەركىبىدە كېلىشىش مۇناسىۋىتىدىن بىرى، چىرمىشىش مۇناسىۋىتىدىن ئىككىسى بولۇپ، كېلىش قوشۇمچىسى چۈشۈپ قالغان. باشقۇرۇش مۇناسىۋىتىدىنمۇ بىرى بار.

B. «ئەگەر سىلەر خوتۇن - باللىرىمنىڭ ھالىدىن خەۋەر

ئىلىپ قويۇشقا ۋەدە بەرسەڭلار، مەن دارا لەشكەرلىرىنى تەلتۆكۈس گۇمران قىلىپ، ساق، ئوغۇز ۋە باشقا بارلىق قەبىلە-قېرىنداشلىرىمنى، مۇقەددەس ئۇلۇغ تۇپرىقىمنى بالايىئاپەتتىن خالاس قىلىمەن!» دېگەن جۈملە تۈزۈلۈشىدىن ئاربلاش مۇرەككەپ جۈملە بولۇپ، جۈملە تەركىبىدە تەڭداش بۆلەكلەردىن ئىبنىقلىغۇچى بىلەن تولدۇرغۇچى بار.

C. كونىلار: «مايمۇن پادىشاھ بولسا، ئۆز قەۋمىنى دەرەختكە چىقىشقا مەجبۇرلايدۇ» دەپ تولىمۇ توغرا ئېيتقان ئىكەن.

بۇ جۈملە تۈزۈلۈشىدىن ئاددىي جۈملە، مەزمۇنىدىن بايان جۈملە بولۇپ، كېڭەيگەن بۆلەكتىن ھالەت قوللىنىلغان.

D. «ھەممە يەردە ۋاقىت قەھەتچىلىكى بولۇۋاتقان بۇ زاماندا سەندىكى ئېشىپ-تېشىپ تۇرۇۋاتقان ۋاقىتقا ھەيرانمەن، ئەي نادان!» بۇ جۈملىدە جۈملە بۆلەكلىرىنىڭ ھەممە تۈرى بولغاندىن سىرت، جۈملە بىلەن باغلىنىشى يوق سۆزلەردىن قىستۇرما سۆز بىلەن قاراتما سۆز قوللىنىلغان.

*132. سىنتاكسىس ھەققىدىكى بايانلاردىن توغرىسى:* ( )

A. «‹ھەئە› دىن ئوبدان جاۋاب يوق، جىمگەردىن ئوبدان كاۋاپ يوق» دېگەن ماقال تۈزۈلۈشىدىن تەڭداش مۇرەككەپ جۈملە بولۇپ، بۇ جۈملىلەر يىپىنىق، تولۇق، ئىگىسىز ئاددىي جۈملىلەردىن تەشكىل تاپقان بايان جۈملە.

B. «تەما قىلما نادانلاردىن قەدرىڭنى بىلمەس، زۇلمەت ئىچرە يول ئاداشساڭ، يولغا سالماس» دېگەن مىسرا تۈزۈلۈشىدىن ئارىلاش مۇرەككەپ جۈملە بولۇپ، ئىگىسى يوشۇرۇن كەلگەن،بىر سۈپەت ئىسىم ئورنىدا قوللىنىلغان.

C. «كامالەت ئىگىلىرىنى تونۇشمۇ كامالەتكە تاشلانغان خاسىيەتلىك قەدەم، ئەلۋەتتە.» دېگەن جۈملە مەزمۇنىدىن بايان، تۈزۈلۈشىدىن تەڭداش مۇرەككەپ جۈملە بولۇپ، جۈملە تەركىبىدە گىراماتىكىلىق باغلىنىشى يوق سۆزدىن قىستۇرما سۆز قوللىنىلغان. جۈملىدە بېقىندى باغلىنىشنىڭ ھەممە تۈرى بار.

D. «ئۇستازىمىز بىزگە قەلبىمىزدە مۇھەببەت بولسىلا، زىمىمىزدىكى يۈكنىڭ ھەرگىز ئېغىر تۇيۇلمايدىغانلىقىنى ئېيتقان» دېگەن جۈملە بېقىندىلىق مۇرەككەپ جۈملە بولۇپ، باش جۈملىسى ئاخىردا كەلگەن.

*133. تۆۋەندىكى قۇرلاردىكى بوشلۇقلارغا مۇۋاپىق كېلىدىغان تىنىش بەلگىلىرىنى تاللاڭ: ( )*

① شۇنداقمۇ② ③ دېدى ھېلىقى ئايال سوغۇق بىر تەلەپپۇزدا④ ⑤ فىرانسىيەدە⑥ بولۇپمۇ پارىژدا فىرانسۇزچە سۆزلەش تولىمۇ زۆرۈر، بۇ خۇددى لوندون ياكى نيۇيوركتا ئىنگلىزچە سۆزلەش مۇتلەق زۆرۈر بولغاندەكلا بىر ئىش⑦ بۇپتۇ كېيىنكى قېتىم پارىژغا ساياھەتكە كەلگىنىڭلاردا فىرانسۇزچە سۆزلىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن.

| | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| A | — | . | — | — | . | — | . |
| B | — | — | . | . | — | . | . |
| C | — | — | . | — | . | . | ! |
| D | — | . | — | . | — | . | ! |

*134. تۆۋەندىكى قۇرلاردىكى بوشلۇقلارغا مۇۋاپىق كېلىدىغان*

*تىنىش بەلگىلەردىن توغرىسى:* (   )
شائىر روزى سايىت ① ② بىراۋ دېدى تۇخۇمنى تاشقا ئۇرغان نەدە بار③ مەن دېدىمكى، تۇخۇمنىڭ ئاشۇ تاشتا دەردى بار ④ ⑤ دېگەن مىسرالارنى قالدۇرۇپ كەتمىگەنمۇ⑥

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| ؟ | « | . | ؟ | » | : | A |
| ! | — | . | ؟ | — | ، | B |
| ! | « | . | . | » | : | C |
| ؟ | « | . | ؟ | » | ، | D |

## §2. بوش ئورۇننى تولدۇرۇش سوئالى

### تىل ۋە يېزىق

1. تىل ئىنسانلارنىڭ ئەڭ مۇھىم (        ) ۋە (        ) قورالى.
2. ھەرقانداق بىر تىل (        )، (        )، (        ) دىن ئىبارەت ئۈچ تەركىبىي قىسىمدىن تەشكىل تاپقان.
3. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى (        ) ۋە (        ) دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ.
4. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى (        )، (        )، (        ) دەپ ئۈچ چوڭ دىيالېكتقا بۆلۈنگەن.
5. يېزىق تاۋۇشلۇق تىلنى خاتىرىلەيدىغان شەرتلىك (        ).

## فونېتىكا

6. فونېتىكا (        ) توغرىسىدىكى پەن. تىلىمىزدا (        ) تىل تاۋۇشى، (        ) فونېما، (        ) ۋارىيانت بار. ئۇ ۋارىيانتلار (        ) دىن ئىبارەت. (        ) «پ» تاۋۇشىنىڭ، (        ) «ج، ي» تاۋۇشىنىڭ ۋارىيانتى.

7. تىلىمىزدىكى تاۋۇشلار ئۆپكىدىن چىققان ھاۋا ئېقىمىنىڭ تاۋۇش چىقىرىش ئەزالىرىنىڭ توسالغۇسىغا ئۇچراش ياكى ئۇچرىماسلىقىغا قاراپ (        ) ۋە (        ) دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ.

8. سوزۇق تاۋۇشلار تىل ئورنى جەھەتتىن (        )، (        )، (        ) دەپ ئۈچكە. لەۋ ھالىتى جەھەتتىن (        ) ۋە (        ) دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ.

9. تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشلار (        )، تىل ئارا سوزۇق تاۋۇشلار (        )، تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇشلار (        ). لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشلار (        ). لەۋلەشمىگەن سوزۇق تاۋۇشلار (        ).

10. تىلىمىزدا (        ) ئۈزۈك تاۋۇش بولۇپ، تاۋۇش پەردىسىنىڭ تىترەش ياكى تىترىمەسلىكىگە قاراپ (        ) ۋە (        ) دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ.

11. بىرقىسىم سۆزلەر تەركىبىدىكى (        ) تاۋۇشلىرى قوشۇمچە قوشۇلغاندا (        ) تاۋۇشىغا ئاجىزلىشىدۇ.

12. (        ) بوغۇم بىلەن ئاخىرلاشقان بىر قىسىم

كۆپ بوغۇملۇق سۆزلەرگە (        ) قوشۇمچىسى قوشۇلغاندا (        ) تاۋۇشلىرى چۈشۈپ قالىدۇ. (        ) بوغۇم بىلەن ئاخىرلاشقان بىر قىسىم سۆزلەرگە (        ) قوشۇمچىسى ئۇلانغاندا قوشۇمچە ئالدىغا (        )تاۋۇشى قوشۇلۇپ قالىدۇ.

13. «ق، ك، پ» تاۋۇشلىرى بىلەن ئاياغلاشقان سۆزلەرگە قوشۇمچە قوشۇلۇپ تەلەپپۇز قىلىنغاندا بۇ تاۋۇشلار (        ) تاۋۇشىغا نۆۋەتلىشىدۇ، بۇ خىل نۆۋەتلىشىش ئىملادا ئىپادە (        ).

14. تەركىبىدە «چ» تاۋۇشى بولغان بىر قىسىم سۆزلەر تەلەپپۇزدا (        ) تەلەپپۇز قىلىنىسىمۇ، يېزىقتا (        ) بويىچە يېزىلىدۇ.

15. «غ، گ» تاۋۇشى بىلەن ئاياغلاشقان سۆزلەرگە (        ) تاۋۇشى بىلەن باشلانغان قوشۇمچىنى قوشۇپ تەلەپپۇز قىلىش قىيىن بولغانلىقى ئۈچۈن سۆز تەركىبىدىكى (        ) تاۋۇشى ئۆزگەرتىلمەي، قوشۇمچىنىڭ جاراڭسىز شەكلى ئۇلىنىدۇ.

16. «د، ب» تاۋۇشى بىلەن ئاياغلاشقان سۆزلەردە «د،ب» تاۋۇشى (        ) تەلەپپۇز قىلىنىسىمۇ، يېزىقتا ئەسلىي ھالىتى بويىچە يېزىلىدۇ.

17. ئۇيغۇر تىلىدا (        ) تاۋۇشسىز بوغۇم تۈزۈلمەيدۇ. (        ) تاۋۇش بوغۇم مەركىزى ھېسابلىنىدۇ.

18. ئاخىرقى بوغۇمى «چە» بولغان ياكى «چە» قوشۇمچىسى ئۇلىنىپ كەلگەن سۆزلەرگە قوشۇمچە ئۇلاشتا، «چە» بوغۇمىنىڭ ئالدىنقى بوغۇمىدا تىل (        ) سوزۇق تاۋۇش بولسا تىل (        ) سوزۇق تاۋۇشلۇق قوشۇمچە، تىل (        ) سوزۇق تاۋۇش بولسا تىل (        ) سوزۇق تاۋۇشلۇق

قوشۇمچە ئۇلىنىدۇ.

### لېكسىكا

19. لېكسىكا ــ (                ) دېمەكتۇر. بىر تىلدىكى بارلىق سۆزلەرنىڭ يىغىندىسى لېكسىكا ياكى (          ) دەپ ئاتىلىدۇ.

20. لۇغەت تەركىبى(          ) ۋە (          ) لۇغەت تەركىبى دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ.

21. ھەرقانداق بىر سۆز (          )، (          )، (          ) دىن ئىبارەت ئۈچ ئامىلنىڭ بىرىكىشىدىن ھاسىل بولىدۇ.

22. سۆزنىڭ ئەسلىي مەنە ياكى كۆچمە مەنىدە كەلگەنلىكى (          ) دە ئىپادىلەنمەيدۇ. سۆزنىڭ كۆچمە مەنىسى (          ) ئاساسىدا بارلىققا كېلىدۇ. ئەسلىي مەنە بىلەن كۆچمە مەنە ئوتتۇرىسىدا (          ) بار.

23. شەكلى (          )، مەنىلىرى ئوخشاش ياكى يېقىن سۆزلەر (          ) سۆز دەپ ئاتىلىدۇ.

24. يېزىلىشى (          )، مەنىلىرى ئوخشىمايدىغان سۆزلەر (          ) سۆز دەپ ئاتىلىدۇ.

25. تىلىمىزدىكى تۇراقلىق تەركىبلەر (          )، (          )، (          ) دەپ ئۈچكە بۆلۈنىدۇ.

### مورفولوگىيە

26. گىراماتىكا تەتقىقات دائىرىسىگە قاراپ (          ) ۋە (          ) دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ.

27. مورفولوگىيە سۆزلەرنىڭ (          )،

( )، ( )، ( ) توغرىسىدىكى
قائىدىلەرنى تەتقىق قىلىدۇ.

28. تىلىمىزدىكى ئەڭ كىچىك مەنە بىرلىكى ( )
دەپ ئاتىلىدۇ.

29. ئۇيغۇر تىلىدىكى قوشۇمچىلار ( )، ( )، ( )
دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ. ياردەمچى سۆزلەر ( )،
( )، ( ) دەپ ئۈچكە بۆلۈنىدۇ.

30. مۇستەقىل سۆزلەر ( )، ( )،
( )، ( )، ( )، ( )، ( )،
( ) دەپ سەككىزگە بۆلۈنىدۇ.

31. ئىسىملار مەنە دائىرىسىگە قاراپ ( )،
( ) دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ. ئىسىملار ( ) خىل
كېلىش ۋە ( ) خىل شەخستە تۈرلىنىپ كېلىدۇ.

32. سۈپەتلەر( )، ( )، ( )، ( )، ( )،
( ) دەپ بەش دەرىجە بويىچە تۈرلىنىدۇ.

33. سانلار تۈزۈلۈش جەھەتتىن ( ) ۋە ( ) دەپ
ئىككىگە بۆلۈنىدۇ. مەنە جەھەتتىن ( )، ( )،
( )، ( )، ( )، ( )، ( )، ( )
دېگەن تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ.

34. مىقدار كېلىش مەنبەسى جەھەتتىن ( ) ۋە
( ) دەپ ئىككىگە، باشقا سۆزلەر بىلەن بىرىكىش
ئىقتىدارى جەھەتتىن( )، ( ) دەپ
ئىككىگە بۆلۈنىدۇ.

35. ئالماشلار ئاڭلاتقان مەنىلىرىگە ئاساسەن ( )،
( )، ( )، ( )، ( )، ( )، ( )

دېگەن تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ.

36. رەۋىشلەر بىلدۈرگەن مەنىسى ۋە جۈملىدىكى ۋەزىپىسىگە قاراپ ( )، ( )، ( )، ( )، ( ) دەپ بەشكە بۆلۈنىدۇ.

37. تەقلىد سۆزلەر ( )، ( )، ( ) ( ) دەپ ئۈچكە، ئىملىق سۆزلەر ( )، ( )، ( ) دەپ ئۈچكە بۆلۈنىدۇ.

38. پېئىللار راي جەھەتتىن ( )، ( )، ( )، ( ) دەپ ئۈچكە، شەخسسىز پېئىللار ( )، ( )، ( )، ( ) دەپ ئۈچكە بۆلۈنىدۇ.

## سىنتاكسىس

39. جۈملىلەر مەزمۇنى ۋە ئېيتىلىش ئاھاڭى جەھەتتىن ( )، ( )، ( )، ( ) دەپ تۆتكە، تۈزۈلۈش جەھەتتىن ( )، ( )دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ.

40. جۈملىدىكى سۆزلەرنىڭ باغلىنىش يوللىرى ( )، ( ) باغلىنىش دەپ ئىككى خىل بولىدۇ. بېقىندى باغلىنىشتىكى سۆزلەرنىڭ مۇناسىۋىتى ( )، ( )، ( )، ( ) دەپ تۆت خىل بولىدۇ.

41. جۈملە بىلەن گىراماتىكىلىق باغلىنىشى يوق سۆزلەر ( )، ( )، ( )، ( ) دەپ تۆت خىل بولىدۇ.

42. ئاددىي جۈملە تۈزۈلۈش جەھەتتىن ( )، ( )، ( )، ( ).

(                    ) ، (                    ) دەپ ئالتە تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

43. مۇرەككەپ جۈملىلەر گىراماتىكىلىق تۈزۈلۈش جەھەتتىن (              )، (              )، (              ) دەپ ئۈچكە بۆلۈنىدۇ.

44. جۈملىنىڭ كېڭەيگەن بۆلەكلىرى (              )، (              )، (              ) دىن ئىبارەت ئەگەشمە بۆلەك بولۇپ كېلىدۇ.

45. كۆتۈرەڭگۈ ئاھاڭدا ئېيتىلغان بۇيرۇق جۈملىلەردىن كېيىن (      )، سىپايە ئاھاڭدا ئېيتىلغان بۇيرۇق جۈملىلەردىن كېيىن (      ) دىن ئىبارەت تىنىش بەلگىسى قويۇلىدۇ.

## §3. ھۆكۈم قىلىش سوئالى

1. مەلۇم بىر تىلنى قوللانغان جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتى قانچىكى تېز بولسا، تىلنىڭ تەرەققىياتى شۇنچە يۇقىرى بولىدۇ. (      )

2 . تىل كىشىلىك جەمئىيەتنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنىڭ كەم بولسا بولمايدىغان بىر مۇھىم ئاساسىدۇر. (  )

3. تىل ئىنسانلار تۇغۇلۇشىدىنلا مەۋجۇت بولغاچقا تۇراقلىق، مۇقىم بولىدۇ، ئۆزگەرمەيدۇ. (      )

4. يېزىق – تىلنىڭ ئالاقە قورالىنى كېڭەيتىدۇ. تىلنىڭ زامان، ماكان جەھەتتىكى يېتەرسىزلىكىنى تولۇقلايدۇ. (      )

5. تىلنىڭ ئۈچ تەركىبىي قىسىملىرىنىڭ ئۆز ئالدىغا

بېكىتىلگەن ۋەزىپىلىرى بولىدۇ. (    )

6. ئەدەبىي تىل ئەدەبىياتتىلا قوللىنىلىدىغان تىلنى كۆرسىتىدۇ. (    )

7. مۇئەييەن بىر يېزىق مۇئەييەن بىر تىلغا بېقىنىدۇ.(    )

8. بىز تىل ئالاقە جەريانىدا تىلنىڭ ئۈچ تەركىبىي قىسمىدىن تاللاپ پايدىلىنىمىز. (    )

9. تىلنىڭ مەلۇم تەركىبىي قىسمىدىن پايدىلانمايمۇ ئوي-پىكىرنى ئىپادىلىگىلى بولىدۇ. (    )

10. توغرا تەلەپپۇز قائىدىسى ۋە تۇراقلىق ئىبارىلەرنى فونېتىكا قىسمى تەتقىق قىلىدۇ. (    )

11. «خوتەن» دېگەن سۆزنى تىلنىڭ ئۈچ تەركىبىي بويىچە تەتقىق قىلىشقا بولىدۇ. (    )

12. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر يېزىقى چاغاتاي ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى ئۇيغۇر يېزىقىنى كۆرسىتىدۇ. (    )

13. سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىشى سۆز بىلەن قوشۇمچە تەركىبىدىكى سوزۇق تاۋۇشتا كۆرۈلىدۇ. (    )

14. تىل ئارا سوزۇق تاۋۇش«ئې، ئى»لار بىلەنلا تۈزۈلگەن بىر ۋە كۆپ بوغۇملۇق سۆزلەرگە قوشۇمچە ئۇلاشتا شۇ سۆز تەركىبىدە«ك، گ» تاۋۇشىنىڭ بولۇش-بولماسلىقىغا دىققەت قىلىش كېرەك. (    )

15. «ھەممە ئىرادىگە موھتاج» دېگەن جۈملە تەركىبىدىكى سۆزگە قوشۇمچە خاتا ئۇلانغان. (    )

16. سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئاھاڭداشلىقى تىل ئورنى، تىل ئارا ۋە لەۋ ھالىتى جەھەتتىكى ئاھاڭداشلىقتا كۆرۈلىدۇ. (    )

17. ئاخىرى«چە» بىلەن ئاخىرلاشقان سۆزگە قوشۇمچە

ئۇلاشتا «چە» قوشۇمچىسىنىڭ تەركىبىدىكى سوزۇق تاۋۇشقا قاراش كېرەك. (   )

18. ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىملا قائىدىسى تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىش (ئاھاڭداشلىق) قانۇنىيىتىگە ئاساسەن تۈزۈلگەن. (   )

19. ئاخىرقى بوغۇمى «ئا» سوزۇق تاۋۇشىدىن تۈزۈلگەن سۆزلەرگە قوشۇمچە ئۇلاشتا ئالدىنقى بوغۇمدا تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇش بولسا، تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇشلۇق قوشۇمچە ئۇلايمىز. (   )

20. «ئىمزا، ئېتىز، نېگىز، بۇرچ، ئىت، مەشىق» دېگەندەك بىر قىسىم سۆزلەرنىڭ ئىملاسىنىڭ توغرا ياكى خاتالىقىنى ئايرىشتا ئاھاڭداشلىق قائىدىسىگە ئاساسلىنىپ ئايرىشقا بولىدۇ. (   )

21. «يۈرەك، ئۈلگە، ئاتۇش» دېگەن سۆزلەردىكى سوزۇق تاۋۇشلار تىل ئورنى جەھەتتىن ماسلىشىپ كەلگەن. (   )

22. سوزۇق تاۋۇشلاردىكى ماسلىشىش بىر بوغۇملۇق سۆزلەردىمۇ كۆرۈلىدۇ. (   )

23. تىلىمىزدىكى سۆزلەرنىڭ ھەممىسىدە سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىشى بولىۋەرمەيدۇ. (   )

24. كۆپ بوغۇملۇق سۆزلەرنىڭ تەركىبىدىكى سوزۇق تاۋۇشلاردا كۆرۈلىدىغان بۇنداق ماسلىشىش (ئاھاڭداشلىق) سۆزنىڭ ئاخىرقى بوغۇمىدىكى سوزۇق تاۋۇش بىلەن قوشۇمچە تەركىبىدىكى سوزۇق تاۋۇشتا كۆرۈلىدۇ. (   )

25. بارلىق كۆپ بوغۇملۇق سۆزلەر تەركىبىدىكى «ئې، ئۇ، ئۈ» سوزۇق تاۋۇشلىرىنىڭ قوشۇمچە قوشۇلغاندىن كېيىن

چۈشۈپ قېلىشى ناتايىن. (    )

26. كۆپ بوغۇملۇق بەزى سۆزلەرگە قوشۇمچە قوشۇلسا ئاخىرىقى بوغۇمىدىكى «ئا، ئە» تاۋۇشى «ئى» تاۋۇشىغا ئاجىزلىشىدۇ. (    )

27. شەخس قوشۇمچىلىرى قوشۇلغان ئوچۇق، كۆپ بوغۇملۇق سۆزلەردىكى سوزۇق تاۋۇشلار چۈشۈپ قالىدۇ. (    )

28. «بىر هارغانغا گەپ قىلما، بىر ئاچقانغا» دېگەن جۈملىدە ئىككى سۆزدە ئىملا خاتالىقى بار. (    )

29. سۆز ئاخىرىدىكى «د، ب» تاۋۇشلىرى يېزىقتىمۇ «د، ب» يېزىلىدۇ. (    )

30. «كۈشۈلۈك، ساقلىقى، ئۆزۈكلۈك، ئەخماغلىق، ئۆمىگى، ئاللاھىدىلىگىكە، تاغلىغ، باقچە، تەشۋىقاد، هاللىغ جەمئىيەد، كىچىگلىكتە، ئۇسساب، هېساپلىق، تەركىۋى، دىققەدسىزلىك، ئوچۇغىنى، كەسىبداش» دېگەن سۆزلەرنىڭ ھەممىسىدە ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ ئىملاسىغا خىلاپلىق قىلىنغان. (    )

31. «خاتالىغىڭنى تۈزەت، ئەدەبىكە قايىت» دېگەن جۈملىدە ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ ئىملا قائىدىسىگە ئۈچ سۆزدە خىلاپلىق قىلىنغان. (    )

32. ئاخىرى «غ، گ» بىلەن ئاياغلاشقان سۆزلەرگە «ۋ، ك» بىلەن باشلانغان قوشۇمچە ئۇلىنىدۇ. (    )

33. «قوشۇق، باغ» سۆزلىرىگە «غا» قوشۇمچىسى ئۇلىنىپ، «قوشۇقغا، باغغا» قىلىپ يېزىلىدۇ. (    )

34. «ئىتتىپاق» دېگەن سۆزگە ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ ئاھاڭداشلىق قائىدىسىگە ئاساسەن «سىز، لىق، قا»

قوشۇمچىسىنى ياكى «لىق، دىن» قوشۇمچىسىنى قاتار ئۇلاشقا بولىدۇ. (   )

35. تىلىمىزدىكى «نى، لار، لەر، نىڭ» قوشۇمچىلىرى ئۇزۇك تاۋۇشلارنىڭ ئاھاڭداشلىق قانۇنىيىتىگە ماسلاشمايمۇ ئۇلىنىۋېرىدۇ. (   )

36. تىلىمىزدىكى «غان، قان، گەن، كەن، دا، تا، دە، تە، دەك، تەك» قوشۇمچىلىرى مەلۇم سۆز ئاخىرىدىكى ئۇزۇك تاۋۇشقا قاراپ ئاھاڭداشلىقتا ئاساسەن پەرقلىق ئۇلىنىدىغان قوشۇمچىلاردۇر. (   )

37. ئۇزۇك تاۋۇشلارنىڭ ئاھاڭداشلىقى تۈپ سۆزلەردىمۇ كۆرۈلىدۇ. (   )

38. سۆز ئاخىرىدىكى ئۇزۇك تاۋۇشنىڭ جاراڭلىق ياكى جاراڭسىز بولۇشىغا قاراپ قوشۇمچىنىڭ شۇنىڭغا ماس شەكلى ئۇلىنىدۇ. (   )

39. ئۇزۇك تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىشى سۆز ئاخىرىدىكى ئۇزۇك تاۋۇش بىلەن قوشۇمچە بېشىدىكى ئۇزۇك تاۋۇش ئوتتۇرىسىدا بولىدۇ. (   )

40. تىلىمىزدىكى خاس ئىسىملار بىر مەنىلىك سۆز بولالايدۇ.

مەسىلەن: خوتەن ۋىلايەتلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ. (   )

41. تىلىمىزدىكى بىر قىسىم سۆزلەر بىرلا مەنىنى بىلدۈرىدۇ. يەنە بىر قىسىم سۆزلەر بىردىن ئارتۇق مەنىنى بىلدۈرىدۇ. (   )

42. تىلىمىزدىكى كۆپ بوغۇملۇق سۆزلەر كۆپ مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. (   )

43. مەنىلىرى ئوخشاش ياكى بىر-بىرىگە يېقىن كېلىدىغان سۆزلەر كۆپ مەنىلىك سۆز بولالايدۇ. (    )

44. بىر سۆز مەيلى كۆپ ياكى بىر مەنىنى بىلدۈرسۇن ھامان تىلىمىزدىكى لۇغەت تەركىبىگە تەئەللۇق. (    )

45. سۆزنىڭ ئەسلىي مەنە ياكى كۆچمە مەنە ئىكەنلىكىنى جۈملە تەركىبىگە كىرگەندە بەلگىلى بولىدۇ. (    )

46. «سۆز تومۇرى»، «مەسىلىنىڭ يىلتىزى»، «ئەقلىنىڭ تۈۋرۈكى» دېگەن سۆز بىرىكمىلىرىدىكى ئاخىرقى سۆزلەر ئەسلىي مەنىنى بىلدۈرۈپ كەلگەن. (    )

47. «ئوچۇق دەرس، ئوچۇق شەھەر، ئوچۇق چىراي، كۆزى ئوچۇق» دېگەن سۆز بىرىكمىلىرىدىكى «ئوچۇق» سۆزى كۆپ مەنىلىك سۆزدۇر. (    )

48. ماقال-تەمسىل، ئىدىيوملار تەركىبىدىكى سۆزلەر گىراماتىكىلىق باغلىنىش جەھەتتىن تۇراقلىق، شۇڭا ئۇلار تەركىبىدىكى سۆزلەرنىڭ تەرتىپىنى ئالماشتۇرۇشقا، سۆزنى ئۆزگەرتىشكە بولىدۇ. (    )

49. تەمسىل تۇرمۇشتىكى بەزىبىر ھادىسىلەرنى كۆچمە مەنىدە ئىپادىلەيدۇ. (    )

50. ياسىغۇچى قوشۇمچىلار سۆزگە يېڭى مەنە بېغىشلايدۇ، لېكىن تۈرلىگۈچى قوشۇمچىلار ئۇنداق ئەمەس. (    )

51. «نادانلارچە قىزغىنلىق يۈگەنسىز ئاتتۇر» دېگەن جۈملىدە بىر توپ سۆز، ئۈچ ياسالما سۆز بار. بۇ ياسالما سۆزلەردىن بىرىنىڭ تومۇرى ئىسىمدۇر. (    )

52. «ئاچ كۆز نامىنى بۇلغايدۇ، پۇلپەرەس ئەخلاقىنى» دېگەن جۈملە تەركىبىدە بىر بىرىككەن سۆز، تۆت قوشۇمچە بار.

بۇنىڭ ئۈچى تۈرلىگۈچى قوشۇمچە. (     )

53. ئىسىملارغا سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچە قوشۇلۇپ ياسالسا، ياسالما ئىسىم دېيىشكە بولمايدۇ، تومۇرى باشقا سۆز تۈركۈمى بولۇشى كېرەك. (     )

54. «خوتەن — قەدىمىي شەھەر» دېگەن جۈملىدە ئىسىمدىن ئىككىسى بولۇپ، بىرى خاس، يەنە بىرى ئومۇمىي ئىسىم. (     )

55. «بىلىمسىزلىك — خۇراپاتلىقنىڭ ئانىسى» دېگەن جۈملىدە ئۈچ ئىسىم بولۇپ، ئىككىسى ياسالما، بىرى تۈپ ئىسىم. (     )

56. «تىلى تاتلىق ئادەمنىڭ دوستلىرى كۆپ بولىدۇ» دېگەن جۈملىدە ئۈچ تۈپ ئىسىم، بىر سۈپەت بار. بۇ ياسالما سۈپەتتۇر. (     )

57. «ئاسما سائەت، پۈكلىمە كارىۋات» دېگەنلەردىكى «ما، مە» قوشۇمچىسى سۈپەت ياسىغان. بۇ ياسالما سۈپەت بولىدۇ. (     )

58. «ساغلام بەدەن ئالتۇن تاجدىن قىممەتلىك» دېگەن جۈملىدىكى سۈپەت تۈپ سۈپەت. (     )

59. «كىشى ياخشىلىقتا قىلغۇر ياخشىلىق، بىرىگە ئون ھەسسە قايتۇرماق ئېنىق» دېگەن جۈملىدە ھەر ئىككىلا جۈملىنىڭ خەۋىرى سۈپەت. ئالدىنقىسىنىڭ ياسالما سۈپەت، كېيىنكى جۈملىنىڭ تۈپ سۈپەت. (     )

60. سۈپەتلەر جۈملىدە ئاساسەن ئېنىقلىغۇچى بولىدۇ، پېئىلغا باغلانسا ھالەت ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدۇ. (     )

61. پېئىللار (شەخسلىك پېئىللار) جۈملىدە خەۋەردىن

باشقا ۋەزىپىلەرنىمۇ ئۆتەپ كېلىدۇ. (   )

62. «جىمىق، تولۇق، ئوقۇ» دېگەنلەر ياسالما پېئىللارغا كىرىدۇ. (   )

63. پېئىللاردا بار گىراماتىكىلىق شەكىللەر باشقا سۆز تۈركۈمىگە ئۆتمەيدۇ. (   )

64. «كۆپىنچە دۈشمەنلىك شېرىن دوست ھالىتىدە ئىپادىلىنىدۇ» دېگەن جۈملىدىكى پېئىل بولۇشلۇق، بۇيرۇق راي شەكلىدە كەلگەن. (   )

65. «ئاتىنى تار كوچىدا قامچىلىسا پۇتى سۇنىدۇ» دېگەن جۈملىدىكى بىر پېئىل شەرت رايى، كېلىدىغان زامان بولۇشلۇق شەكلىدە، يەنە بىر پېئىل خەۋەر رايى، كېلىدىغان زامان بولۇشلۇق شەكلىدە كەلگەن. (   )

66. خەۋەر رايىدىكى پېئىللاردا بولۇشلۇق، بولۇشسىز، زامان شەكلى بىرلا ۋاقىتتا مەۋجۇت بولىدۇ. (   )

67. «ماگىزىندا رەختلەر بېسىلىپ قېلىۋاتىدۇ، كوچىدا خانىم-قىزلار يالىڭاچ قېلىۋاتىدۇ» دېگەن جۈملىدىكى شەخسلىك پېئىللار خەۋەر رايى، ئېنىق دەرىجىدە، ھازىرقى زامان بولۇشلۇق شەكلىدە كەلگەن تۈپ پېئىلدۇر. (   )

68. «ئادەم قانچە كۆپ قىزىقسا، شۇنچە كۆپ ئوقۇيدۇ، قانچە كۆپ ئوقۇسا شۇنچە كۆپ بىلىدۇ، قانچە كۆپ بىلسە، ياشىنىقى شۇنچە قىيىنلىشىدۇ» دېگەن جۈملىدە پېئىلدىن ئالتىسى بار، بۇنىڭ ئۈچى شەرت رايىدا، ئۈچى خەۋەر رايى، كېلىدىغان زامان، بولۇشلۇق شەكلىدە كەلگەن. (   )

69. بايان جۈملىنىڭ خەۋىرى پەقەت پېئىلدىنلا تۈزۈلىدۇ. (   )

جۈملىنىڭ تەركىبىدە ھەم ئىملىق سۆز، ھەم قاراتما سۆز كەلگەن. (     )

90. قىستۇرما سۆزلەر جۈملىنىڭ بېشىدا كەلسە، ئۇنىڭ كەينىگە ئۇندەش بەلگىسى قويۇلىدۇ. (     )

91. ئىزاھلىغۇچى سۆز جۈملە بۆلەكلىرىنىڭ ھەممىنى ئىزاھلايدۇ. (     )

92. يىغىق ئاددىي جۈملە باش بۆلەك بىلەن ئەگەشمە بۆلەكتىنلا تۈزۈلىدۇ. (     )

93. ئىگىسىز جۈملە ئىگىسى ئېيتىلمىغان ياكى يوشۇرۇن كەلگەن جۈملىدۇر. (     )

94. تولۇقسىز ئاددىي جۈملىلەر بەدىئىي ئەسەرلەردە، ئېغىز تىلى ۋە يېزىق تىلىمىزدىكى دىيالوگلاردا كۆپ قوللىنىلىدۇ. (     )

95. مۇرەككەپ جۈملە تەركىبىدىكى ئاددىي جۈملىلەرنىڭ ئۆز ئالدىغا ئايرىم ئىگىسى بولۇشىمۇ مۇمكىن، ياكى بىر ئىگە بىر قانچە ئاددىي جۈملىگە ئورتاق بولۇشىمۇ مۇمكىن. (     )

96. «بىز شۇنى ئەستىن چىقارماسلىقىمىز لازىمكى، شادلىق بىلەن قايغۇ ھەر ۋاقىت بىرگە يۈرىدۇ» دېگەن جۈملىنىڭ باش جۈملىسى ئالدىدا كەلگەن. (     )

97. ئارىلاش مۇرەككەپ جۈملە تەركىبىدە كەم دېگەندە ئۈچ ئاددىي جۈملە بولىدۇ. (     )

98. تەڭداش مۇرەككەپ جۈملە تەركىبىدىكى ئاددىي جۈملىلەر ھەم باغلىغۇچىلار ئارقىلىق، ھەم باغلىغۇچىلارسىز باغلىنىپ كېلىدۇ. (     )

99. «پەسكەش ماختانغىنى بىلەن بۈيۈك بولماس»

دېگەن جۈملە باغلىغۇچى ئارقىلىق باغلانغان تەڭداش مۇرەككەپ جۈملە. (   )

100. كۆچۈرمە جۈملە بەزىدە ئاپتور سۆزىنىڭ ئىككى تەرىپىدە كېلىدۇ. (   )

## §4. مەشىق، كۆنۈكمە ئىشلەش سوئالى

1. ئابدۇرېشىت ئابدۇۋېلى ياپون تىلىنى ئانا تىلغا ئوخشاش پىششىق ۋە ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئۆگىنىش بىلەن بىللە ئىنگلىز تىلىنى قېتىرقىنىپ ئۆگەندى ھەمدە يۇقىرىقى سەۋىيەگە، يەنى ئۆگىنىش ۋە تەتقىقاتتىن باشقا ۋاقىتلىرىدا ياپون ئوقۇغۇچىلارغا ئىنگلىز تىلىدىن دەرس ئۆتۈش سەۋىيەسىگە يېتىپ، چەت ئەللىكلەرنى ھەيران قالدۇردى. شۇنداقلا رۇس تىلى سەۋىيەسىمۇ ھەممىنى قايىل قىلاتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ تىنىمسىز تىرىشچانلىقى بىلەن ئاخىرى خەلقئارا ماتېماتىكا مۇنبىرىدە ئۇيغۇر ئوغۇل-قىزلىرىنىڭ يۈكسەك ئەقىل-پاراسىتىنى نامايان قىلدى.

1) يۇقىرىقى پارچىدىكى تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشلاردىن تۈزۈلگەن سۆزلەر:

2) تىل ئارا سوزۇق تاۋۇشلاردىن تۈزۈلگەن سۆزلەر:

3) تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇشلاردىن تۈزۈلگەن سۆزلەر:

4) لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشلۇق سۆزلەر:

5) لەۋلەشمىگەن سوزۇق تاۋۇشلۇق سۆزلەر:

2. تاياقتەك ئورۇق، ئېگىز، قۇش بۇرۇن، سېرىق سىم ساقال، كۆك كۆز كەلگەن توختى ھېيت بىز بىلەن مۇلايىم كۆرۈشۈپ، سۆيىدىمۇ ئولتۇرماستىن قارا يەرگە يۈكۈنۈپ، قول باغلاپ ئولتۇردى.
1) يۇقىرىقى پارچىدىكى ئۈزۈك تاۋۇشلىرى جاراڭلىق جەھەتتىن ماسلاشقان سۆزلەر:

2) ئۈزۈك تاۋۇشلىرى جاراڭسىز جەھەتتىن ماسلاشقان سۆزلەر:

3. «دوستىن يامانلىغان ئەقىلىنىڭ يوقلۇغى، تاماختىن يامانلىغان قوساقنىڭ توقلۇغى» دېگەن ماقالدا تەلەپپۇزدىكى فونېتىكىلىق ئۆزگىرىش يېزىقتا ساقلىنىپ قالغان سۆزلەر:

4. «ئېغىزىدا كۈلكە چاخچاق، قوينىدا پالتا ـ پىچاق» دېگەن تۇراقلىق تەركىبتە فونېتىكىلىق ئۆزگىرىش يۈز بەرگەن سۆز:

5. «ئۆزۈڭگە تېگىشلىكنى ئۆزۈڭ ئامىساڭ، ئۇنى ساڭا ھېشكىم بەرمەيدۇ» دېگەن جۈملىدىكى ئىملاسى خاتا سۆزلەرنى تېپىڭ ھەمدە تۈزىتىڭ.

6. ئوغلۇم، زېھنىڭنى يىغىپ، ۋاقتىڭنى قەدىرلەپ ئىرىشىپ ئۆگەنسەڭلا، ئارزۇيۇڭغا چوقۇم يېتەلەيسەن.

يۇقىرىقى جۈملىدىكى تاۋۇش چۈشۈپ قالغان سۆزلەرنى تېپىڭ.

7. نېمىنى دېيىش نېمىنى دېمەسلىكنى، نېمىنى يېيىش نېمىنى يېمەسلىكنى ئەقلى ئويغاق كىشىلەر ئېنىق بىلەلەيدۇ.

يۇقىرىقى جۈملىدىكى تاۋۇش قوشۇلۇپ قېلىش ئەھۋالى كۆرۈلگەن سۆزلەر:

8. تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ ئىملاسىغا ھۆكۈم قىلىڭ، خاتاسىنى تۈزىتىڭ.

مەخسەت (　　　)، ئۆختۈرۈش (　　　)، قۇشقاچ (　　　)، ساشقان (　　　)، گۇلۋاغ (　　　)، ئەھەتۋاقى (　　　)، ئۇمىتۋار (　　　)، كىتاپپۇرۇش (　　　)، ئاشكۆز (　　　)، يورەگلىك (　　　)، ئۆگۈنۈش (　　　)، قۇلۇقىم (　　　)، ئاشقۇچ (　　　)، تەكلىۋى (　　　)، مەكتىۋىمىز (　　　)، پىچىقىڭ (　　　)، ئۇرۇغ ـ تۇققان (　　　)، ئىجاتكار (　　　)، قوزغۇلۇش (　　　)، لايىھە (　　　)، مازغاپ (　　　)، كەشكىچە (　　　)، باغقا (　　　)، چىگكەن (　　　)، قوشىغى (　　　)، ئاتاغلىق (　　　)، تۈزسىز (　　　)، ھېشنېمە (　　　)، مەممۇ

(      )، ئۆيىپتە (      )، سىيا (      )، دوس (      )، راس (      )، راستۇق (      )، ساخچى (      )، ئەۋلات (      )، ئۆشمەنلىك (      )، قەلىپداش (      )، ئىدارىلارغا (      )، تۇزۇتۇش (      )، پۇتلۇرۇم (      )،

9. يىگىلا ئۇچۇرۇم بولدۇڭ. بالام، ئامان ـ ئىسەن ياشاي دېسەڭ، ھەرۋاقىت ھوشيار بول. ئادەملەرنى بىلىسەنغۇ. دۇنيادا ئۇنىڭدىن ۋەھشىي يىرتقۇچ مەخلۇق يوق. ئۇنىڭ قولىدىكى مىلتىق دېگەن نەرسىگە پەخەس بول. ئادەملەر ئۇنى ساڭا تەڭلەپ بولغۇچە ئۇچۇپ كەت.

1) يۇقىرىقى پارچىدا تىل ئورنى جەھەتتىن ماسلىشىش كۆرۈلمىگەن سۆزلەر:

2) تاۋۇش ئاجىزلاشقان سۆزلەر:

10. «مەن يازلىق تەتىلدە ئۇرۇق ـ تۇغقانلار بىلەن تاغقا سایاھەتكە چىقىپ كاۋاپقا، باغقا مېۋە ئۈزگىلى كىرىپ ساۋابقا ئېرىشتىم» دېگەن جۈملىلەردە ئۇزۇك تاۋۇشلارنىڭ ئاھاڭداشلىق قائىدىسىگە خىلاپ، لېكىن تىل ئادىتىمىزگە ئۇيغۇن ھالدا قوشۇمچە قوشۇلغان سۆزلەر:

11. تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى پەرقلەندۈرۈڭ ھەم

جۈملە ئارقىلىق كۆرسىتىڭ.

| | | | |
|---|---|---|---|
| تېز- | تىز- | كېرىش- | كىرىش- |
| سىلىق- | سېلىق- | ئورۇش- | ئۆرۈش- |
| تەتقىق- | تەدبىق- | چىن- | چىڭ- |

12. ئۇيغۇر لەشكەرلىرىنىڭ ھەممىسى ئۇستا چەۋەنداز، ئۇلار ئات ئۈستىدە تۇرۇپ، ئالدىغا قانچىلىك زەرب بىلەن قىلىچ ئۇرغان بولسا، ئىككى يانغىمۇ، ئارقىسىغىمۇ شۇنچىلىك چاققان قىلىچ ئۇرىدۇ.

بۇ جۈملىدىكى ئادەتتىكى لۇغەت تەركىبىگە كىرىدىغان سۆزلەر:

13. يەرلىك شېۋە سۆزلۈكىدىن ئوننى، كونىراپ ئېھتىياجدىن قالغان سۆزدىن ئوننى يېزىڭ.

14. تۆۋەندىكى سۆزلەرنى شەكىلداش قىلىپ جۈملە تۈزۈڭ.

| | |
|---|---|
| يەر: | يەر: |
| يار: | يار: |
| تاماق: | تاماق: |
| قازان: | قازان: |
| تال: | تال: |

| | |
|---|---|
| قۇر: | قۇر |
| چاچ: | چاچ: |
| چەك: | چەك: |
| تاش: | تاش: |
| كۆل: | كۆل: |
| راك: | راك: |
| كەچ: | كەچ: |
| قىل: | قىل: |
| باق: | باق: |
| ئۆچ: | ئۆچ: |
| تىل: | تىل: |
| قارا: | قارا: |
| ئاق: | ئاق: |
| سال: | سال: |
| تاڭ: | تاڭ: |
| تىك: | تىك: |
| يات: | يات: |
| چاقماق: | چاقماق: |
| ئاچ: | ئاچ: |
| كىر: | كىر: |
| ....... | |

15. تۆۋەندىكى سۆزلەرنى ئەسلىي ۋە كۆچمە مەنىدە قوللىنىپ جۈملە تۈزۈڭ.

| | |
|---|---|
| قىل: | قىل: |
| بۇلاق: | بۇلاق: |
| ئاچقۇچ: | ئاچقۇچ: |
| يول: | يول: |
| ئىشىك: | ئىشىك |
| چاپان: | چاپان: |
| باھار: | باھار: |
| مېۋە: | مېۋە: |
| باغۋەن: | باغۋەن: |
| ....... | |

16. تۆۋەندىكى تۇراقلىق تەركىبلەرنى تۈرگە ئايرىڭ.

ھەقىقەتنىڭ تورمۇزى يوق، ئەمما غالىبلارنىڭ ئالدىدا توختايدۇ. (          )

ئەتىكى قۇيرۇقتىن بۈگۈنكى ئۆپكە ئەلا. (          )

بىلمەسلىك ئەيىب ئەمەس، تىرىشماسلىق ئەيىپ. (          )

ئارلاشقان ئادىمىڭگە قاراپ، پەزىلىتىڭنىڭ يېرىمىنى بىلگىلى بولىدۇ. (          )

دوپپىسىغا جىگدە سالماق (          )

جېدەلنى باشلىغان لاپچى، ئۇسسۇلنى باشلىغان داپچى. (          )

دەرەخ غولىدىن سۇنماس، شېخىدىن سۇنار. (          )

گۈل ئۈزەلىگەنلەر بەختلىك ئەمەس، گۈل ئۆندۈرەلىگەنلەر بەختلىك. (          )

ھۆل قىشقا دەسسەتمەك. (          )

ھۆرمەت قىلساڭ چوڭغا، ئىشىڭ تارتار ئوڭغا. (          )

26. پېئىل توغرىسىدا تۆۋەندىكى تەلەپلەرنى ئورۇنلاڭ.

1) تۆۋەندىكى پېئىللارنى شەخسسىز شەكىللەر بويىچە تولۇق تۈرلەپ، جۈملىدە كەلتۈرۈڭ.

ئۆگەن — ئوقۇ —

ئوينا — تۇر —

ماڭ — كەل —

2) تۆۋەندىكى پېئىللارنى بىر جۈملىدە مۇستەقىل، بىر جۈملىدە ياردەمچى پېئىل قىلىپ جۈملە تۈزۈڭ

قال — تۇر —

چال — باق —

يەت — سال —

3) تۆۋەندىكى پېئىللارنى ئۈچ زامان، بىرلىك، كۆپلۈك بويىچە تۈرلەڭ.

كۈت-، چىق-، ياز-، سانا-، قوزغال-، ئولتۇر-، كۆر-، تاپ-

4) پېئىل ياسىغۇچى قوشۇمچىلاردىن پايدىلىنىپ ئون دانە پېئىل ياساڭ.

5) پېئىللارنى ھەر خىل ۋەزىپىدە كەلتۈرۈپ، بەش جۈملە تۈزۈڭ. كەم دېگەندە ئىككى پېئىل بولۇشىمىز، بىر پېئىل شەخسلىك بولسۇن.

6) تۆۋەندىكى پېئىللارنى ئۈچ شەخس، بۇيرۇق رايىدا تۈرلەپ جۈملە تۈزۈڭ.
سۆزلە ـ، تۈزەت ـ، ئويلا ـ، ياشا ـ، زوقلان ـ.

27. تەقلىد سۆزنىڭ ھەربىر تۈرىگە ئىككىدىن جۈملە تۈزۈڭ ۋە جۈملىدىكى ۋەزىپىسىنى ئېيتىپ بېرىڭ.

28. ئىملىق سۆزنىڭ ھەربىر تۈرىگە ئىككىدىن جۈملە تۈزۈڭ.

29. 1) تەركىبىدە باغلىغۇچى، ئىبرگەلمە، يۈكلىمىنىڭ ھەربىرىدىن بىردىن قوللىنىپ، بىر جۈملىدە كەلتۈرۈڭ. (ئوخشاش تەلەپ بويىچە ئۈچ جۈملە تۈزۈڭ)

2) تۆۋەندىكى سۆزلەرنى بىر جۈملىدە مۇستەقىل سۆز، بىر جۈملىدە ياردەمچى سۆز رولىدا كەلتۈرۈپ جۈملە تۈزۈڭ.

دە ـ ، كۆرە ـ ، تارتىپ ـ ، باشلىق ـ ، قارىغاندا ـ

30. تۆۋەندىكى جۈملىلەرنىڭ سۆز تۈركۈمى ۋە جۈملە بۆلەكلىرىنى ئېيتىپ بېرىڭ.

سەن ئەركىنلىكنى ئەل ئارىسىدىن ئىزدە.

سۆز تۈركۈمى (  ) (  ) (  ) (  ) (  )

جۈملە بۆلىكى (  ) (  ) (  ) (  ) (  )

ھاكاۋۇرلۇق ئۆزىنىڭ بىلىمسىزلىكىنى يوشۇرىدىغان نىقابتۇر.

سۆز تۈركۈمى (  ) (  ) (  ) (  ) (  ) (  )

جۈملە بۆلىكى (  ) (  ) (  ) (  ) (  ) (  ) (  )

31. تۆۋەندىكى تەلەپ بويىچە جۈملە تۈزۈڭ.

1) ئىپنىقلىغۇچى ـ ئىگە ـ تولدۇرغۇچى ـ ھالەت ـ خەۋەر

2) ھالەت ـ ئىپنىقلىغۇچى ـ ئىگە ـ تولدۇرغۇچى ـ خەۋەر

3) ئىسىمنى قاراتما سۆز، ئالماشنى ئىگە، سۈپەتنى تولدۇرغۇچى، پېئىلنى خەۋەر قىلىپ ئىككى جۈملە تۈزۈڭ.

4) ئىسىمنى ئىگە، سان ـ مىقدارنى ئېنىقلىغۇچى، ئىسىمنى تولدۇرغۇچى، رەۋىشنى ھالەت، پېئىلنى خەۋەر قىلىپ ئىككى جۈملە تۈزۈڭ.

5) تەقلىد سۆزنى ئېنىقلىغۇچى، ئىسىمنى ئىگە، رەۋىش ھالەت، سۈپەتنى خەۋەر قىلىپ ئىككى جۈملە تۈزۈڭ.

32. جۈملىنىڭ مەزمۇن تۈرلىرى توغرىسىدىكى تەلەپلەرنى ئورۇنلاڭ.

1) «دان» مورفېمىسىنى سۆز تومۇرى ۋە ياسىغۇچى قوشۇمچە رولىدا كەلتۈرۈڭ. ياسالغان سۆزنى تولدۇرغۇچى قىلىپ، بۇيرۇق جۈملە تۈزۈڭ.

2) «دار» مورفېمىسىنى سۆز تومۇرى ۋە ياسىغۇچى قوشۇمچە رولىدا كەلتۈرۈڭ. ياسالغان سۆزنى ئېنىقلىغۇچى قىلىپ، ئۈندەش جۈملە تۈزۈڭ.

3) «زار» مورفېمىسىنى سۆز تومۇرى ۋە ياسىغۇچى

قوشۇمچە رولىدا كەلتۈرۈڭ. ياسالغان سۆزنى قاراتما سۆز رولىدا كەلتۈرۈپ، سوئال جۈملىدىن بىرنى تۈزۈڭ.

4) «غار» مورفېمىسىنى سۆز تومۇرى ۋە ياسىغۇچى قوشۇمچە رولىدا كەلتۈرۈڭ. ياسالغان سۆزنى خەۋەر رولىدا كەلتۈرۈپ، بايان جۈملىدىن بىرنى تۈزۈڭ.

33. جۈملىنىڭ تۈزۈلۈش تۈرلىرى توغرىسىدىكى تەلەپلەرنى ئورۇنلاڭ.

1) «-چان» قوشۇمچىسىدىن ياسالغان بىر سۈپەتنى ئىسىم رولىدا كەلتۈرۈپ، تەڭداش مۇرەككەپ جۈملىدىن بىرنى تۈزۈڭ.

2) «-چەك» قوشۇمچىسىدىن پايدىلىنىپ بىر ياسالما سۆز ياساڭ. بۇ سۆزنى قوللىنىپ تۈزگەن جۈملىڭىز ئوخشىتىش قوللىنىلغان بېقىندىلىق مۇرەككەپ جۈملە بولسۇن. باش جۈملىسىنى بېشىدا كەلتۈرۈشنى ئۇنتۇماڭ.

3) ئىككى بېقىندىلىق مۇرەككەپ جۈملە ئۆزئارا تەڭداش باغلانغان ئارىلاش مۇرەككەپ جۈملىدىن ئىككىنى تۈزۈڭ. بىرىدە بېقىندى باغلىنىشىنىڭ كەم دېگەندە ئۈچ خىل

مۇناسىۋىتى بولسۇن، بىرىدە تەڭداش باغلىنىشتىكى قۇرۇلمىلار بولۇشى كېرەك، ئەلۋەتتە.

34. 1) تەبىئەت ھۆكمىدە ھامان ئۆلۈم بار،
ئۆلگۈم يوق تۆشەكتە، كاڭدا، دالىدا.
خالايمەن شەرەپلىك ئۆلۈمنى ھامان،
بور تۇتۇپ سىنىپتا، دوسكا ئالدىدا.

يۇقىرىقى شېئىردىكى تەڭداش باغلىنىشتا كەلگەن قۇرۇلمىلار ۋە بېقىندى باغلىنىشتىكى ھەر خىل مۇناسىۋەتلەرنى كۆرسىتىڭ.

2) «بۇلبۇلمۇ يا تورغاي يوقلىغان مېنى، بىۋاپا ئالەمدە ھەممىسى چاغلىق» دېگەن مىسرادىكى سۆزلەرنىڭ باغلىنىش مۇناسىۋىتىنى تەھلىل قىلىڭ.

35. كۆچۈرمە جۈملە ۋە ئۆزلەشتۈرمە جۈملە توغرىسىدىكى تەلەپلەرنى ئورۇنلاڭ.

1) ياسىغۇچى قوشۇمچە تەكرار ئۇلانغان سۆز بولغان، ئاپتور سۆزى بېشىدا كۆچۈرمە جۈملىدىن بىرنى تۈزۈڭ.

2) تۇرلىگۈچى قوشۇمچە تەكرار ئۇلانغان سۆز بولغان، كۆچۈرمە جۈملىسى بېشىدا كەلگەن كۆچۈرمە جۈملىدىن بىرنى تۈزۈڭ.

3) ياسىغۇچى ھەم تۇرلىگۈچى قوشۇمچە تەكرار ئۇلانغان سۆز بولغان، ئاپتور سۆزى كۆچۈرمە جۈملىنىڭ ئىككى تەرىپىدە كەلگەن كۆچۈرمە جۈملىدىن بىرنى تۈزۈڭ.

4) مېنى ۋەدىگە ئەمەل قىلمىدىڭ دەمسىنا! مەن ئۆز خەلقىم، ئانا ۋەتىنىم ئالدىدا قىلغان ۋەدەمگە ئەمەل قىلدىم...!

يۇقىرىقى جۈملىنى كۆچۈرمە جۈملىسى ئاپتور سۆزىنىڭ ئىككى تەرىپىدە كەلگەن شەكىلدىكى كۆچۈرمە جۈملىگە ئايلاندۇرۇڭ. تىنىش بەلگىلىرى توغرا قويۇلسۇن.

5) خەلقىمىزدە: «پۇتۇڭنىڭ توغرىلىقىغا قارىما، يولۇڭنىڭ توغرىلىقىغا قارا» دېگەن ماقال بار.

يۇقىرىقى كۆچۈرمە جۈملىنى ئۆزلەشتۈرمە جۈملىگە

ئايلاندۇرۇڭ.

6) ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز قورسىقىمىز ئاغرىمىسا، تاۋۇز يېيىشتىن قورقمىساقمۇ بولىدىغانلىقىنى ئېيتقان.
يۇقىرىقى ئۆزلەشتۈرمە جۈملىنى ئاپتور سۆزى ئىككى تەرەپتە كەلگەن كۆچۈرمە جۈملىگە ئايلاندۇرۇڭ.

36. جۈملىنىڭ تەڭداش بۆلەكلىرى توغرىسىدىكى تەلەپلەرنى ئورۇنلاڭ.
1) ئىسىم تەڭداش ئىگە بولغان بېقىندىلىق مۇرەككەپ جۈملىدىن بىرنى تۈزۈڭ، بېقىندى جۈملىسى بېشىدا كەلسۇن.

2) سۈپەت تەڭداش ئېنىقلىغۇچى بولغان، باغلىغۇچىلارسىز باغلانغان تەڭداش مۇرەككەپ جۈملىدىن بىرنى تۈزۈڭ.

3) رەۋىش تەڭداش تولدۇرغۇچى بولغان ئارىلاش مۇرەككەپ جۈملىدىن بىرنى تۈزۈڭ.

4) پېئىل سۆز تۈركۈمى تەڭداش خەۋەر بولغان

بىقىندىلىق مۇرەككەپ جۈملىدىن بىرنى تۈزۈڭ.

5) ئىسىم تەڭداش ھالەت بولغان، باغلىغۇچىلار ئارقىلىق باغلانغان تەڭداش مۇرەككەپ جۈملىدىن بىرنى تۈزۈڭ.

37. ئاددىي جۈملىنىڭ تۈرلىرى توغرىسىدىكى تەلەپلەرنى ئورۇنلاڭ.

1) ئىگىسىمۇ، خەۋىرىمۇ ئالماش سۆز تۈركۈمىدىن بولغان يىغىق ئاددىي جۈملىدىن ئۈچنى تۈزۈڭ.

2) ئەگەشمە بۆلەكلىرى تولۇق بولغان يېيىق ئاددىي جۈملىدىن بىرنى تۈزۈڭ. تەركىبىدە ياسالما سۆز بولسۇن.

3) ئىگىسى يوشۇرۇن كەلگەن ئىگىلىك ئاددىي جۈملىدىن بىرنى تۈزۈڭ. خەۋىرى بۇيرۇق رايدىكى پېئىل بولسۇن.

4) ئىگىسىز ئاددىي جۈملىدىن ئۈچنى تۈزۈڭ.

5) بىر پارچە دىيالوگ يېزىڭ. بۇ دىيالوگدا جۈملىنىڭ ھەر خىل بۆلەكلىرىنىڭ تولۇق ئىپتىلماسلىقىنى گەۋدىلەندۈرۈڭ.

38. جۈملىنىڭ كېڭەيگەن بۆلەكلىرى توغرىسىدىكى تەلەپلەرنى ئورۇنلاڭ.

1) كېڭەيگەن بۆلەك ئېنىقلىغۇچى بولغان جۈملىدىن بىرنى تۈزۈڭ، تەركىبىدە سۈپەتداش قوللىنىلسۇن.

2) كېڭەيگەن بۆلەك تولدۇرغۇچى بولغان جۈملىدىن بىرنى تۈزۈڭ، تەركىبىدە ئىسىمداش قوللىنىلسۇن.

3) كېڭەيگەن بۆلەك ھالەت بولغان جۈملىدىن بىرنى تۈزۈڭ، تەركىبىدە رەۋىشداش قوللىنىلسۇن.

39. جۈملە بىلەن گىراممانىكىلىق باغلىنىشى يوق سۆزلەر ھەققىدىكى تەلەپلەرنى ئورۇنلاڭ.

1) تەركىبىدە قاراتما سۆز بولغان، باش جۈملىسى ئاخىرىدا كەلگەن بېقىندىلىق مۇرەككەپ جۈملىدىن بىرنى تۈزۈڭ.

2) تەركىبىدە قىستۇرما سۆز بولغان، باغلىغۇچىلار ئارقىلىق باغلانغان تەڭداش مۇرەككەپ جۈملىدىن بىرنى تۈزۈڭ.

3) تەركىبىدە ئىملىق سۆز بولغان ئارىلاش مۇرەككەپ جۈملىدىن بىرنى تۈزۈڭ.

4) ئىزاھلىغۇچى سۆز قوللىنىلغان بەش جۈملە تۈزۈڭ، ھەر بىر جۈملىدە بىر بۆلەك ئىزاھلانسۇن.

40. تۆۋەندىكى شەكىلداش مورفېمىلارنى جۈملىدە كۆرسىتىڭ.

1) «ا، ە» مورفېمىسىنى يۈكلىمە ۋە ياسىغۇچى قوشۇمچى رولىدا كەلتۈرۈڭ.

2) «ما» مورفېمىسىنى تۈرلىگۈچى ۋە ياسىغۇچى قوشۇمچە رولىدا كەلتۈرۈڭ.

3) «گە، كە» مورفېمىسىنى تۈرلىگۈچى ۋە ياسىغۇچى قوشۇمچە رولىدا كەلتۈرۈڭ.

4) «م، ىم» مورفېمىسىنى تۈرلىگۈچى ۋە ياسىغۇچى قوشۇمچە رولىدا كەلتۈرۈڭ.

5) «چان، يان، كار، خور، كەش، ساز، قۇر، كۆز، بەت، لاپ، خان، ماس، قاچ، كەچ، قاق» قاتارلىق مورفېمىلارنى ئايرىم-ئايرىم باش ۋە ئەگەشمە مورفېما رولىدا كەلتۈرۈڭ.

## تاللاش سوئاللىرىنىڭ پايدىلىنىش جاۋابلىرى

| | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1 | 2 | 3 | 4 | 5 | 6 | 7 | 8 | 9 | 10 |
| A | C | B | D | B | D | A | C | C | C |
| 11 | 12 | 13 | 14 | 15 | 16 | 17 | 18 | 19 | 20 |
| A | B | D | C | D | B | C | A | D | A |
| 21 | 22 | 23 | 24 | 25 | 26 | 27 | 28 | 29 | 30 |
| D | A | C | A | B | D | C | C | B | B |
| 31 | 32 | 33 | 34 | 35 | 36 | 37 | 38 | 39 | 40 |
| B | C | D | A | A | C | D | B | C | A |
| 41 | 42 | 43 | 44 | 45 | 46 | 47 | 48 | 49 | 50 |
| B | D | A | C | B | C | A | B | B | B |
| 51 | 52 | 53 | 54 | 55 | 56 | 57 | 58 | 59 | 60 |
| A | D | B | C | C | A | D | B | A | B |
| 61 | 62 | 63 | 64 | 65 | 66 | 67 | 68 | 69 | 70 |
| D | B | A | C | D | B | C | A | C | B |
| 71 | 72 | 73 | 74 | 75 | 76 | 77 | 78 | 79 | 80 |
| D | D | C | D | A | C | A | B | D | B |
| 81 | 82 | 83 | 84 | 85 | 86 | 87 | 88 | 89 | 90 |
| A | A | D | A | B | C | A | A | B | D |
| 91 | 92 | 93 | 94 | 95 | 96 | 97 | 98 | 99 | 100 |
| C | A | D | A | D | B | C | B | D | C |
| 101 | 102 | 103 | 104 | 105 | 106 | 107 | 108 | 109 | 110 |

| | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| D | B | B | C | C | C | C | A | C | B |
| 111 | 112 | 113 | 114 | 115 | 116 | 117 | 118 | 119 | 120 |
| D | A | C | B | C | A | C | C | D | B |
| 121 | 122 | 123 | 124 | 125 | 126 | 127 | 128 | 129 | 130 |
| D | B | A | C | D | C | B | A | D | A |
| 131 | 132 | 133 | 134 | | | | | | |
| C | B | D | A | | | | | | |

## ھۆكۈم قىلىش سوئالىنىڭ پايدىلىنىش جاۋابلىرى

| | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1 | 2 | 3 | 4 | 5 | 6 | 7 | 8 | 9 | 10 |
| √ | √ | × | √ | √ | × | √ | × | × | × |
| 11 | 12 | 13 | 14 | 15 | 16 | 17 | 18 | 19 | 20 |
| √ | × | × | √ | × | × | × | √ | × | √ |
| 21 | 22 | 23 | 24 | 25 | 26 | 27 | 28 | 29 | 30 |
| √ | × | √ | × | √ | √ | × | × | √ | √ |
| 31 | 32 | 33 | 34 | 35 | 36 | 37 | 38 | 39 | 40 |
| × | × | × | × | √ | √ | × | √ | √ | √ |
| 41 | 42 | 43 | 44 | 45 | 46 | 47 | 48 | 49 | 50 |
| √ | × | × | √ | √ | × | √ | × | √ | √ |
| 51 | 52 | 53 | 54 | 55 | 56 | 57 | 58 | 59 | 60 |
| √ | × | × | √ | √ | × | √ | × | × | √ |
| 61 | 62 | 63 | 64 | 65 | 66 | 67 | 68 | 69 | 70 |

| | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| × | × | √ | × | √ | × | √ | × | × | √ |
| 71 | 72 | 73 | 74 | 75 | 76 | 77 | 78 | 79 | 80 |
| √ | × | √ | √ | × | × | × | √ | √ | × |
| 81 | 82 | 83 | 84 | 85 | 86 | 87 | 88 | 89 | 90 |
| √ | √ | √ | √ | √ | × | × | √ | √ | × |
| 91 | 92 | 93 | 94 | 95 | 96 | 97 | 98 | 99 | 100 |
| √ | × | × | √ | √ | √ | √ | √ | × | √ |

## پايدىلانغان مەنبەلەر

① شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى2000 ـ يىلى نەشر قىلغان توققۇز يىللىق مەجبۇرىيەت مائارىپى بويىچە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپلەر ئۈچۈن دەرسلىك «ئۇيغۇر تىلى» 1 ـ ،2 ـ ،3 ـ قىسىم؛

**تۈزگۈچىلەر:** رەھمەتجان ئىمىن، ئابدۇلېتىپ تاشپولات

② شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى2008 ـ يىلى نەشر قىلغان ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ دەرس ئۆلچىمى تەجرىبە دەرسلىكى «تىل ـ ئەدەبىيات» 1 ـ ،2 ـ ،3 ـ ،4 ـ ،5 ـ قىسىم؛

**تۈزگۈچىلەر:** تۇنىياز ئىلىياس، پەرھات ئىلىياس، تەلئەت قادىرى، كامىل رەھىم، ئابدۇقەييۇم توختىھاجى، مۇقارىپ يەھيا، ياسىن نىياز، ئابدۇبەسىر شۇكۇرى، ھېسامىدىن ئۆمەر

③ شىنجاڭ پەن ـ تېخنىكا نەشرىياتى2007 ـ يىلى نەشر قىلغان ئوتتۇرا مەكتەپ تەجرىبە دەرسلىكى ئاساس بىلىملىرى «تىل ـ ئەدەبىيات»

**تۈزگۈچىلەر:** ھامۇتجان ھېكىم، خالىدە بەكرى

④ شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى 2006 ـ يىلى نەشر قىلغان

# ئۇيغۇرتىلى گىراماتىكىسى

تۈزگۈچى: ئەخمەتتوختى مۇھەممەت


پىلانلىغۇچى: پاسئان كىتابچىلىقى
مەسئۇل مۇھەررىرى: خاسىيەت ئىبراھىم
مەسئۇل كوررېكتورى: چولپان تۇرسۇن
نەشر قىلغۇچى: شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى بۇلاقبېشى كوچىسى 196 ـ قورۇ
پوچتا نومۇرى: 830001
تور ئادرېسى: http://www.xjpsp.com
باسقۇچى: شىنجاڭ خوڭتۇ مەتبەئەچىلىك چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى
تارقاتقۇچى: شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى
نەشرى: 2015 ـ يىلى 9 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
بېسىلىشى: 2015 ـ يىلى 9 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
فورماتى: 1230 X 880 م م 1/32 فورمات
باسما تاۋىقى: 12.5
كىتاب نومۇرى: ISBN 978-7-5372-6230-9
تىراژى: 1 — 5000
باھاسى: 35.00 يۈەن

تارقىتىش بۆلۈمى تېلېفون نومۇرى: (0991) 2823055

«ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئىملا ۋە تەلەپپۇزى ھەققىدە ئۆلچەملىك سوئال - جاۋابلار»

**تۈزگۈچىلەر:** مەمەت ئېلى، ھېمىت ئەزىز، ئەنۋەر ئەخمەت، ھامۇتجان ھېكىم

⑤ قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1998 - يىلى نەشر قىلغان «ئۇيغۇر تىلى» (ئوتتۇرا مەكتەپلەر ئۈچۈن ئومۇمىي تەكرار)

**تۈزگۈچى:** ھېسامىدىن ئۆمەر

⑥ قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 2003 - يىلى نەشر قىلغان تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئۈچۈن «ئۇيغۇر تىلى بىلىملىرى ۋە مەشىقلىرى»

**تۈزگۈچىلەر:** كېرىمجان ئابدۇرېھىم، مۇستاپا مۇھەممەت، ياقۇپجان ياسىن، مىرئەخمەت تۇرسۇن، ئابلىمىت ئۆمەر...قاتارلىقلار.

⑦ مۇناسىۋەتلىك تور بەتلەر